
شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتتە باھالانغان ئىجتىمائىي پەن تورىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

首 届 新 疆 社 科 优 秀 期 刊

ISSN1008 — 6498



XINJIANG CIVILIZATION XINJIANG CIVILIZATION XINJIANG CIVILIZATION XINJIANG CIVILIZATION

3

2001

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

# 新疆文化

ISSN 1008-6498
05>
9 771008 649003

medeniyet@163. net medeniyet@163. net medeniyet@163. net



شائر تاھىر تالىپ

ئادىلجان ئابدۇقادىر فوتوسى

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(50-يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2001-يىل 3-سان
(ئومۇمىي249-سان)



ژۇرنال تەھرىر ھەيئىتى

مۇدىر:
شۇخۇاتيەن
زۇنۇن قۇتلۇق

مۇئاۋىن مۇدىرلار:
ئابلىجان ھېيت
لۇشىنخۇا
خەن زىيۇڭ

ھەيئەت ئەزالىرى:
مايىڭشىڭ
يۈفېڭ
جۇجۇفاڭ
ھاۋاقىز باھاۋۇدۇن
لى يىڭمىن
بەي جيەنياۋ
جىن مىن
قۇربان مامۇت
ياڭ فېڭ
فەن ياۋجيڭ
جاڭ تىڭبى
رىسالەت مۇھەممەت


شۇئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق

## بۇ سانىدا

### مەخسۇس خەۋەر


سوتسىيالىستىك ئىدىيە - مەدەنىيەت بازىسىنى كۈچەيتىش كېرەك ...... ئىسمائىل تىلىۋالدى 2


### سادا


ئانا دەريانى ئىزدەپ ......(زىيارەت خاتىرىسى) ...... خالىدە ئىسرائىل 3


### يېڭى ئەسىردىكى كىرىزىس


يېڭى ئەسىرنىڭ كۈچلۈكلىرى كىم؟ ...... ئابدۇرېھىم دۆلەت 21
مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن يېڭى ئەسىرگە نەزەر ...... خې خۇمىشۇ 26
جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى ئۈچ چوڭ بۇلغىنىش ...... گۇلۇڭ 31


### ئەدەبىيات گۈلزارى


ئەخلاقنىڭ ۋاقتى ئۆتتىمۇ؟ ...... ئابدۇرېھىم دۆلەت 36
غەلىتە ئۆزگىرىش ......(ھېكايە) ...... ئادىل يىلدىرىم 40
ئۇلانما تەسەۋۋۇر - مۈشۈك......(« ») ...... نۇرمۇھەممەت توختى 47
خىزىر قاچقان چەش......(ھېكايە) ...... يۈسۈپجان ساۋۇت 52


### مەدەنىيەت - سەنئەت گېزىتى


مەدەنىيەت - سەنئەت ئۇچۇرلىرى ...... رىسالەت مۇھەممەت قاتارلىقلار 55


### تەرەققىيات ۋە بىز


خۇراپاتقا بىر سوئال ...... ئابدۇقادىر جالالىدىن 59
زامانىۋى خۇراپاتلىق ۋە ئۇنىڭ ئالامەتلىرى ...... ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي 63


### ئوقۇرمەنلەردىن خەت


چىڭغىز ئايتماتوفقا ئوچۇق خەت ...... ئابدۇرېھىم ئابلەت 74


### ساغلام تەندە ساپ ئەقىل


ئېلان ۋە ساغلاملىق ...... ئابدۇغوپۇر مۇھەممىدى 79


مۇقاۋىدا: سادا(ماي بوياق رەسىم)رەسسام :ئابدۇشۈكۈر كېرىم .
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت


باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت    مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: رىسالەت مۇھەممەت

مەخسۇس خەۋەر




## ئىسمائىل تىلىۋالدى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئېچىلغان ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئىشلىرىدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش يىغىنىدا مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: سوتسىيالىستىك ئىدىيە - مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئىشلىرىدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش يىغىنى 26-ئاپرېل چۈشتىن بۇرۇن ئاقسۇدا ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت ئورۇنلىرى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىدىيە - مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى كېرەك.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەتتىمىن زاكىر ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، مەدەنىيەت نازارىتى، رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست ، شەھەرلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە مەسئۇللىرى ھەم مەدەنىيەت تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتناشتى.

ئىسمائىل تىلىۋالدى مۇنداق دېدى: ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت تارماقلىرى ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە ۋە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي مېلودىيىنى داۋاملىق ياڭرىتىپ، «مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يارىتىش» تىن ئىبارەت مەركىزىي ھالقىنى زىچ چۆرىدەپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىغا سوۋغا تەقدىم قىلىشتىن ئىبارەت بۇ نۇقتىلىق ۋەزىپىنى ياخشى ئىشلىشى، پۈتكۈل ئاما بىرنىيەتتە پارتىيىگە ئەگىشىپ ماڭىدىغان، ھەممە بىردەك تەرەققىياتقا ئىنتىلىدىغان ياخشى كەيپىياتنى تىرىشىپ يارىتىپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا يېڭى دولقۇن قوزغىشى كېرەك. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: شىنجاڭ كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان چېگرا رايون، بۇ يەردە ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىقنى ساقلاش بارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنىڭ تۈپ كاپالىتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىچكى-تاشقى جەھەتتىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ۋە دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ ئەكسىيەتچىل تەشۋىقاتى بىر ئاز كۈچىيىپ قالدى، ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ۋاستىلىرىمۇ ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلەشتى. ئۇلار دىن ۋە ئاتالمىش ئىلمىي ئالاقە، ئەدەبىيات-سەنئەت تەشۋىقاتى، رادىئو-تېلېۋىزىيە، ئۈن-سىن بۇيۇملىرى ۋە كومپيۇتېر تورى قاتارلىق تەشۋىقات ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى تارقىتىۋاتىدۇ. بۇنداق مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە بىز چوقۇم كاللىمىزنى سەگەك تۇتۇشىمىز ۋە سىياسىي جەھەتتە يۈكسەك سەزگۈر بولۇشىمىز، بۇ كۈرەشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى، مۇرەككەپلىكى ۋە ئۆتكۈرلۈكىنى تولۇق تونۇپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەپ، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ۋە ئىدىيە - مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ كادىرلار ۋە ئاممىنى چىرىتىشىنى توسۇشىمىز ۋە توختىتىشىمىز كېرەك.

**- گاۋيەنمىڭ**



# ئانا دەريانى ئىزدەپ . . .

(زىيارەت خاتىرىسى)

**خالدە ئىسرائىل**

## 1

هەر قېتىم ۋەتەن خەرىتىسىگە نەزەر تاشلىغىنىمدا، ئانا دەريا تارىمنىڭ ئەگرى-بۈگرى ئېقىنلىرىغا قاراپ چوڭقۇر خىياللارغا چۆكۈمەن. گويا خەرىتىدىكى تۈرلۈك رەڭ، سىزىقلار بىردىنلا جانلىنىپ، كۆز ئالدىمغا تەكلىماكان قۇملۇقىنى ئوراپ تۇرغان تەڭرىتاغ، قاراقۇرۇم، پامىر تاغلىرىنىڭ بەس-بەستە كۆككە بوي سوزغان قارلىق چوققىلىرى ، يېقىنقى، ھازىرقى زامان مۇزلۇقلىرى ۋە مەڭگۈلۈك قار جۇغلانمىلىرى بىلەن قاپلانغان خەتەرلىك جىلغا-جىراللىرى، قۇياش نۇرىدا ئېرىپ، ئاستا ھورلىنىپ، قار-مۇزلار ئارىسىدىن، تارام-تاراملاردىن شىرىلداپ يىغىلىپ،

سادا

جىلغا-جىرالارنى زىلزىلىگە سېلىپ ئاقىدىغان زور شاش ئېقىنلار كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. ئەنە، تارىم ۋادىسىنىڭ شىمالىدا كۆككە تاقاشقان ھەيۋەتلىك تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىن باشلىنىپ، ئايىغى تەگكەنلىكى يەرنى گۈللەندۈرۈپ، تارىم ئويمانلىقىغا قاراپ ئاققان توشقان دەرياسى بىلەن كونىمالىق دەرياسى، غەربتە پامىر، قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن باشلىنىپ، بىرمۇنچە قەدىمىي مەدەنىيەتلەرنى بەرپا قىلىپ، تارىم ئويمانلىقىغا قاراپ سوزۇلغان قەشقەر، يەكەن دەريالىرى، قاراقۇرۇم تاغلىرىنى مەنبە قىلغان، قۇملۇق باغرىدا زۇمرەتتەك يېشىل بوستانلىقلارنى ۋە ھۈنەر-سەنئەتنىڭ نادىر ئۈلگىلىرىنى تەۋەللۇت قىلىپ تېخىمۇ چاڭقاق چۆلگە - تارىم ئويمانلىقىغا سوزۇلغان خوتەن، قاراقاش دەريالىرى، بۇ دەريالارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن «تارىم دەرياسى» دەپ ئاتىلىپ بىرلىككە كەلگەن زور قوشۇندەك ھەيۋەت بىلەن ئۆركەش ياساپ، «ئۆلۈك دېڭىز» دا ھاياتلىق بەلبېغى، ھاياتلىق زېمىنى، ھاياتلىق ئۈمىدى بولۇپ چاقناپ، قاغجىرىغان زېمىن ۋە ھاياتلىقنى قاندۇرۇپ، ئاخىرى قۇملۇق باغرىدىكى مۆجىزىلىك كۆلگە ئايلانغان ئانا دەريا. . .

خەرىتىنى يانتۇ قىلىپ تىكلىۋېدىم، خەرىتىنى ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن ئەگرى-بۈگرى سىزىق خۇددى يېشى ئالەمگە تەڭ خاسىيەتلىك دەرەخكە، ئۇنى ھاسىل قىلغان ئىنچىكە ھاۋارەڭ سىزىقلار ئۇنىڭ يەرنىڭ تومۇر-تومۇرلىرىغا غۇلاچ يايغان يىلتىزلىرىغا ئوخشاپ قالدى. ئۇنداقتا لوپنۇر كۆلىچۇ؟ ئۇ خۇددى پورەكلەپ ئېچىلغان ، مىليون يىللاپ بەرق ئۇرۇپ تۇرۇدىغان گۈزەللىكى ئەقىللەرنى لال قىلىدىغان كرىستال گۈل! ئاھ، كرىستال گۈل. . .

ئۇ قېنى؟ بۈگۈنكى كۈندە ئۇ قەيەرگە كەتتى؟ ئۇ قاچانلاردا ھەم قانداقلارچە ئۆتمۈشكە، قاچاندۇر بىر چاغلاردا كۆرگەن غۇۋا چۈشكە، ئەسلىمىگە ئايلىنىپ قالدى؟ «خاسىيەتلىك دەرەخ»نىڭ ئۇچى نېمە ئۈچۈن چاقماق سوقۇۋەتكەندەك كۆيۈپ كۆتمەكلىشىپ قالدى؟ ئۇنىڭ ئوق يىلتىزى نېمە ئۈچۈن كېسىپ تاشلاندى؟

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن تارتىپ تارىم دەرياسىنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەر ھېچكىمگە سىر ئەمەس. ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى بارغانسېرى قىسقىراپ، ئېقىنى تارىيىپ، سۇ تەركىبىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقانلىقى، ئەتراپىدىكى يېشىل كارىدور ۋە يېپيېشىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقى ، بۇ ھالنىڭ تارىم ۋادىسىنىڭ شىنجاڭنىڭ، ھەتتا دۇنيانىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقىغا ، مۇھىتىغا كەلتۈرۈۋاتقان تەھدىتى بۈگۈنكى كۈندە مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىۋاتقان مۇھىم مەسىلە بوپقالدى. شۇڭا، ھاۋايدا چىقىدىغان گېزىتلەرگە: تەكلىماكاننىڭ قۇمى ئاتلانتىك ئوكياندىن ئۆتۈپ ھاۋايىغىمۇ يېتىپ كەلدى، دەپ يېزىلغىنىغا كىشىلەر ئانچە ئەجەبلىنىپ كېتىشمىدى. بەزى ئالىملار: مۇشۇ پېتى كېتىۋەرسە، ئۇزاققا قالماي تارىم دەرياسى مەۋجۇد بولماي قالىدۇ، دەپ يەكۈن چىقىرىشتى.

راستىنلا شۇنداق بولارمۇ؟ 1972-يىلى ئامېرىكا ئالىملىرى سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق تارتقان سۈرەتلەردىن لوپنۇر كۆلىنىڭ ئورنىدا قۇلاق شەكىللىك كۆكۈش ئىز قالغانلىقىنى بايقاپ، لوپنۇر كۆلىنىڭ يەرشارىدىن يوقالغانلىقىنى جاكارلىغانىدى. بىز دۇنياغا مەشھۇر لوپنۇر كۆلىنى ئەنە شۇنداق قۇرۇتۇۋېتىپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك قاراپ ئولتۇردۇق. ئۇزاققا بارماي يەنە بىركىملەر تارىم دەرياسىنىڭمۇ قۇرۇپ كەتكەنلىكىنى جاكارلارمۇ؟ ئۇمۇ رىۋايەتكە ئايلىنىپ كېتەرمۇ؟

ئىنسان ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ مۇشۇ زېمىندا ياشىغان، تەڭرىتاغ، پامىر، قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ كۆكسىدىن سىرغىغان ئوغۇز سۈتىنى ئىچىپ، شۇنىڭغا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئەۋلادىغا، ئاشۇ خەلق ئۆز قوينىدا تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن قەلەم ئىگىسىگە خاس مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ، بالىنىڭ ئانىغا بولغان مۇھەببىتىگە ئوخشاش بىرخىل مۇھەببەت ئۇزاقتىن بېرى مېنى تەشۋىشكە ۋە ھاياجانغا سېلىپ كەلگەنىدى. ھەرقېتىم ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدىن تارىم دەرياسى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى ئوقۇغان، كۆرگەن ۋاقىتلىرىمدا قەلبىم ئانا دەرياغا تەلپۈنەتتى. تىپتىنچ كېچىلەردە مەن ئۇنىڭ يىراقتىن كەلگەن ساداسىنى، دەرد-ئەلىمىنى، سەن مېنىڭ ئۆز پەرزەنتىم ئىدىڭغۇ؟ سەن نەدە؟ دېگەن چاقىرىق، ئىلتىجالىرىنى ئاڭلىغاندەك بولاتتىم. ئاخىرى 2000-يىلىنىڭ باھار پەسلى ئاخىرلىشىۋاتقان كۈنلەردە مەن ئانا دەريانى ئىزدەپ سەپەرگە ئاتلاندىم. ئاددىيغىنە سەپەر سومكامدا بىرنەچچە قۇر كىيىم بىلەن گېزىت-ژۇرناللاردىن كېسىۋالغان مۇناسىۋەتلىك خەۋەر-ماقالىلار ۋە بىر ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى بار ئىدى.

مەن ياتاقلىق ئاپتوبۇسنىڭ تار كارىۋىتىدا كىرلىشىپ كەتكەن يوتقان - كۆرپىلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، دېرىزە سىرتىدىن ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كېتىۋاتقان چۆل مەنزىرىسىگە قاراپ چوڭقۇر خىيالغا غەرق بولدۇم. بالىلىق چاغلىرىمدىن تارتىپ بىرۋاقىتلاردىكى قويۇق يۇلغۇنلار، ئوت-چۆپلەر قۇرۇپ تاقىرلىشىپ كېتىۋاتقان بۇ يوللاردا، مۇشۇنداق ئاپتوبۇسلاردا تالاي ماڭغانمەن. بۇ تۈگىمەس چۆل، ئېغىر سۈكۈنات ئاستىدىكى دېڭىزغا ئوخشاش بىپايان، سېھىرلىق دالا، سەل نېرىدا كۆكۈش مانان ئىچىدە قاتار قاتلىشىپ ياتقان تاغلار مېنى دائىم يېڭىدىن يېڭى ھاياجانغىلا ۋە شۇنداق بىپايان، شۇنداق سېھىرلىك خىياللارغا غەرق قىلىدۇ. بۇ يەردىكى ئاندا-ساندا يامغۇر ياغقان چاغلاردا كۆكىرىپ، بولمىسا قۇرۇپ قالىدىغان ھەرتۈپ ئاجىز گىياھ، ھەربىر تال تاش گويا ئۇزاق تارىخنىڭ، تارىختىنمۇ كۆپ

ئىلگىرىكى ئاجايىپ دەۋرلەرنىڭ شاھىدىدەك تۇيۇلىدۇ.

بۇنىڭدىن تەخمىنەن 200 مىليون يىل ئىلگىرى بۇ زېمىن، بۇ دالا راستىنلا پايانسىز دېڭىز ئىدى. جەنۇبتا ھىندى ئوكيانىغا، غەربتە ئەرەب دېڭىزىغا تۇتاشقان بۇ دېڭىزنىڭ ئاسمىنىدا بۇلۇتلار قېتىپ قالغاندەك ئېسىلىپ تۇرمايتتى، بەلكى سۇدەك ئاقاتتى. ئۇنىڭ ھۆل-يېغىنلىق قىرغاقلىرىدىكى ئىپتىدائىي ئىسسىق بەلباغ ئورمانلىقلىرىدا دۇنيادىكى ئەڭ زور دىنوزاۋورلار ياشايتتى. بۇ دېڭىز تالاي يىللار، ئەسىرلەر ئۆزگىرىشلەپ، نەرە تارتىپ تۇردى. بۇنىڭدىن 70 مىليون يىل ئىلگىرىكى يېڭى ھايات دەۋرىنىڭ 3-ئېراسىدا ھىمالايا تاغلىرىنىڭ يارىلىش ھەرىكىتى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تاغلارنى ئېگىزلىتىۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈچ ئەتراپى دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىردىن كۆپرەك ئېگىزلىكتىكى تاغلار بىلەن ئورالدى: ئۇنىڭ جەنۇبى ۋە غەربىنى چىڭخەي-شىزاڭ ئېگىزلىكى، پامىر ئېگىزلىكى توسۇپ تۇرسا، شىمالى ۋە غەربىنى تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي بۆلىكى، شەرقىي شىمالىنى قۇرۇقتاغ ئېدىرلىقى توسىۋالدى. ھىندى ئوكيان، ئاتلانتىك ئوكياننىڭ نەم ھاۋا ئېقىمىنىڭ توسۇلۇپ، كىلىماتنىڭ قۇرغاقلىشىشى، تاغلارنىڭ يۆتكىلىشىنىڭ كۆچىيىشى، دېڭىزنىڭ چۆكۈشى، قۇرۇقلۇقنىڭ قوشۇلۇشى، نەچچە مىڭ يىللىق بوران-چاپقۇن ۋە كەلكۈننىڭ يالىشى بىلەن، ئاخىرى 337 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلىق بۇ زور كۆچمە قۇملۇق پەيدا بولدى. بۇ، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 100 مىڭ يىل ئىلگىرىكى دەۋرلەر ئىدى. قۇملۇق گويا يارانقۇچى تەرىپىدىن قاتۇرۇۋېتىلگەن- دېڭىزدىكى قاتمۇ قات دولقۇنغا ئوخشايتتى. قۇملۇق توختاۋسىز تەۋرىنىپ تۇراتتى، قۇممۇ ئۆزگىرىشلەيتتى. ئۇمۇ خۇددى كەلكۈندەك ھەممە نەرسىنى ئۆز دولقۇنلىرىغا غەرق قىلىۋېتەلەيتتى. قۇملۇقنىڭ ئەتراپىدىكى تاغلاردىن ئېقىپ چۈشكەن يۈزلىگەن چوڭ-كىچىك دەريالار ئۇنىڭ باغرىغا سىڭىپ يوق بوپكېتەتتى. پەقەت تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئېتىكىدىن باشلانغان بىرنەچچە يۈز ئېقىن ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ھەيۋەتلىك چوڭ دەريالا بۇ قۇملۇقتا 2000 كىلومېتىردىن ئارتۇق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ كىچىك دېڭىزىنى — لوپنۇر كۆلىنى ھاسىل قىلغانىدى①. ئۇ، قۇملۇق باغرىدا 100 مىڭ يىللاپ ئاقتى. خۇددى دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ مەدەنىيەتلەرنىڭ مەنبەسى بولغان نىل، ھىندى، ئامۇ دەريالىرىغا ئوخشاش قەدىمى يەتكەنلىكى يەردە ئاشۇ ئۇلۇغ مەدەنىيەتلەردىن قېلىشقۇسىز مەدەنىيەت نەمۇنىلىرىنى ئاپىرىدە قىلدى. ئۇزاق قەدىمكى ۋاقىتلاردا تارىم ۋادىسىدىكى بوستانلىقلاردا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز ناچار شارائىتتا، باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ھايات كەچۈرۈش ئىمكانىيىتى يوق دېيەرلىك ماكاندا قۇم-بوران ۋە قۇرغاقچىلىق بىلەن بولغان كۈرەشلەر داۋامىدا تىرىشچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، بېلىقچىلىقتەك كۆپ خىل ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى ۋە ئۆز شارائىتىغا ماس بولغان سۇغۇرۇش سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، قۇملۇق باغرىدا ئاۋات شەھەر - يېزىلارنى ئاپىرىدە قىلدى ۋە ئاشۇ شەھەر -يېزىلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە مىللىي ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى ياراتتى. ئۇلار قەدىمدىن تارتىپلا ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان قۇملۇق، چۆل-باياۋان، تىك تاغ، خەتەرلىك داۋانلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، چەت ئەللەر بىلەن سودا ئالاقىسى ئورنىتىپ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇپ جاھانغا مەشھۇر «يىپەك يولى»نى ئاچتى. ئۇلار چەت ئەللەرنىڭ ئۆرپ-ئادەت، مەدەنىيەت-سەنئىتىدىكى ئىلغار تەرەپلەرنى قوبۇل قىلىپلا قالماي، ئۇنى ئۆز تۇپرىقى، مىللىي مۇھىتىدا تاۋلاپ يۈكسەلدۈرۈپ، تېخىمۇ يۈكسەك، تېخىمۇ ئېسىل، گۈپۈلدەپ ئۇيغۇر پۇرىقى چىقىپ تۇرىدىغان يېڭى مەدەنىيەتلەرنى ياراتتى. مەسىلەن، ئەينى دەۋردىكى بۇددىزم سەنئىتى گرېك، قەندىھار (ھىندىستان) سەنئىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، خەلقىمىز ئۇ تەسىرلەرنى ئۆز تۇپرىقىدا يۇغۇرۇپ ۋە يۈكسەلدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ نەرسىسىگە ئايلاندۇرۇپ، تام رەسىملىرى ۋە ھەيكەلتىراشلىقتا پېرسوناژلارنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش جەھەتتە ھىندى — ئارىيان بۇددا سەنئىتىدىن، بەدەن گۈزەللىكىنى ئىپادىلەش ماھارىتى جەھەتتە گرېك سەنئىتىدىن ئېشىپ كەتتى. كېيىنكى مەزگىللەردە دىنىي ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلى، رەسىمچىلىك ۋە ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى تەرەققىي قىلالمىغان بولسىمۇ، خەلقىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدىكى تارىم دەرياسىنىڭ ئۇغۇز سۈتى بىلەن كىرگەن سەنئەتكارلىق خىسلەتلىرى سەنئەتنىڭ باشقا تۈرلىرىدە — بىناكارلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك بولۇپمۇ ناخشا-ئۇسسۇل، مۇزىكا سەنئىتىدە قايتا ئۆزىنى كۆرسەتتى. ئوخشاشلا ئەرەب — پارس، ھىندى ناخشا-مۇزىكا سەنئىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكا سەنئىتى يەنە قويۇق يەرلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپلا قالماي، يۈرۈشلەشكەن، زور ھەجىملىك، كۆپ ئۆزگىرىشلىك، مەشھۇر كلاسسىك شېئىرلار تېكىست قىلىنغان «12 مۇقام» يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلدى. ئۇيغۇر ئۇسسۇلى ھەم تېخىمۇ ئېسىل، تېخىمۇ نەپىس، تېخىمۇ ھايالىق، ئىچكى گۈزەللىك بىلەن تاشقى گۈزەللىكنىڭ بىرلىكىشىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان

① بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، لوپنۇر كۆلىنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، 20 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدىكەن. شۇڭا ئۇ خەنزۇچە «غەربىي دېڭىز» دەپ ئاتالغان ھەمدە قەدىمكى زاماندا خۇاڭخې دەرياسى لوپنۇر كۆلىدىن باشلىنىدۇ، دەيدىغان قاراش ھۆكۈم سۈرگەن. — ئاپتور

ھەقىقىي ئىپسىل سەنئەتلىكى بىلەن پەرقلىنىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىك ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە جۈملىدىن ئۆرپ-ئادەت، ئەخلاق، ياشاش پەلسەپىسى جەھەتتە شۇنداقلا ئىقتىساد، ئىگىلىك ئىگىقاتارلىق جەھەتلەردىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. شۇڭا ئۇيغۇرلار بىرلىككە كەلگەن، گۈللەنگەن دەۋرلەردە ئۆز مەدەنىيىتى بىلەن شۆھرەت قازانغان، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىگە تۆھپە قوشالىغان. بۇ ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس. بىراق، كېيىن دېڭىز يوللىرىنىڭ ئېچىلىشى ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان، چۆل-باياۋان، قۇملۇق ۋە ئېگىز تاغلارنى تەبىئىي توساق قىلغان تارىم ۋادىسىنى جاھاندىن، تەرەققىياتتىن چەتتە قالدۇردى. بىر زامانلاردا گۈللەنگەن ـ ئاۋات «يىپەك يولى» خارابلاشتى. تارىم ۋادىسى ۋە تارىم مەدەنىيىتى ناھايىتى تېزلا ئۆزگىرىۋاتقان، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۇنيانىڭ ئېسىدىن كۆتىرىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خوجىلارنىڭ نەچچە ئەسىرلىك ھۆكۈمرانلىقى، ئۇلار تارقاتقان تەركىدۇنيالىق، تەسەۋۋۇپچىلىق ئىدىيىلىرى ، ئايىغى ئۈزۈلمەس ئۇرۇش - يېغىلىقلار بۇ يەرنى بىر قارىسا يۈكسەك مەدەنىيەت، ئەنئەنە ئىزنالىرى چالا-بۇلا ساقلىنىپ قالغان، يەنە بىر تەرەپتىن قالاقلىق، نادانلىق، جاھالەت چوڭقۇر يىلتىزلاپ كەتكەن، ئادەم بېشىدىن ياسالغان مۇنارلار قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرۇدىغان زۇلمەت ماكانىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. تاكى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ، 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا قۇم ئاستىغا كۆمۈلگەن مەدەنىيەت مۆجىزىلىرى بىردىنلا چاقناپ، جاھان ئەھلىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرغانغا قەدەر تارىم دەرياسى ئەنە شۇنداق غېرىبلىقتا، نام-نىشانسىز، ئۈن-تىنسىز ئاقتى.

قۇم ئاستىدا نەچچە مىڭ يىل كۆمۈلۈپ ياتقان، قەدىمكى ھىندى، مىسىر مەدەنىيىتى بىلەن بەسلىشەلەيدىغان بۇ پارلاق مەدەنىيەت غەرب ئەللىرىدە شىنجاڭ توغرىسىدىكى تەتقىقات قىزغىنلىقىنى قوزغىدى. ياۋروپالىق ئېكسپېدىتسىيىچى، ئارخېئولوگ، ئىنسانشۇناسلار، تەۋەككۈلچىلەر شىنجاڭغا يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇدىغان بۇ مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىمىزنى ـ تام رەسىملىرى، قاپارتما رەسىم، ھەيكەل، تۈرلۈك ئاسار ئەتىقە، كىتاب-ۋەسىقە قاتارلىقلارنى بىر قېتىمدا 150 ـ 160 ساندۇقلاپ بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ ئەكېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇزېيلىرىنى بېزىدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ـ گېرمانىيىدىكى ئاسارئەتىقە-لىرىمىزنىڭ %40 ى 2-دۇنيا ئۇرۇشىدا ۋەيران بولغاندىن باشقا، قالغانلىرى ھېلىھەم ياۋروپانى ئاساس قىلغان 40 نەچچە دۆلەتنىڭ مۇزېيلىرىنى نۇرلاندۇرۇپ تۇرماقتا.

ئاشۇ مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىرى، ئۆزلىرىنى مەدەنىيەت ـ تەرەققىياتنىڭ سىمۋولى ھېسابلايدىغان ئاشۇ كىشىلەر ئاجىز بىر خەلقنىڭ بايلىقىنى بۇلاپ ـ تالاۋاتقانلىقىدىن ھېچقانچە خىجىللىق ھېس قىلىشمىدى. ئۇلار شىنجاڭ دېگەن بۇيەرنى، بۇيەردىكى كىشىلەرنى ، ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەرنى چۈشەنمەيتتى. ئۇلار بۇ خەلققە، ئۆزلىرىگە يول باشلاپ بىباھا مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئىككى قوللاپ سۇنۇپ بەرگەن يەرلىك كىشىلەرنىڭ ھېچقانچە قىممىتى يوق بىرەر مىس ئۈزۈكنى تالىشىپ، پىچاقلىشىپ يۈرگىنىگە قاراپ باھا بېرىشەتتى. ئۆز ئۈستۈنلۈك تۇيغۇسى بىلەن بۇ يەرنى جۇغراپىيىۋى جەھەتتىكى «ئۆلۈك دېڭىز» ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى «بىر پارچە بوشلۇق» دەپلا قارىشاتتى. ھەتتا مىڭئۆيلەردىن، بۇددا خارابىلىرىدىن ، يەرئاستىدىن بايقالغان سەنئەت جەۋھەرلىرىنى شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ئاھالىسىدىن ئىلگىرى ياشىغان ۋە كېيىن غايىب بولغان ئاللىقانداق باشقا بىر خەلقنىڭ ئىجادىيىتى، ۋىزانتىيىلىكلەرنىڭ قولىدىن چىققان سەنئەت، دېيىشكەنىدى. ئۇ چاغدا بۇ بۈيۈك مەدەنىيەتنىڭ ۋارىسلىرى ئەقىل ـ ھېسسىيات ۋە تىلدىن ئايرىلغان كىشىلەردەك زۇۋان سۈرمەي سۈكۈتتە تۇرۇشقانىدى. «12 مۇقام» دەك مۆجىزىلىك، «قۇتادغۇبىلىك» ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دەك شاھانە ئەسەرلەرنىڭ يەر ئاستىدىن چىققان ئەنە شۇ تەڭداشسىز مەدەنىيەتنىڭ ۋارىسلىرىنىڭلا قولىدىن كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ مۇنازىرىلىشەلمىگەنىدى.

تارىم دەرياسى ئاشۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ، ئاڭلاپ تۇردى. ئۇ، قۇدرەتلىك، تەرسا، يۈگەنسىز ئىدى، غەزەپلەنگەندەك ئاسمانپەلەك بوي تارتىپ ئۆركەشلەيتتى، يارلارنى چېقىپ، قۇملۇقلارغا يامراپ، دەۋرەپ ئاقاتتى، ئەمما ھېچنەرسە دېيەلمەيتتى. مانا مەن بىلىمەن، مەن ھەممىنى كۆرگەن، مەن گۇۋاھ، دېيەلمەيتتى.

* * *

تەكلىماكان قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتىدىغان ئەڭ چوڭ دەريا بولغان تارىم دەرياسىنىڭ ئەھمىيىتى يالغۇز «ئۆلۈك دېڭىز» دىكى ھاياتلىق مەنبەسى ۋە يۈكسەك قەدىمىي مەدەنىيەتنىڭ مەنبەسى بولغانلىقىدىلا ئەمەس. ئۇ، 330 مىڭ كۋادرات كىلومېتر كېلىدىغان ، دۇنيا بويىچە 2-ئورۇندا تۇرۇدىغان بۇ زور كۆچمە قۇملۇق باغرىغا سىڭىپ، ئۆركەشلەپ تۇرغان بىپايان ھەم رەھىمسىز قۇم بارخانلىرىنى يۈگەنلەپ، قۇملۇق ئاتموسفېراسىنى تەڭشەپ، شۇ ئارقىلىق شىنجاڭ، ئاسىيا ھەتتا پۈتكۈل يەرشارى مۇھىتىنى قوغداۋاتقان پىداكار، بارلىقىنى يەرشارىمىزنىڭ ئەمىنلىكىگە، ئىنسانىيەتكە بېغىشلىغان قەھرىمان. ھەرگىزمۇ كەملەردۇر ئېيتقاندەك: «مەغلۇب بولغان قەھرىمان» ، «يېرىم يولدا توختاپ قالغان پىداكار» ئەمەس. ئۇ گويا خالىس

ھەم مېھرىبان ئانا. قۇملۇق باغرىدىكى پارچە ھاياتلىقنىڭ، قۇملۇقنىڭ ئانىسى. ئەگەر تارىم دەرياسى بولمىسا، بېرىم يولدا قۇملۇققا سىڭىپ كېتىدىغان باشقا نۇرغۇن ئېقىنلار بولمىسا تەكلىماكان قۇملۇقى پانىي ئالەمدىكى لاۋۇلداپ تۇرغان دوزاخقا، يەرشارى ۋە ئىنسانىيەتكە تەھدىت سالىدىغان خەتەرلىك كوھقاپقا ئايلانغان بولاتتى.

قۇملۇق بىلەن يېشىللىقنىڭ، ئىنسانىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئۇنچىۋالا ئاسان، يەڭگىل مۇناسىۋەت ئەمەس، بەلكى تىغمۇ تىغ ھالەتتىكى ھايات - ماماتلىق مۇناسىۋەت. بولۇپمۇ تارىم ۋادىسىدا شۇنداق. ئۇ، ئىنسانلارنىڭ كىچىككىنە سەھۋەنلىكىنى، ئاچكۆزلىكىنى، نادانلىقىنى كەچۈرمەيدۇ، ئەكسىچە ئىنسانلاردىن ھەسسىلەپ بەدەل تۆلىتىش يولى بىلەن ئۆچ ئالىدۇ. قارامىلىق بىلەن بېسىلغان بىر قەدەم ئىنساننى نەچچە قەدەم كەينىگە چېكىندۈرىدۇ. كىچىككىنە مەنپەئەت ئىنساننى كۆز ئالدىدىكى قىممەتلىك زېمىندىن ، ئېتىز - ئېرىقلىرىدىن، ئۆي-ماكانلىرىدىن ئايرىپ تاشلايدۇ. ياراتقۇچى بۇ ۋادىغا تەقسىم قىلغان چەكلىك سۇدا قۇملۇقنىڭمۇ، چۆل-جەزىرىنىڭمۇ، يىرتقۇچ ھايۋان، ئۇچار قانات، قۇرت-قوڭغۇزلارنىڭمۇ ھەم ئىنساننىڭمۇ رىسقى باركى، ھېچكىمنىڭ ئۇنى ھەددىدىن ئارتۇق ئىگىلىۋالىدىغان ھەققى يوق. ئىلگىرىكى تارىم ۋادىسىدا ئادەملەر ئاز دەۋرلەردە دەريانىڭ ئېقىنى ئۇزۇن، تارىم دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان دەريالارمۇ كۆپ، قۇملۇقنىڭ كۆلىمىمۇ ھازىرقىدىن زور دەرىجىدە كىچىك بولۇپ، كۆللەر بىر-بىرىگە تۇتاشقان، بۇلاقلار قايناپ تۇرغان، چەكسىز كەتكەن قەدىمىي ئىپتىدائىي ئورمانلىقلار ، ئوتلاقلار، تۈرلۈك ياۋايى ھايۋانلار، ئۇچار قاناتلار بىلەن تولغانىدى. ئىنسانلارنىڭ، ئىنسانىيەت پائالىيىتىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ يېشىللىق چېكىنىپ، ئىنساندىن باشقا ھاياتلىقنىڭ ياشاش ماكانى تارىيىپ، قۇملۇق بارغانسىرى كېڭەيدى ۋە ئىنساننى يىلدىن يىلغا تېز سۈرئەت بىلەن قىستاپ كېلىشكە باشلىدى. بۇ خىيالى پەرەز ئەمەس، بەلكى ئىلمىي دەلىل، كۆز ئالدىمىزدا «مانا مەن» دەپ تۇرغان رەھىمسىز رېئاللىق. ئۇزاق تارىخ داۋامىدا تارىم ۋادىسىدىكى ئىنسانلار مۇنداق ئېچىنىشلىق قىسمەتلەرنى كۆپ قېتىم بېشىدىن كەچۈرگەن. تەكلىماكان قانچىلىغان بەگلىكلەرنى، شەھەر-رابات، يېزا-قىشلاقلارنى، ئىبادەتخانا، بۇتخانا، ئۆتەڭلەرنى يۇتۇۋەتكەن. نى-نى شانۇ -شەۋكەتلىك سەلتەنەتلەر، كۆزنى چاقنىتىدىغان مەدەنىيەت - سەنئەت نامايەندىلىرى، ، ياخشىلىق ۋە يامانلىق، مەردۇ-مەردانىلىق، نامەردلىك، مۇھەببەت ۋە نەپرەتكە تولغان سۆزلەپ تۈگەتكۈسىز ھېكايىلارھەم قۇم ئاستىدا غايىب بولغان. بۇ قىسمەتلەر قۇملۇق گىرۋىكىدە - قۇرغاق مۇھىتتا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلاردا دەل - دەرەخكە، يېشىللىققا چوقۇنىدىغان، كۆچەت تىككەن، باغ قىلغان كىشىلەرنى

خىزىردەك ھۆرمەتلەيدىغان، ئۆيىنىڭ بەھەيلىسىنىڭ، يۇرتىنىڭ ئەتراپىغا دەل-دەرەخ، گۈل-گىياھ ئۆستۈرۈشنى زۆرۈرىيەت ھېسابلايدىغان بىرخىل تۇرمۇش ئادىتى، مەدەنىيەت قارىشىنى يېتىلدۈرگەن. بۇ ئادەت، بۇ قاراش ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىلا شەكىللەنگەن بولۇپ، 2000 يىللار ئىلگىرىكى قەدىمكى نىيا خارابىسىدىن تېپىلغان خارۇشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈككە «باشقىلارنىڭ دەرىخىنى كېسىش قانۇنغا خىلاپ» دەپ يېزىلغان ھەم يەنە ئېنىق قىلىپ: «قۇرۇپ قالمىغان دەرەخنى ھەرقانداق كىشىنىڭ يىلتىزى بىلەن قومۇرۇۋېتىشىگە بولمايدۇ. ئۇنداق قىلغۇچىغا بىر ئات جەرىمانە قويۇلىدۇ، دەرەخ شېخىنى يىرىۋەتكۈچىلەرگە بىر كالا جەرىمانە قويۇلىدۇ» دەپ يېزىلغان. بۇ بەلكىم جۇڭگو بويىچىلا ئەمەس، دۇنيا بويىچىمۇ ئەڭ بۇرۇنقى ئورمان قانۇنى ھېسابلانسا كېرەك...

* * *

سەپىرىمنىڭ تۇنجى بېكىتى كورلىغا سەھەردە يېتىپ كەلدىم. تارىخىمىزدىكى نۇرغۇن زور ۋەقەلەرنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان بۇ شەھەر بۈگۈنكى كۈندە تامامەن يېڭى قىياپەتتە قەد كۆتىرىپ تۇرسىمۇ، سەھەرنىڭ ساپ، سالقىن ھاۋاسىدا گويا تارىخنىڭ ئېغىر خورسىنىشىنى، توپا باسقان ئوڭغۇل-دوڭغۇل يوللاردا كېتىۋاتقان، چارچاپ ھالىدىن كەتكەن خىلمۇ خىل قوشۇنلارنىڭ رەتسىز ئاياغ تىۋىشىنى، ھارۋا چاقلىرىنىڭ غىچىرلىشى، قىلىچ-مىلتىقلارنىڭ جاراق-جۇرۇقىنى ئاڭلىغاندەك، بىرزامانلاردا ھەيۋىسى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنى تىترەتكەن بەدۆلەتنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئېغىر بىر قەدەمنى كۆتۈرگەن قوللىرىنىڭ تىترىشىنى، تەبئىي توساق باشئەگمىدىن ئات ئوينىتىپ، قان كېچىپ ئۆتكەن تالاي غالىب گېنېراللارنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئەنە شۇ سىمالار قاتارى بىر سىما - يىراق ياۋروپادىن كەلگەن قورقماس تەۋەككۈلچى، ئېكسپېدىتسىيىچى كۆز ئالدىمدا توختاپ قالدى ۋە بارغانسېرى زورايدى. ئۇ دەل بۇنىڭدىن 1000 يىل ئىلگىرى تارىم دەرياسىنى، تارىم ۋادىسى، تەكلىماكان بويىدىكى قەدىمىي مەدەنىيەتنى ئىزدەپ كەلگەن سۋېن ھېدىن ئىدى. ئۇ، يەكەن دەرياسىدا كېمىگە چۈشۈپ، يەكەن دەرياسى بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ قوشۇلىدىغان يېرى ئاۋاتقىچە، ئۇ يەردىن يول باشلىغۇچىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا كىچىك قېيىق بىلەن ئۆزى يالغۇز لوپنۇر تەۋەسىگىچە ئۈزۈپ بارغان، يەنە لوپنۇر كۆلىگە قاراپ يۈرۈش قىلغان. يول بويى ئۇ تارىم دەرياسىنىڭ تېز، خەتەرلىك ئېقىنى، ئىككى قىرغىقىدىكى ئاجايىپ مەنزىرىلەر توغرىسىدا نۇرغۇن قىزىقارلىق خاتىرىلەرنى قالدۇرغان، ھەم مۇشۇ قېتىملىق سەپىرىدە دۇنيا ئىلىم ساھەسىنى زىلزىلىگە سالغان چوڭ بىر ئىشنى ئورۇندىغان، يەنى يەرشارىدىن ئىز-دېرەكسىز

يوقىلىپ كەتكىنىگە 1300يىل بولغان، غەربلىكلەر پومپى، ئاسىيادىكى پومپى① شەھىرى ئاتايدىغان كرورەن قەدىمىي شەھىرىنىڭ خارابىسىنى تاپقان. ئەنە شۇنىڭدىن تارتىپ سۈين ھىدىنىنىڭ نامى شىنجاڭ، تارىم دەرياسى، تەكلىماكان ۋە شىنجاڭنىڭ تارىخى بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتكەن. ئۆمۈر بويى توي قىلماي ئۆتكەن، ھاياتىدا شىنجاڭ بىلەن شىزاڭغا ئالتە قېتىم كېلىپ نۇرغۇن ئىلمىي خىزمەتلەرنى قىلغان بۇ مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيىچى كىشىلەرنىڭ نېمىشقا توي قىلمىغانلىقى ھەققىدىكى سوئالىغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن: «بۇ مەسىلە بەك قىزىقارلىق. مەن كۆپ قېتىم مۇھەببەتلەشتىم، لېكىن باشتىن ئاخىرىغىچە ئوتتۇرا ئاسىيا مېنىڭ ھەقىقىي ئايالىم بوپكەلدى، مەن ئۇنىڭ مۇزدەك قۇچىقىغا ئەسىر بولغانمەن. شۇڭا ئۇ كۆنلەمچىلىك قىلىپ مېنىڭ باشقىلارنى سۆيۈشۈمگە يول قويمايدۇ، مەنمۇ ئۇنىڭغا ئىنتايىن سادىق. بۇ تەبىئىي ئەھۋال».

ھەر قېتىم مۇشۇ سۆزلەرنى ئويلىسام، ئىختىيارسىز ھاياجانلىنىمەن. يىراق ياۋروپا، ئەۋزەل مەدەنىيەتلىك مۇھىتتا ياشاپ تۇرۇپ، ياش ئۆمرىدىكى بارلىق قىزغىنلىقى ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىنى تەكلىماكانغا، شىزاڭنىڭ قارلىق تاغلىرىغا بېغىشلىغان، قانداقتۇر بىر مۆجىزە بىلەن تەكلىماكاندا بىرقانچە قېتىم گۆر ئاغزىدىن قايتقان بۇ ئاجايىپ ئادەمگە ھۆرمىتىم ئاشىدۇ. سەپەرگە چىقىش، يول ئېچىش، ئۆزى ياشاۋاتقان دۇنيانى ۋە شۇ ئاساستا ئۆزىنى قايتىدىن تونۇش خەيرلىك ئىش، ئىنسانلار ئەنە شۇنداق ساياھەت، تەۋەككۈلچىلىكلەر ئارقىلىق يەر شارىنىڭ يۇملاق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قىتئەلىرىنى، يەر تۈزۈلۈشىنى، دېڭىز-ئوكيان، تاغ-دەريالىرىنى، مۇھىتى، كېلىماتى ۋەھاكازالارنى بىلدى، ئۆلچەپ خەرىتىگە چۈشۈردى ۋە ئاستا ئاستا باشقا پلانېتلارغا نەزەر سېلىشقا باشلىدى. ئەپسۇسكى بۇلارنىڭ ھەممىسى ياۋروپالىقلارنىڭ تۆھپىسى. بىز يەرشارى تۇگۇل ئۆز زېمىنىمىزنى، تاغلىرىمىز، دەريالىرىمىزنى بىلمەيمىز، ئەجدادلىرىمىز تاغ-دەريالىرىمىز ھەققىدە مەخسۇس كىتاب يازغانمۇ، يوق، بۇ ماڭا تازا ئېنىق ئەمەس. بەلكى ھازىرقىلارنىڭمۇ ئانچە يازمىغانلىقى، كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ ھەتتا ئۇنداق ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغانلىقى ، خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمايدىغانلىقى ماڭا ئايان. شۇڭا، مەن بۇ قېتىمقى سەپىرىمدە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھەتتا خېلى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنىڭمۇ چۈشەنمەسلىكىگە تالاي قېتىم ئۇچرىدىم. «بىر ئايال كىشى، يەنە كېلىپ ئۆزىڭىز يالغۇز سەپەرگە چىقىپسىز، تارىم دەرياسىنى كۆرۈپ نېمىمۇ قىلارىدىڭىز، ئۆيىڭىزدە راھەت كۆرۈپ ئولتۇرماي» دېگۈچىلەر كۆپ بولدى. مېنىڭ جاۋابىم: «مۇشۇ زېمىنىنىڭ يازغۇچىسى ئىكەنمىز، بۇ زېمىن دۇچ كېلىۋاتقان مۇشۇنداق چوڭ ئىشقا ئېتىبارسىز قاراش، ئۇنىڭغا ئۆز سادايىمىزنى قوشماسلىق ۋىجدانسىزلىق بولمىغاندىمۇ بىخۇدلۇق. ھېلىمۇ ئېتىبارسىز قاراۋاتقان ئىشلىرىمىز ئازمۇ؟» شۇنداق قىلىپ، بۇ ئوبلاستتىكى «كرورەن» مېھمانخانىسىنىڭ ھەشەمەتلىك ياتىقىنى تاشلاپ، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى چاقىلىق ناھىيىسىگە قاراپ يولغا چىقتىم. يەنىلا شۇ ياتاقلىق ئاپتوبۇسنىڭ قىستاڭ كارىۋىتى، كىرلەشكەن يوتقان-كۆرپىلەر، كورلا بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقىدىنمۇ يىراق مۇساپە، قۇم بېسىپ كېتەيلا دەپقالغان ئوڭغۇل-دوڭغۇل ئۇزاق يول. ئەمما ئۇ يەردە تارىم دەرياسىنىڭ ياش، قۇدرەتلىك دەۋرلىرىنىڭ ئىزى، ھالاكەت گىردابىدا جان تالىشىۋاتقان تۆۋەن ئېقىم، قۇرۇپ كەتكەن توغراقلىقلار، سۈين ھېدىن، ئاۋرېل ستەيىنلەرنىڭ ئىزى بار. ئاپتوبۇس شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلىگەنسېرى كورلىنىڭ نەمخۇش -سالقىن ھاۋاسى دىماقنى قۇرۇتۇپ، نەپەسنى بوغىدىغان قۇرغاق ھاۋاغا ئالماشتى. ئاپتوبۇس قۇم-توپا ئۆرلەپ تۇرغان ئېگىز-پەس يولدا توختىماي چايقىلاتتى، دېرىزىلەرنىڭ مەھكەم ئېتىلگەنلىكىگە قارىماي ئورۇن-كۆرپىلەرنى توزان قاپلاپ كېتەتتى. ھېلىمۇ ياخشى بۇ يولنىڭ كۆپ قىسمىنى كېچىدە، چالا ئويقۇلۇقتا بېسىۋالغىنىمىز.

ھەمسەپەرلىرىم ئىچىدە ئېگىز بوي، قەددى-قامىتى كېلىشكەن، قوڭۇر چاچلىق بىر قىز دىققىتىمنى جەلپ قىلدى. بۇ قىزنىڭ ئويۇپ ياسالغاندەك چىرايلىق ھەم سىپتا مەڭزى بىلەن پېشانىسىنى قارامتۇل داغ قاپلاپ تۇراتتى. بۇ قىز چاقىلىقنىڭ ھاۋاسى ئىنتايىن قۇرغاقلىقى، بوران كۆپ چىقىدىغانلىقى، شۇڭا كىشىلەرنىڭ تېرىسى يېرىكدەپ يۈزىدە ئاسانلا داغ پەيدا بولىدىغانلىقى ئۈستىدە سۆزلەپ بەردى.

— ھازىر تېرىنى گۈزەللەشتۈرۈشنىڭ ئاماللىرى شۇنچە كۆپ تۇرسا، دوختۇرغا كۆرۈنۈپ باقمىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدۇم.

— كۆرۈندۇم، ھەرقانداق داۋالاتساممۇ چاقىلىققا قايتقاندىن كېيىنلا يەنە ئەسلىگە كېلىۋالىدۇ، —دېدى قىز.

چاقىلىققا بارغاندىن كېيىن ھەقىقەتەنمۇ خېلى كۆپ ئاياللارنىڭ ھەتتا ئادەتتە تېرىسى سۈزۈك كېلىدىغان خەنزۇ ئاياللارنىڭمۇ يۈزىدە غەلىتە داغلارنىڭ بارلىقىنى بايقىدىم. چاقىلىقتا قۇرغاقچىلىقنىڭ ئىزنالىرىنىڭ يالغۇز كىشىلەرنىڭ چىرايىدىنلا ئەمەس، قۇرۇپ چاك-چاك يېرىلىپ تۇرغان ئېتىزلىقلاردىن، ئېتىز قىرلىرى، ئېرىق بويلىرىنىڭ تاپتاقىرلىقىدىن ، قۇرۇپ كەتكەن باغلاردىن كۆرگىلى بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ سۆھبىتىدىن ھازىر كىشىلەر باغ قىلىشقا ئانچە قىزىقماس بوپقالغانلىقىنى ئاڭلاپ سورىدۇم:

— نېمىشقا باغ قىلمايدۇ؟ يېزا دېگەندە باغ بولمىسا قانداق بولىدۇ؟

① قەدىمىي رىمنىڭ گۈللەنگەن شەھىرى بولۇپ، يانار تاغ پارتلاش ۋەقەسىدىن ۋەيران بولغان.

- سۇ يوق تۇرسا. . .

كالپۇكلىرى گەز باغلاپ كەتكەن بىر دېھقان شۇنداق دېدى.

يېقىنقى 30 يىلدىن بۇيان چاقىلىق ناھىيىسىدە تەبىئىي ئاپەت ۋە قۇم-بوران يىلدىن يىلغا كۆپەيگەن. ناھىيىدىكى %70 ئوتلاق قۇم ئاستىدا قالغان. ھەر يىلقى كېۋەز تېرىلغۇسىدا كېۋەزنى ئىككى قېتىمدىن تېرىمىسا، پاختىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدىغان بوپقالغان. 1999-يىلى ئاپرېلدا ئۈچ كېچە-كۈندۈز توختىماي بوران چىقىپ ھەم تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكتىن، ناھىيە بويىچە نەچچە تۈمەن مو يەردىكى كېۋەز پۈتۈنلەي نابۇت بولغان. ئوتلاق، چاتقال، ئورمانلار قۇرۇپ، يەرلەرنىڭ شورلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى، قۇملىشىش تېزلىشىپ، بەزى يەرلەردە تېرىلغۇ يەر، باغ، ئۆي-ۋارانلار قۇم ئاستىدا قېلىۋاتقانلىقى كىشىنى تېخىمۇ ئەندىشىگە سالىدىكەن. سەۋەب زادى نەدە؟ يەنىلا سۇدا. خېلى كۆپ قىسىم رايونى تارىم دەرياسىنىڭ سۈيىگە قاراشلىق بولغان بۇ ناھىيە 1968-يىلى تارىم دەياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى قۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ، ئېغىر قىسمەتلەرگە دۇچ كەلگەن. . .

ئاخشىمى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مېھمانخانىسىنىڭ تېپتىنچ ياتىقىدا شىنجاڭ خەرىتىسىنى ئالدىمغا يېيىپ، يەنە ھېلىقى قۇرۇشقا باشلىغان خاسىيەتلىك دەرەخكە تىكىلدىم. خىيالىمدا دەرەخ ئاستا-ئاستا جانلىنىپ، ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەرياغا ئايلاندى. ئۇ ئۆزىنىڭ 100 مىڭ يىلدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بوغۇق، ھەيۋەت ساداسى بىلەن نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولاتتى، ئىچىدە نۇرغۇن گەپلىرى باردەك قىلاتتى. دەرۋەقە، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان ، تارىم ۋادىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقى كومپارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە سۇ، تۇپراق بايلىقىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىپ، بۇ جايدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر نى بارلىققا كەلتۈردى. بولۇپمۇ تارىم دەرياسى مەنبە - ئېقىنلىرىنىڭ قۇيۇلۇش ئېغىزىغا ، غول ئېقىنىنىڭ بېشىغا ئورۇنلاشقان بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1-دىۋىزىيىسىنىڭ تۇەن - مەيدانلىرى بىلەن تۆۋەن ئېقىنىنىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى سۇ شارائىتى ياخشى جايلارغا ئورۇنلاشقان يېزا ئىگىلىك 2-دىۋىزىيىسىنىڭ تۇەن - مەيدانلىرى سۇنئىي بوستانلىق ئېكولوگىيىسى ۋە سۇنئىي سۇغۇرۇش ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى شەكىللەندۈرگەن دېھقانچىلىق سۇغۇرۇش رايونىنى بەرپا قىلىپ، يۇقىرى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم ياراتتى. 1990-يىللاردا تارىم ۋادىسى دۆلەت تەرىپىدىن پاختىچىلىق بازىسى ھەم شىنجاڭنىڭ ئاشلىق، ئەلا سورتلۇق مېۋە بازىسى قىلىپ بېكىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، نېفىت بايلىقى ئېچىلىپ، تارىم ۋادىسى شىنجاڭنىڭ شۇنداقلا جۇڭگونىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات ستراتېگىيىسىدىكى مۇھىم رايون بوپقالدى. نەتىجىدە تارىم ۋادىسىدا نوپۇس شىددەت بىلەن كۆپىيىپ، تەبىئىي ئورمان ۋە يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى يوقىتىش ھېسابىغا بوزيەرلەر كۆپلەپ ئېچىلىشقا باشلىدى. . . مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى سۇ بىلەن ئوخشايتتى. تارىم دەريا ۋادىسىدىكى سەككىز مىليونغا يېقىن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ، تەكلىماكان باغرىدا قاتار-قاتار قەد كۆتۈرگەن نېفىت قۇدۇقلىرىغا سۇ كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تارىم دەرياسىنى بىر تۇتاش پىلانلاپ باشقۇرۇش يېتەرسىز، سۇ قۇرۇلۇشى ئەسلىھەلىرى كونا ۋە قالاق بولغانلىقتىن ، سۇ ئىسراپچىلىقى ئېغىر ئىدى. سۇ چەكلىك بولغان ئەھۋالدا يۇقىرى ئېقىمنىڭ گۈللىنىشى - سۇسەرپىياتىنىڭ ئېشىشى مۇقەررەر ھالدا تۆۋەن ئېقىمنىڭ خارابلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى.

تارىم دەرياسى بولسا، 1968-يىلدىن تارتىپلا تېز سۈرئەتتە قىسقىراشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى لوپنۇر كۆلىدىن قاراقوشۇن كۆلىگە، ئاندىن قارا بوران كۆلىگە، كېيىن تېتما كۆلىگە قىسقارغان، ئەڭ ئاخىرىدا داشكۆل سۇ ئامبىرىمۇ قۇرۇپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن. بۇنىڭ بىلەن دەريانىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى ئەسلىدىكى 1231 كىلومېتىردىن 998 كىلومېتىرغا چۈشۈپ قالغان. تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىم ئېقىنى ئۈزۈلگەن، دەريا قىنى، قۇرۇغان كۆللەر، خارابلاشقان يېشىللىق، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرى قۇم ئاستىدا قالغان. يەر ئاستى سۇ ئورنى 1950-يىللاردىكى ئۈچ - بەش مېتىردىن 1980-يىللاردا 13 - 16 مېتىرغا، 1990-يىللاردا16 - 19 مېتىرغا چۈشۈپ قالغان. توغراقلىق كۆلىمى بەش مىليون 100 مىڭ مودىن 1975-يىلى ئىككى مىليون موغا چۈشۈپ قالغان، ساقلىنىپ قالغان يەرلەردىكى توغراقلارنىڭمۇ %80ى قۇرۇپ كېتىۋاتقان چوڭ ياشلىق، شالاڭ توغراقلىق. تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا 1950-يىللاردىكى توغراقلىق كۆلىمى 810 مىڭ مو بولسا، 1995-يىلى 110 مىڭ مو قالغان. ئۆتمۈشتىكى كەڭ كەتكەن قومۇشلۇق، ساسلىق، يۇلغۇنلۇقلار يوقىلىپ، يېپىنچا ئۆسۈملۈك بەلبېغى 1950 يىللاردىكى 10 - 5 كىلومېتىردىن 5 - .2 كىلومېتىرغا چۈشۈپ قالغان. چاقىلىق تاش يولى قۇم ئاستىدا قېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن. قۇرۇقتاغ قۇملۇقى 3 - 5 كىلومېتىر سۈرئەت بىلەن غەربكە ئىلگىرىلەپ بوستانلىقنى يالمىسا، تەكلىماكان قۇملۇقىمۇ غەربكە كېڭىيىپ، نۆۋەتتە تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى خەۋپكە دۇچ كېلىپلا قالماي ، يۇقىرى تەرەپتىكى بەش تۇەن-مەيدانمۇ قاتتىق سىناققا دۇچ كەلگەن. بىر قىسىم تۇەن - مەيدانلارنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆيلىرى قۇم ئاستىدا قېلىپ، كىشىلەر ئالاقزادىلىك ئىچىدە قالغان، بەزىلەر ماكانلىرىنى تاشلاپ كېتىشكەن. . .

بۇ يەردە مۇنداق بىر قىستۇرما ئارتۇقلۇق قىلماس: 1987-يىلى ئىيۇندا جېجياڭلىق دېھقانلاردىن تەشكىللەنگەن كېمىچىلەر ئەترىتى سۈن

ھېدىننىڭ ئىزىنى بويلاپ، تارىم دەرياسىدا لەيلەپ ماڭماقچى بولغان، لېكىن سۇ بەك تېيىز بولغانلىقتىن، كىچىك يەل قېيىق ھەدېسىلا لايغا پېتىپ قالغان. كۆپ چاغلاردا كېمىچىلەر يەل قېيىقنى سۆرەپ پىيادە ماڭغان. جۇڭگو بويىچە «ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى» ئەنە شۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالغان. ئىگىلىك تىكلەش قىزغىنلىقىغا چۆمۈلگەن كىشىلەر رەھىمسىز رېئاللىق ئالدىدا چۆچۈپ ئويغىنىشتى ۋە ئەتراپىغا قايتىدىن نەزەر سېلىپ مەسىلىنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىشتى. پەن-تەتقىقات خادىملىرى مۇھىت ئاسراش، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ئاسراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى، ھەردەرىجىلىك رەھبەرلىك بۇ ئىشقا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى. نەچچە يىلدىن بېرى نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلەندى، نۇرغۇن تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ ۋەزىيەت كىشىنى ئۈمىدلەندۈرىدۇ، خۇشاللاندۇرىدۇ. بىراق ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ لوپنۇر كۆلىنى، لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدىكى ئاينى چۆرىدىگەن يۇلتۇزلاردەك قاتار ئورۇنلاشقان ئوتتۇرا، كىچىك كۆللەرنى، يېڭىسۇ، قارىداي، ئارغان، قورغان قاتارلىق جايلاردىكى تۈتىشىپ كەتكەن يۇرت-مەھەللىلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولامدۇ! گۈلخانىغا قاقلاپ پىشۇرغان بېلىقلارنى يەپ ياشىغان، يۇلغۇندىن ئوقيا ياساپ، چىڭخەيدىن كەلگەن باندىتلار ۋە باسمىچى موڭغۇللار بىلەن جەڭ قىلغان لوپنۇرلۇقلارنىڭ گۈزەل ئۆتمۈشىنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولامدۇ؟

ھەممىگە ئايانكى، بىرەر يۇرتنىڭ يەرشارىدىن يوقىلىشى شۇنىڭغا ئالاقىدار بىرمۇنچە مەدەنىيەتلەرنىڭ يوقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇزاق ۋاقىت جەريانىدا شەكىللەنگەن بۇنداق مەدەنىيەتلەرنىڭ يوقىلىشى ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى تارتمايدىغان، ھېچكىمنى ئەپسۇسلاندۇرمايدىغان شۇ قەدەر ئاددىي ئىشمۇ؟ ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى «كرورەن» نىڭ يوقالغىنىغا پۈتكۈل دۇنيا ئەپسۇسلىنىدۇ، ئۇنىڭ يوقىلىش سەۋەبى، ئەينى يىللاردىكى مەدەنىيىتى ۋەھاكازالارنى تەتقىق قىلىشقا دۇنيا ئالىملىرى ئىشتىراك قىلىۋاتىدۇ، بىراق بىز ئايىغىمىز ئاستىدىكى نۇرغۇن «كرورەن» لەرنىڭ يوقىلىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇرۇۋاتىمىز.

ئەينى يىللاردىكى تارىم دەرياسى بويىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ، سۋېن ھېدىن، ستەيىنلەر ئارقىلىق دۇنياغا تونۇلغان ئابدال كەنتىگە قاراپ كېتىۋاتقىنىمدا تارىخ، مەدەنىيەت، رېئاللىق ۋە ئىنسان ھەققىدە چوڭقۇر خىياللارغا چۆمۈلگەنىدىم. پىكاپ ئاسفالىت يولدا ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى، ئەتراپ چوغدەك قىزىپ كەتكەن. ساي، گاھى قۇرۇپ كەتكەن كۆل ياكى ساسلىقنىڭ ئورنى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇدىغان يېرىلىپ كەتكەن تېتىرلىق. گاھىدا ئاندا-ساندا قۇمۇش، يۇلغۇنلار كۆزگە تاشلىنىپ يوق بوپكېتىدۇ. چۈشلۈك غىزانى ناھىيىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان مىرەن شەھىرى يېنىدىكى بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 2-دۈيزىيە 36-تۇەندە يېدۇق. ئابدال كەنتى بۇ يەردىن 70 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتا ئىدى.

1907-يىلنىڭ باشلىرىدا ئەنگلىيىلىك ئارخېئولوگ ستەيىن نۇرغۇن ئەسىرلەر مابەينىدە ئىنسانلار ئەزەلدىن تىنچلىقىنى بۇزۇپ باقمىغان مىرەن قەدىمىي شەھەر خارابىسىگە كېتىۋېتىپ، چۈشىنىكسىز سىرلىق ھاياجانغا غەرق بولغان. ئۇ بۇ يەردە 18 كۈن تۇرۇپ، «ئەزەلدىن ئېلان قىلىنمىغان، تەسەۋۋۇردىن سىرت» ئېسىل ھەم نەپىس تام رەسىملىرىنى، زاڭزۇچە كىتاب، قۇلۇلە قېپى كىتاب ۋە سىرلانغان دۇبۇلغا پارچىلىرىنى، نىيا خارابىسى بىلەن ئوخشاش دەۋرگە تەۋە توپ ئەر - ئايال رەسىمى ۋە قاناتلىق پەرىشتە رەسىمى، قارۇشتى يېزىقىدىكى ئايەت چۈشۈرۈلگەن يىپەك بەلباغ پارچىسى قاتارلىقلارنى بايقىغان. ستەيىن «قاناتلىق پەرىشتە» نى تاپقانلىقىدىن ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ: «بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر ئۇلۇغ بايقاش! دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇنقى قاناتلىق پەرىشتە بۇ يەردىن تېپىلدى»، «مېنىڭچە، بۇ تام رەسىمنىڭ پۈتكۈل تۈزۈلۈشى، كۆز قاتارلىقلارنىڭ ئىپادىلىنىشى تامامەن غەربچە» دېگەن. ستەيىننىڭ بايقىشى ياۋروپا مەدەنىيەت ساھەسىنى زىلزىلىگە سالغان. مىرەن دېگەن بۇ ئىسىم شۇنىڭدىن تارتىپ دۇنيا كىشىلىرى ئۈچۈن يۆچۈن ئىسىم ئەمەس، بەلكى ئۇلار كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان جاي بوپقالغان. مىرەن 1979-يىلى ئاتاقلىق ئالىم پېڭ جيامۇنىڭ ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كېتىشى بىلەن يەنە بىر قېتىم دۇنياغا تونۇلدى.

گويا ھايات-ماماتلىق رىشتى لوپنۇرغا باغلانغاندەك، پېڭ جيامۇ شاڭخەيدىكى ئەۋزەل تۇرمۇش، خىزمەت شارائىتىنى تاشلاپ 1956 ۋە 1958-يىلى ئىككى قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت قىلغان ھەم لوپنۇر كۆلىنى تەكشۈرۈش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئىككىلا قېتىمدا ئۇنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشماي، 1964-يىلغا كەلگەندە ئاندىن لوپنۇرغا بېرىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن. لېكىن خىزمەتنى باشلىماي تۇرۇپلا «كەسىپكە بېرىلىپ سىياسىيغا سەل قارىدى» دېگەن بەدنام بىلەن قايتۇرۇپ كېلىنگەن. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ئاخىرلىشىشى بىلەنلا ئۇ يەنە لوپنۇرغا بېرىش ئارزۇسى بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن ھەمدە 1979-يىلى دېكابىردا جۇغراپىيە، خىمىيە، بىئولوگىيە، تۇپراق، قۇملۇق، ھاۋارايى قاتارلىق كۆپ خىل پەنلەر مۇتەخەسسىسلىرىدىن تەركىب تاپقان بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ تەركىبىدە لوپنۇر كۆلى رايونىغا كەلگەن. بۇ، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىن كېيىنكى جۇڭگو ئالىملىرىنىڭ تۇنجى قېتىملىق چوڭ ئىلمىي پائالىيىتى بولۇپ، پېڭ جيامۇ بۇ گۇرۇپپىنىڭ تەشكىللىگۈچىسى ۋە رەھبەرلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئىككىنچى يىلى - 1980-يىلى ئىيۇندا ئۇ يەنە بىر ئىلمىي تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ مىرەن دېھقانچىلىق مەيدانىغا كەلگەن. بىرنەچچە كۈن تەييارلىقتىن كېيىن گۇرۇپپىنىڭ تۆت نەپەر ئەزاسىنى باشلاپ ئىككى ماشىنا بىلەن لوپنۇر كۆلىنى تەكشۈرۈشكە ماڭغان ھەم شۇ ماڭغانچە ئەبەدىي لوپنۇر

ۋادىسىدا غايىب بولغان. بۇ دەل جۇڭگونىڭ تۇنجى ئاتوم بومبىسىنى پارتلاتقان تەجرىبە مەيدانى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ سىرلىق ۋەقە مەملىكەت ئىچى-سىرتىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان، چەتئەللەرنىڭ رازۋېدكا سۈنئىي ھەمراھلىرى بىر مەزگىل بار كۈچىنى بۇ رايونغا مەركەزلەشتۈرگەن. 1700 يىل ئىلگىرىكى گۈللەنگەن مىرەن قەدىمىي شەھىرى بەلكى ئۇنچە مەشھۇر بولمىغىدى، ئەمما ئۇنىڭ نامىنىڭ ئاردىن شۇنچە ئۇزاق يىللار ئۆتكەندىن كېيىن دۇنياغا مەشھۇر بوپكېتىشىنى كىممۇ ئويلىغان.

ئەنە شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئىتالىيىنىڭ ھازىرقى 2-چوڭ شەھىرى، مىلادى 4-ئەسىردە قۇرۇلۇپ رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى، ئىتالىيە ئەدەبىيات-سەنئەت ئويغىنىشىنىڭ مەركىزى بولغان مىلان شەھىرىنىڭ باشلىقى دۇنيادىكى ھەممە ئىسىمداش شەھەرلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىش، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مەقسىتىدە جۇڭگونىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى مىرەن شەھىرىنىڭ «شەھەر باشلىقى»غا بىر پارچە خەت يازغان. ئۇ دوستانە چاقىرىق، شۇنداقلا زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ قەدىمىي مەدەنىيەتكە بىلدۈرگەن ئېھتىرامى ئىدى. ئەپسۇس، مىرەن قەدىمىي شەھىرىدە بۇ چاقىرىققا ئاۋاز قوشىدىغان «شەھەر باشلىقى» يوق ئىدى.

مەن مىرەن قەدىمىي شەھىرى خارابىسىگە قاراپ ئۇنىڭ بىلەن ئۈنسىز خوشلىشىۋاتقان چېغىمدا، ئىچىمدە: «! مەن يەنە كېلىمەن، مىرەن قەدىمىي شەھىرىگىلا ئەمەس، كرورەن قەدىمىي شەھىرىگىمۇ بارىمەن. . .» دەپ نىيەت قىلدىم.

ئابدال تەرەپكە ماڭغانچە تارلىشىپ كەتكەن يول گاھ يوقاپ كەتسە، گاھ پەيدا بوپقالاتتى. شوپۇر تەجرىبىلىك بولغانلىقتىنمۇ ياكى بۇ يولدا ئىلگىرىمۇ تالاي ماڭغانلىقىدىنمۇ، ئىلغا قىلغىلى بولا-بولماس يوللارنى تاللاپ، بىردەمدىلا ماشىنا ئىزى بار بىر ئوبدان يوللارغا چىقىۋالاتتى، لېكىن بىرنەچچە قەدەم ماڭار-ماڭماي ئېگىز - پەس قۇمۇشلۇق، يانتاقلىق ئارىسىدا يولنى يوقىتىپ قوياتتى . . . ئىككى تەرەپ ئۇزاقتىن ئۇزاققا سوزۇلغان، چاك-چاك يېرىلغان تېتىرلىق ئىدى. بەزى-بەزىدە توختام سۇلار، توپ-توپ ياپيېشىل قۇمۇشلارمۇ كۆزگە تاشلىنىپ قالاتتى. ئارىدا ئوت-چۆپلەر بولۇق ئۆسكەن يەرلەردىن ئۆتتۇق. ئۇزاق ئۆتمەي تاسما شەكلىدە سوزۇلغان، يېرىمىنى ياپيېشىل قۇمۇش قاپلىغان، سۈيى بەكمۇ سۈزۈك چوڭقۇر سازلىق كۆزگە تاشلاندى. ئەتىگەندىن بېرى قاقاسلىقتا مېڭىپ كېلىۋاتقىنىمىز ئۈچۈن بۇ مەنزىرە بەكمۇ چىرايلىق كۆرۈندى. ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئىشلەيدىغان فوتو سۈرەتچى ھەمراھىمىز بىرنەچچە پارچىدىن سۈرەتكە تارتىپ قويدى (ئەپسۇس، ھازىرغىچە بىرەرىنىمۇ تاپشۇرۇپ ئالالمىدىم).

- ئىلگىرى مۇشۇ يەرلەر تۇتاش كەتكەن سازلىق - كۆل ئىدى، - دېدى بىزگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن تۇرەن - مەيداننىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى. ئۇنىڭ سۆزى ماڭا سۋېن ھېدىنىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىكى بايانلارنى ئەسلەتتى. ئۇ، خاتىرىسىدە ئابدال كەنتىنىڭ ئەتراپىدىكى ياپيېشىل قۇمۇش قاپلىغان سازلىق، كۆللەرنى تەسۋىرلىگەنىدى.

ئەنە، ئېگىز قىرغاقتا قاتار مۆكچىيىپ تۇرغىنى تارىخىمىزدىكى يەنە بىر مەشھۇر جاي - ئەينى يىللاردا چىڭخەي - شىزاڭدىن شىنجاڭغا كىرىشتىكى تۇنجى كەنت، شۇنداقلا چاقىلىقتىن چىڭخەي - شىزاڭغا قاراپ مېڭىشتىكى ئاخىرقى بېكەت ئابدال كەنتى. يېرىم ياتا تاملارنىڭ كېسەكلىرى شامال-بورانلارنىڭ يالىشى، ئاپتاپنىڭ كۆيدۈرۈشى بىلەن قىزىرىپ پىشىپ قالغاندەك، تۇتسىمۇ قولغا توپا يۇقمايدىغان بوپقالغانىدى. ئىشىك-دېرىزە، ئويۇقلارنىڭ ئورنى، ئۆيلەرنىڭ شەكلىدىن قايسىسى مېھمانخانا، قايسىسى ئاشخانا، ھويلا، ئېغىل ئىكەنلىكى «مانا مەن» دەپ كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. بىر ھويلىدا ھەتتا تونۇرنىڭ ئىزى، كۆمۈر ئۇۋاقلىرىمۇ بار ئىدى. تېگى ئاق، قىزىل ئاي-يۇلتۇز گۈللۈك چىت پارچىسى ھەممىلا يەردىن دېگۈدەك تېپىلاتتى. قارىغاندا، بۇ، ئەينى يىللاردا ئابداللىق ئاياللار ئەتىۋارلايدىغان رەخت بولسا كېرەك. ھەممىلا ئۆيلەردە يەنە ھاۋارەڭ، يېشىل گۈللۈك چىنە سۇنۇقلىرى، يوغان-يوغان بېلىق تورلىرى ئۇچرايتتى. ئەمما ئۇ تورلار قولغا ئالسىلا ئۇۋۇلۇپ كەتكىدەك ھالغا كەپقالغانىدى. ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىدىكى كەڭ ھەم چوڭقۇر قۇرۇق ئېقىن - تارىم دەرياسىنىڭ قىنى ئىدى. ئۇنىڭ چوڭقۇر ھەم كەڭلىكىگە قاراپلا تارىم دەرياسىنىڭ نەقەدەر شىددەت بىلەن ئاقىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولاتتى. سۋېن ھېدىن مۇشۇ يەردىن قېيىققا چۈشۈپ، دۆڭلۈك دېگەن يەرگىچە بارغان. مۇشۇ يەردىن خىزمەتكار ياللىغان. ئۇنىڭ قېيىقى ياغاچقا سوقۇلۇپ دۈم كۆمتۈرۈلۈپ كەتكەندە، لوپنۇرلۇقلار كىچىك قېيىقلىرىغا چۈشۈپ چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ سۇغا چۈشۈپ كەتكەن نەرسىلىرىنى سۈزۈپ بەرگەن. ستەيىن مۇشۇ يەردە - ئۆركەشلەپ تۇرغان تارىم دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە ئامبار سالدۇرۇپ، بارلىق ئاسارئەتىقىلىرىنى ۋە پۇل-ماللىرىنى ساقلىغان، لوپنۇرلۇقلار ئۇنىڭغا بەش قېيىقنى چېتىپ كۆۋرۈك ياساپ بەرگەن. ئۇ، بۇ يۇرتنىڭ كۆپىنى كۆرگەن، چوڭقۇر پىكىرلىك مەزىنى بىلەن دىن ۋە باشقا ئىشلار ھەققىدە كۆپ پىكىرلەشكەن. . .

ئويۇۋېلىنغان كۆزگە ئوخشاپ قالغان چوڭقۇر قۇرۇق ئېقىن بويىدا ئۇزاق تۇردۇم. ئەينى چاغلاردىكى قويۇق دەل-دەرەخلەر، يەلپۈنۈپ تۇرغان ئوت-چۆپلەر، چۆپلۈكتە ئوتلاپ يۈرگەن قوي، كالىلار، تېگى ئاق، ئاي-يۇلتۇز گۈللۈك كۆڭلەكلەرنى كىيىپ، بېشىغا رومال سېلىپ، ئۇزۇن چاچلىرىغا چاچتەڭگىلەرنى ئېسىپ، ئىشىك ئالدىدا كۆك ۋە يېشىل گەردىن چىنىلەرنى يۇيىۋاتقان، تونۇرغا نان يېقىۋاتقان، بېلىق پىشۇرىۋاتقان ئاياللارنى، دەرياغا تور تاشلاپ بېلىق تۇتىۋاتقان ئەرلەرنى، ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىدىكى چۆپلۈكتە ئويناپ

يۈرگەن ئۈششاق باللارنى كۆرگەندەك بولدۇم. مانا بۇ تارىم دەرياسى بويىدا پەيدا بولغان، دەريانىڭ قۇرۇشى بىلەن تەڭلا قۇرۇپ كەتكەن لوپنۇرلۇقلارنىڭ كىچىك كەنتى. ئەگەر ئىككى مەشھۇر چەت ئەللىك ئېكىسپېدىتسىيىچىنىڭ نامى بىلەن باغلانمىغان بولسا، باشقا نۇرغۇن يېزا-كەنتلەرگە ئوخشاش كىشىلەر ئۇنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەن بولاتتى.

مەن تارىم دەرياسىنىڭ قەدىمكى ئىزلىرى بويىدىن قايتىپ كەلگىلى بىر يىلدەك بولدى. تارىخ، رېئاللىق ۋە كەلگۈسىگە باغلانغان شۇقەدەر ۋەزنىلىك ھەم جىددىي بۇ زور تېمىنى قانداق ئىپادىلەش ھەققىدە كۆپ ئويلاندىم. يۈرەكسىزلىنىپ باش تارتقان ۋاقىتلىرىممۇ بولدى. ئەمما تاشتەك ئېغىر بىر نەرسە بوغىزىمغا كەپلىشىپ، يۈرىكىمنى بېسىپ تۇرغاندەك بىر ھېسسىياتتىن زادى قۇتۇلالمىدىم. بولۇپمۇ چاقىلىقنىڭ ئوتام يېزىسىدا كۆرگەن تۈڭلۈكىگىچە قۇمغا كۆمۈلگەن ئۆيلەر، قۇرۇپ كەتكەن مىڭلىغان دەرەخلەرنىڭ ئۇچى چىقىپ تۇرغان، قۇم باسقان باغ كۆزۈمنى يۇمسىلا كۆز ئالدىمغا كېلىۋالاتتى. ئۇ خۇددى رېئاللىققا ئايلانغان سانسىز رىۋايەتلەرنىڭ، تەكرارلانغان ھېسابسىز پاجىئەلەرنىڭ جانلىق كۆرۈنۈشى ئىدى. يەنە بىرى، بىز قورغان ئەتراپىدىكى ۋرۇپ كەتكەن توغراقلىق ۋە تارىم دەرياسىنىڭ قۇم بېسىپ كەتكەن كونا ئىزىنى كۆرۈش ئۈچۈن يولغا چىققان ۋاقتىمىزدا ئاددىي بىر شوپۇرنىڭ ئاغزىدىن چىققان بىر ئېغىز گەپ. ئۇ كۈنى ناھىيە بازىرىدىن 200 كىلومېتىردەك مېڭىپ، تاش يولدىن ئەگىپ ئوڭ تەرەپتىكى شالاڭ توغراقلىق ئىچىگە كىرىپ كەتتۇق. ماشىنا ئېگىز-پەس يەرلەردىن بەكمۇ تەستە ئىلىنىپ ئۆتەتتى.

— قانداق، ماڭالامسەن؟ — دەپ سورىدى بىر ھەمراھىمىز شوپۇردىن.

— ماڭىمەن، چاقىلىققا ئازراق پايدىسى بارلا ئىش بولسا، ئالەمنىڭ ئۇ چېتىگىمۇ بارىمەن.

گەپ ياساشنى بىلمەيدىغان تۈز، ئاقكۆڭۈل شوپۇرنىڭ ئاغزىدىن چىققان بۇ سۆز قەلبىمگە شۇنداق چوڭقۇر ئورنىشىپ قالدى. ئەپسۇسكى، مەن چاقىلىق ئۈچۈن ھېچنەرسە قىلىپ بېرەلمەيمەن، قىلىپ بېرەلەيدىغىنىم پەقەتلا چىن قەلبىمدىن ئۇرغىغان مانا مۇشۇ بىرنەچچە ئېغىز سۆز...

ئىچكىرىلەپ ماڭغانسېرى كۆز يېتىدىغانلىكى يەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇپ كەتكەن توغراقلار بىلەن قاپلانغانىدى. بۇ توغراقلىق گويا كىملەردۇر قەستەن ئورۇنلاشتۇرغان ئاجايىب-غارايىب، قورقۇنچلۇق، سۈرلۈك ئوبرازلار كۆرگەزمىسىگە ئوخشايتتى. ھەر بىر تۈپ توغراق گويا بۇ دۇنيادىكى كىشىلەرگە تەشنالىقنىڭ نېمىلىكىنى ئۇقتۇرماقچى بولغاندەك — قاغجىراشتىن، ئوتتەك ھارارەتتىن، بوراندىن ئۆۋۈلۈپ — ئۆۋۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك، لېكىن ئىچ-ئىچىدىن قايناپ چىققان يەنە بىر كۈچ تۈپەيلى مەھكەم كىرىشىپ تولغىنىپ، يىقىلىپ -قوپۇپ، چۇقان سېلىپ ھالاكەت ۋە ماماتلىق بىلەن ئېلىشىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. دەرەختەك يوغان، ئۆزۈن يىلتىزلار نەملىك ئىزدەپ يەر ئۈستىگە چىقىپ، ئۇيان-بۇيان سويلاپ يەنە يەر ئاستىغا كىرىپ كەتكەنىدى. يەر ئاستىدىكى ۋە ئۈستىدىكى ئاشۇ يىلتىزلار ئۆز ئەتراپىدىكى ھەر چىمدىم تۇپراقنى مەھكەم قۇچاقلاپ تۇرغانلىقتىن، ھەربىر تۈپ توغراق بىر يۇمىلاق دۆڭنى شەكىللەندۈرگەن، ئارىلىقتىكى بوش يەرلەر بولسا، بوراننىڭ ئۇچۇرتىشى بىلەن چوڭقۇر ئازگالغا ئايلانغان. مانا بۇ، توغراقنىڭ ھەممە ئۇلۇغلۇقى. ئەپسۇسكى، كىشىلەر بۇنى بەكمۇ كېچىكىپ چۈشەندى. ھەممە ئادەم ئۆزىنىلا ئويلىدى، مەنلا ياشىشىم كېرەك، دەپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتتى. 50 يىلدىن بۇيان ئارال سۇغۇرۇش رايونىغا كېلىدىغان سۇ ئانچە كۆپ ئازلىمىغان بولسىمۇ، تۆۋەن ئېقىمدىكى چاراغا كېلىدىغان سۇ ئارالدىكى سۇنىڭ يۈزدىن بەش-ئالتە پىرسەنتىلا بولدى. بۇ يەرلەرگە بولسا، بىر تېمىممۇ سۇ كەلمەيدىغان بوپكەتتى. ئىلگىرى كولىسىلا سۇ چىقىدىغان يەرلەرنىڭ يەرئاستى سۈيى تۆۋەنلەپ، 19 — 21 مېتىرغا چۈشۈپ قالدى. ۋەھالەنكى، توغراقنىڭ ھايات تۇرۇشى ئۈچۈن سۇ ئورنى تۆت مېتىردىن تۆۋەنلەپ كەتمەسلىكى شەرت ئىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ توغراقلار — تەكلىماكاندىكى بۇ باتۇر ئەزىمەتلەر تۈركۈم-تۈركۈملەپ، تۈمەن-تۈمەنلەپ قۇرۇپ كەتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ يىلتىزى ھېلىھەم ئايىغى ئاستىدىكى تۇپراقنى مەھكەم قۇچاقلاپ، تارىم دەرياسىنىڭ كونا ئېقىمى بويىدىكى خارابلاشقان «يېشىل كارىدور»نى قوغدىماقتا. تەكلىماكان چوڭ قۇملۇقى بىلەن قۇرۇقتاغ قۇملۇقىنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشىنى توسۇپ تۇرماقتا. ئەينى چاغدا بەزىلەر يۇقىرى ئېقىمنىڭ تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن تۆۋەن ئېقىمنى تاشلىۋېتىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمما ئەمەلىيەت تۆۋەن ئېقىمنى تاشلىۋەتكەندە ئىككى چوڭ قۇملۇق قوشۇلۇپ، دۆلەت تاشيولى ئۈزۈلۈپ قالىدىغانلىقىنى، چاقىلىق، لوپنۇر ناھىيىلىرىلا ئەمەس، كورلا شەھىرىمۇ قۇمنىڭ بىۋاستە تەھدىتى ئاستىدا قالىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. شۇنداقلا كىشىلەرگە بۇ قەدىمىي «يېشىل كارىدور»نى، بۇ يەردىكى ھەر بىر تۈپ يېشىللىقنى قوغداشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تونۇتتى.

بىز قۇرۇغان توغراقلارنى ئارىلاپ كېتىۋېتىپ، يەرلىك كىشىلەر تاشلاپ كەتكەن كونا ئۆيلەرنى ئۇچراتتۇق. بۇ ئۆيلەرنىڭ سەل نېرىسىدا قۇمغا كۆمۈلۈپ تىنىپ كېتەيلا دەپ قالغان چوڭ، ئۇزۇن ئازگال — تارىم دەرياسىنىڭ قىنى سوزۇلۇپ ياتاتتى. دەريانىڭ نېرىقى تەرىپىمۇ ئوخشاشلا قۇرۇغان توغراقلىق، گىياھسىز ئېگىز-پەس قۇملۇق ئىدى. 100 مىڭ يىللاپ ئۆركەشلەپ ئاققان، ساھىلىدا دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ، ئەڭ قەدىمىي توغراقلىقنى ھاسىل قىلغان تارىم دەرياسى بۈگۈنكى ئىنسانلار خۇي-پەيلىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، مانا مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق ھالدا تاشلىنىپ ياتاتتى.

ھەمراھلىرىمنىڭ ئىچىدە مۇشۇ ئەتراپتىكى ئورمان ئاسراش پونكىتىنىڭ مەسئۇلى بار ئىدى.

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن بۇ يىگىت ياش ئۆمرىنى ئادەمسىز جاڭگالدا، ئاشۇ توغراقلارغا سەرپ قىلىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ سومكىسىدىكى بىر خاتىرىگە بۇ توغراقلارغا ئائىت كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان سانلار ۋە ۋەزنىلىك ئوي-پىكىرلەر خاتىرىلەنگەنىكەن. ئەمما تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى 140 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بۇ خېلىلا كەڭ دائىرىنى باشقۇرىدىغان ئورمان ئاسراش پونكىتلىرىنىڭ شارائىتى ناچار بولغانلىقى ئۈستىگە ئۇلاردا بىرەرمۇ قاتناش قورالى يوق ئىكەن. ئۇلار قاچانمۇ ئۆز فونكسىيىمىزنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەرمىز، دەپ تىت-تىت بولىدىكەن.

قورغاندىن ئايرىلىۋاتقان چېغىمىزدا غۇز-غۇز شامال چىقىشقا باشلىغانىدى. ھەمراھلىرىم:

— تەلىيىڭىز بار ئىكەن، يولدىن قۇم ئاقىنىنى كۆرۈدىغان بولدىڭىز، — دەپ چاقچاق قىلىشتى. دەرۋەقە، ھايال ئۆتمەيلا ئاسفالىت يول يۈزىدىن قۇم خۇددى ئېقىن سۇدەك ئېقىپ ئۆتۈشكە باشلىدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ باشقا جايلاردا كۆرۈش نېسىپ بولمايدىغان ئۆزگىچە مەنزىرە ئىدى! ئەمما بۇ گۈزەل مەنزىرە كىشىنى ئەندىكتۈرەتتى، ئويلاندۇراتتى. . .

مەن ئايرىلىش ئالدىدا بۇ يەردىكى خىسلەتلىك توغراقلارغا، ھاياتىنى ئاشۇ توغراقلارغا ئاتىغان، ئاشۇ يولدا قان-تەر ئاققۇزۇپ، كۆيۈپ-پىشىۋاتقان بارلىق ياخشى كىشىلەرگە ئامەت تىلىدىم:

ئېھ، شورپېشانە توغراقلار. . .

ئېھ، ئاق نىيەت، جاپاكەش ئادەملەر، بەخت ۋە ئامەت سىلەرگە قۇچاق ئاچسۇن!

## 2

سۋېن ھېدىن تارىم دەرياسىدا كېمە بىلەن ئۈزۈپ، لوپنۇرنىڭ يېڭى كۆل دېگەن يېرىگە كەلگەندە دەريا تامامەن مۇزلاپ كەتكەنلىكتىن، ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئامالسىز قالىدۇ. ئۇ، ھەمراھلىرى بىلەن قومۇشتىن ئامبار، ئېغىل، مېھمان كۈتىدىغان چايخانىلارنى ياساپ، چېدىر تىكىپ بۇ يەرنى بارگاھقا ئايلاندۇرىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ بارگاھىنى «تۆرە سالغان ئۆي» دەپ ئاتىشىدۇ. سودا قىلىدىغانلار بۇ يەرگە يىغىلىدۇ، ئەرز-دادى بارلار سۋېن ھېدىننى ئىزدەپ كېلىدىغان بولىدۇ، ھەتتا مال سېتىپ يۈرگەن بۇخارالىق سودىگەرلەرمۇ بۇ يەرگە كېلىدۇ. سۋېن ھېدىن بۇ يەردە بىرمەزگىل ئۇنتۇلغۇسىز كۈنلەرنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، 1900-يىلىنىڭ باھارىدا لوپنۇر كۆلىگە يۈرۈش قىلىدۇ. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ھاياتلىقتىن ئەسەر يوق قۇملۇقتا خېلى كۈنلەر ماڭىدۇ. بىر كۈنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىر دۆڭدە ئۈچ ئېغىزلىق كونا ياغاچ ئۆي ئۇچرايدۇ. سۋېن ھېدىن بۇ يەردىن قەدىمىي پۇل، پالتا، رەسىم ئويۇلغان تاختا قاتارلىقلارنى تاپىدۇ. ئۇ بارغانسېرى قويۇقلىشىۋاتقان گۇگۇم قوينىدا شەرقىي جەنۇب تەرەپتە قەد كۆتىرىپ تۇرغان بىرنەچچە دۆڭلۈككە قاراپ قويۇپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئېلىنىۋالغان سۇ بىلەن

ئۇزۇقلۇقنىڭ كۈندىن كۈنگە ئاز قېلىۋاتقانلىقىنى ئويلايدۇ. ئۇلار ئەتىسى ئەتىگەندە يولغا چىقىپ يېرىم يولغا كەلگەندە ئۆزلىرى ئۈچۈن بەكمۇ زۆرۈر بولغان گۈرجەكنىڭ ئاخشامقى خارابىلىقتا ئۇنتۇلۇپ قالغانلىقىنى بايقايدۇ. بۇ پېشكەللىكنىڭ ئەمەلىيەتتە ئامەت پەرىشتىسىنىڭ چاقچىقى ئىكەنلىكىنى كىممۇ ئويلىسۇن! گۈرجەكنى ئەكەلگىلى كەتكەن ئۆردەك ئىسىملىك يول باشلىغۇچى ئەتىسى سەھەردە — كىشىلەر ئۇنىڭ ھاياتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن بىر پەيتتە ھاياجان ئىچىدە يېتىپ كېلىدۇ. ئەسلىدە گۈرجەكنى ئېلىپ قايتىشىدا بوراندا ئېزىپ قېلىپ، بىر دۆڭلۈكنىڭ تۈۋىدە بوراندىن پاناھلانغان، بوران توختىغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئايىغى ئاستىدا شالدىرلاپ تۇرغان تەڭگە پۇللارنى، ئاجايىپ نەپىس رەسىملەر ئويۇلغان تاختا پارچىلىرىنى كۆرگەن، بىرنەچچە قەدەم ئالدىغا مېڭىپ «ئۆمرىدە كۆرگەن ھەرقانداق خارابىلىققا سېلىشتۇرغۇسىز» ئورغۇن ئۆيلەرنى بايقىغان. . .

سۋېن ھېدىن ئۇ ئەكەلگەن تەڭگە پۇللارغا ، مىسلىسىز نەپىس ئويما رەسىملەرگە قاراپ، بىردىنلا قىپقىزىل بولۇپ قىزىرىپ، ھاياجاندىن ئۆزىنى باسالماي، شۇ ھامان ئارقىسىغا قايتماقچى بولىدۇ. ئەمما بۇ چاغدا پەقەت بىر كۈن يەتكىدەكلا سۇ قالغانلىقىنى، ئەتراپىدىكى شۇنچە ئادەمنىڭ ھاياتىنى ئويلاپ يەنە تۇرۇپ قالىدۇ. . . ئۇ ئىككىنچى يىلى شىزاڭدىن قايتىپ ، بارلىق ئوي-پىكرىنى ئەسىر قىلىۋالغان بۇ خارابىلىققا كەلگەندە ئۆزىنىڭ بىكار ھاياجانلانمىغانلىقىنى، بۇ قىممەتلىك مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇ ئۆز-ئۆزىگە : «مەن شۇنىڭغا ئەجەبلىنىمەن، نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ شۋېتسىيىدە مەن كۆرۈرەندە بايقىغان تارشا پۈتۈكلەر ۋە قەغەزلەردىن قەدىمىيراق بىرەر ئابىدە يوق؟» دەيدۇ. شۋېتسىيىلىك تىلشۇناس گوننار ياررىڭ ئەپەندى ئۇ ئېلىپ بارغان ئاسارئەتىقىلەرنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ، بۇ شەھەر خارابىسىنىڭ نامى كرورەن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ!

سۋېن ھېدىن بۇ مۇۋەپپەقىيەتلىرى بەدىلىگە دۇنياغا تونۇلغان ئېكسپېدىتسىيە چولپىنىغا ئايلىنىپ، ستوكھولىم پورتىدا نەچچە ئون مىڭلىغان يۇرتداشلىرىنىڭ گۈللەرگە كۆمۈپ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ، پادىشاھ، باش ۋەزىر قاتارلىقلارنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ۋە يۈكسەك باھاسىغا ئېرىشكەن. پادىشاھ گوستاف: «سىزنىڭ تىرىشچانلىقىڭىز ئارقىسىدا شۋېتسىيىنىڭ نامى دۇنيادا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى» دېگەن . لوپنۇرلۇق ئۆردەك بولسا، ئۆمرىنى نامراتچىلىق ئىچىدە ئىز-دېرەكسىز ئۆتكۈزگەن.

ئارىدىن 34 يىل ئۆتكەندە، شىنجاڭغا قايتا كەلگەن سۋېن ھېدىن ئۆردەك بىلەن يەنە كۆرۈشكەن. ئۇ، شۇ ھەقتە يازغان ماقالىسىدا ياشىنىپ قالغان، تۇرقىدىن نامراتلىق چىقىپ تۇرغان ئۆردەكنىڭ ئوغلى بىلەن بىللە ئاتقا مىنىپ كەلگەنلىكىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن: «بوۋاي قىرغاقتىن كېمىگە چۈشۈپ

ئالدىمغا كەلدى. كۆزنگە لىققىدە ياش ئالغىنىچە قولۇمنى مەھكەم تۇتتۇالدى. جاپالىق يىللار ئۇنىڭ ئالقىنىدا قېلىن قاداقلارنى پەيدا قىلغانىدى.

ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۆردەك ئىدى! مەن بۇ قەدىناس دوستۇمغا سەپسېلىپ يىللارنىڭ جەبرى-جاپاسى ئۇنىڭ چىرايىدا قالدۇرغان بەلگىلەرنى كۆردۇم. ئۇ بەكمۇ ياداڭغۇ ئىدى، پېشانىسىنى چوڭقۇر قورۇق قاپلىغان، ساقىلى ئۇچلۇق ئېڭىكىدە ئېسىلىپ تۇراتتى، تۇرقىدىن بەك ئاجىزلاپ كەتكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

. . » . ئۆردەكمۇ قەدىناس دوستىغا چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن تىكىلىپ(بۇ چاغدا سۋېن ھېدىنمۇ قېرىپ قالغانىدى) :

«32 يىلنىڭ ئالدىدا سىز چوقۇم كېلىمەن، دېگەنىدىڭىز ، بىز سىزنى بەك ئۇزاق كۈتتۇق، لېكىن سىز كەلمىدىڭىز، ئەينى چاغدىكى چاكارلارنىڭ كۆپى ئۆلۈپ كەتتى، اشاۋاتقانلىرىمۇ بار. مەن اخىرى سىز بىلەن ۆرۈشەلىگەنلىكىمدىن ەك خۇرسەن» دېگەن.

سۋېن ھېدىن ئۇنىڭ سەمىمي دوستلۇقىدىن تەسىرلىنىپ، قولىغا قەلەم ئېلىپ ئۆردەكنىڭ رەسىمىنى سىزىۋالغان. بۇ رەسىم ھازىرغىچە ساقلىنىماقتا.



لوپنۇر ناھىيىسىدىكى چوڭكۆل چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ ئايىغى تەرىپىدىن ئۆتىدىغان تارىم دەرياسى بويىغا كېتىۋاتقىنىمدا ئاشۇ ئاجايىپ ساپدىل، ساددا، دوستلۇقنى ئەزىز كۆرىدىغان، جاھانغا مەشھۇر بىباھا مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ تۇنجى بايقىغۇچىسى تۇرۇقلۇق نامراتلىق ئىچىدە ياشاپ ئالەمدىن ئۆتكەن ئۆردەكنى ئويلىدۇم. تارغىنە تاشيولدىن ھارۋا، قول تراكتورى ياكى ۋېلسىپىت ھەيدەپ ئۆتۈپ تۇرىدىغان چىرايى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىدىغان، ياڭاق سۆڭىكى بۆرتۈپ چىققان لوپنۇرلۇقلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ كۆزۈمگە سۋېن ھېدىن سىزغان رەسىمدىكى ئۆردەككە ئوخشاپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلدى.

ناھىيىدىن يىراقلىغانچە يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئاندا-ساندا كۆزگە تاشلىنىدىغان كەنت-مەھەللىلەرنىڭ ئورنىنى توپ-توپ قۇمۇش، يانتاق ھەم يۇلغۇن باسقان قۇملۇق چۆل ئىگىلىدى. ماشىنا دېرىزىسىدىن بېنزىن ئارىلاش چۆل ھاۋاسى يۈزگە ئۇرۇلاتتى، يىراقتا، چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا نېفىت قۇدۇقلىرىنىڭ جازىلىرى، سېرىق بېرزېنت چېدىرلار، گۆركىرەپ مېڭىپ يۈرگەن دالا ماشىنىلىرى كۆزگە تاشلىناتتى. يول بويلىرىنى لوپنۇر ياۋا كەندىرىنىڭ تۆۋەنگە قاراپ ئېچىلىدىغان ھالرەڭ گۈللىرى قاپلاپ كەتكەنىدى. بەزى يەرلەردە بۇ ئۆسۈملۈك شۇنچىلىك جىق ئىدىكى، يىراقتىن گويا چۆل ئۈستىنى قويۇق ھالرەڭ تۇمان قاپلىغاندەك كۆرۈنەتتى. فېرما ئورگىنىدا توختاپ، بىزنى دەريا بويىغا باشلاپ بارىدىغان ياش مائارىپ كادىرىنى ئېلىۋالدۇق. ئۇمۇ ئىنچىكە، ئېگىز بوي، تېرىسى قىزغۇچ قارامتۇل كەلگەن، ئېڭەك ۋە ياڭاق سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىققان تىپىك لوپنۇرلۇق ئىدى. ماشىنىمىز فېرمىدىن چىقىپ 100 مېتىردەك تۈز يولدا ماڭغاندىن كېيىن، توقايلىق ئارىسىدىكى ئەگرى-بۈگرى يولغا چۈشتى. يۇلغۇنلۇقلار، سارغىيىپ كەتكەن قۇمۇشلۇقلاردىن ئۆتۈپ، بارا-بارا قويۇق توغراقلىق ئارىسىغا كىرىپ كەتتۇق. ئاندا-ساندا ياپيېشىل، باراقسان ئۆسكەن توغراقلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپ قىسمى ئۈستى ياپيېشىل تۇرسىمۇ ئاستى ياكى يېرىمى قۇرۇشقا باشلىغان ئوتتۇرا ياشتىن يۇقىرى توغراقلىقلار ئىدى. يەريۈزىنى قاپلىغان ئوت-چۆپلەر بولسا تامامەن سارغىيىپ كەتكەنىدى. ئويمان يەرلەردە كۈزدە يايلاق سۇغۇرغاندا ھاسىل بولغان كۆلچەكلەر ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، بەزىلىرى خېلىلا چوڭ ئىدى. كۆلچەكلەرنىڭ ئۈستىدە بىرە-بىرە ياۋا ئۆردەك، بېلىقئالغۇچىلار كۆزگە چېلىقىپ قالاتتى. تۇيۇقسىز يول بويىدىكى ئوت-چۆپ ئارىسىدىن ئاق ئارىلاش قوڭۇر رەڭلىك ئىككى قۇش پالاقلاپ ئۇچۇپ چىقتى.

ـ ھاڭغىرت دېگەن مانا مۇشۇ، ـ دەپ تونۇشتۇردى يول باشلىغۇچىمىز، ـ ئىلگىرى بۇنداق قۇشلار بەك كۆپ بولىدىغان، ھازىر ئازلاپ كەتتى.

ـ باشقا ھايۋانلارچۇ، بۇ ئەتراپتا باشقا ھايۋانلارمۇ بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدۇم.

ـ ھازىر ئانچە ئۇچرىماس بوپكەتتى، ئادەم كۆپىيىپ جاڭگاللار شالاڭلاپ كەتتى ئەمەسمۇ.

ئىلگىرى بۇ ئەتراپتا ئۇچار قۇش، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ كۆپلىكىنى تولا ئاڭلايتتۇق. سۋېن ھېدىن قېيىق بىلەن تارىم دەرياسىدا كېتىۋېتىپ، قىرغاقتىكى قويۇق قۇمۇشلۇق ئارىسىدا ئۈركىمەي جىمجىت قارىشىپ تۇرغان چوڭلىرى قارا، كىچىكلىرى قوڭۇر كەلگەن بىر توپ قاۋاننى،

كېمىنىڭ ئەتراپىدىلا بەخۇدۇك ئۈزۈپ يۈرگەن ياۋا غازلارنى، قىرغاقتىن لىپ-لىپ كۆرۈنۈپ قالىدىغان، كېمىنىڭ يېنىدىنلا ئۈزۈپ نېرىقى قىرغاققا ئۆتۈپ كېتىدىغان كىيىكلەرنى، بىر تۈلكىنىڭ قىرغاققا يېقىن ئۈزۈپ كېتىۋاتقان بىر ياۋا غازنى خېلىغىچە ماراپ ماڭغانلىقىنى كۆرگەن. ئۈچ بۈرجەك بولۇپ سەپ تارتىپ، چۇۋۇلدۇشۇپ ئىسسىق تەرەپلەرگە، گانگ دەياسى بويلىرىغا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ياۋا غازلار توپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى نەچچە يۈز يارد (بىر يارد 0.914 مېتىر) غا يېتىدىغانلىقىنى تەسۋىرلىگەن.

ئۇ يەنە قۇملۇقتا كېتىۋېتىپ قارامتۇل كەلگەن ئىنتايىن چەبدەست بۆرىلەرنى، قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا 20 ـ 30 لاپ ئوتلاپ يۈرگەن ياۋا تۆگىلەرنى، ھېلىلا مېڭىپ ئۆتكەن يىلپىز ھەم يولۋاسنىڭ ئىزلىرىنى كۆرگەن. قاپقان ئارقىلىق يولۋاس ئوۋلىغۇچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلاردىن يولۋاس تېرىسى سېتىۋالغان ۋە ئۇنى ستوكھولمدىكى ئۆيىگە ئېسىپ قويغان. ئۇ، قۇملۇقتىكى «مۇقەددەس ھەم ئېسىلزادە ھايۋان» ياۋا تۆگىگە ئاجايىپ زوقلانغان ۋە قۇملۇقتا ئاچ قېلىش خەۋپىدە تۇرغاندىمۇ ئاشۇ تۆگىلەرنى ئوۋلاشقا نەقەدەر قىيالمىغانلىقى توغرىلىق ئاجايىپ تەسىرلىك ھەم گۈزەل خاتىرىلەرنى قالدۇرغان.

تارىم يولۋىسى توغرىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى مەلۇمات 1940-يىللارنىڭ ئاخىرىدا گومىنداڭنىڭ مۇشۇ ئەتراپتا تۇرۇشلۇق بىر لىيەن ئەسكىرىنىڭ بىر يولۋاسنى قوغلاپ، قورشاپ ئۆلتۈرگەنلىكى بولسا كېرەك. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن، بولۇپمۇ 1950-يىللاردىن كېيىن تارىم ۋادىسىدا يولۋاسنىڭ ئىزى ئۆچكەن.

تەكلىماكان قۇملۇقى گەرچە ئىنتايىن قۇرغاق، ئېكولوگىيە سىستېمىسى ئاجىز رايون بولسىمۇ، ئۇنىڭدا مەۋجۇد بولۇپ كېلىۋاتقان قەدىمىي سۇ سىستېمىسى، بولۇپمۇ تارىم دەرياسى سۈيىنىڭ سىڭىشى بۇ قۇملۇقتا ھاياتلىقنىڭ كۆپ خىل بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن. شىنجاڭنىڭ ياۋايى ھايۋانلار مۇتەخەسسىسى يۈەن گويىن «شىنجاڭدىكى ياۋايى ھايۋانلار» دېگەن كىتابىدا، شىنجاڭنىڭ قۇملۇق رايونلىرىدا يولۋاس، بۇغا، قاۋان، بۆرە، تۈلكە، ياۋا مۈشۈك، لەڭمەنتاقتاق، ياۋا تۆگە، قوڭۇر ئېيىق، ئاق يىلپىز، ياۋا ئېشەك، ياۋا قوتاز، جەرەن قاتارلىق 125 خىل ياۋايى ھايۋان، ئاق قۇ، ياۋا غاز، قىرغاۋۇل... قاتارلىق 364 خىل قۇش، 618 خىل ئۆمىلىگۈچىلەر، 20000 خىل قۇرت-قوڭغۇز بار ئىكەنلىكىنى، بۇلارنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتكەنلىرىدىن باشقا مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭمۇ يوقىلىش گىردابىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى يازغان. بۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقان چېغىمدا، كۆز ئالدىمدا تارىم ۋادىسىدىكى قۇرۇپ كەتكەن توغراقلىق، يالىڭاچ قۇملۇقتا، كۈننىڭ ئوتتەك ھارارىتى ئاستىدا تەنھا قالغان ئىنساننىڭ ئېچىنىشلىق، غېرىب ھالىتى كۆرۈنگەندەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نوھ ئەلەيھىسسالام توغرىسىدىكى قەدىمىي رىۋايەتنى ئەسلىدىم. يەر يۈزىنى توپان بالاسى قاپلاپ كېتىۋاتقاندا ئۇ نېمە ئۈچۈن كېمىسىگە بالا-ۋاقىلىرىنىلا ئەمەس، دۇنيادىكى بارلىق جانلىقلاردىن بىر جۈپتىن ئېلىۋالدى؟ قارىغاندا، ئىنسانلار كۈندە دېگۈدەك ئاڭلاپ تۇرۇۋدىغان بۇ رىۋايەتنىڭ مەنىسىنى زور بەدەلسىز تونۇپ يېتەلمىسە

كېرەك.

دەريا تەرەپكە يېقىنلاشقانچە، يول بويلىرىدىكى ئېگىز قۇم دۆڭلىرىنىڭ ئۈستىدە قۇمۇشتىن ياسالغان يوغان ساتمىغا ئوخشاپ كېتىدىغان مالچى ئۆيلىرى (لوپنۇرلۇق چارۋىچىلار ئادەتتە مۇشۇنداق ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ) ئۇچراشقا باشلىدى. شۇنداق ئۆيلەردىن بىرىنىڭ ئالدىغا كەلگىنىمىزدە، ئۆي ئىگىلىرى ئالدىمىزغا كېلىپ، بىزنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. سىرتتىكى ئوچاقتا بىرنەچچە كىشى ئۇزۇن-ئۇزۇن يۇلغۇن زىخلارغا ئۆتكۈزۈلگەن گۆشلەرنى كاۋاپ قىلىپ پىشۇرۇۋاتاتتى. ساتما ئۆينىڭ تۆرىدىكى سۇپىغا كىگىز -كۆرپىلەر سېلىنغان بولۇپ، كۆرپىلەردە ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ باشلىقى قاتارلىقلار ۋە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر پروفېسسورى بىلەن ياش بىر ئوقۇتقۇچى بار ئىكەن. بۇ ئىككەيلەن بۇ يەردە قويلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش، كالا سورتىنى يېڭىلاش، گۆش، سۈت مىقدارىنى كۆپەيتىش سىنىقىنى ئېلىپ بېرىۋېتىپتۇ. ياش يىگىت بۇ چەت جاڭگالدا چارۋىچىلار ئارىسىدا داۋاملىق تۇرىدىكەن. بۈگۈن يەرلىك كىشىلەر ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن مال سويۇپ، ئۇلارنى مېھمان قىلىۋېتىپتۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ لوپنۇرلۇقلار ناھايىتى مېھماندوست كېلىدىكەن، ھەرقانداق مېھماننى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ، ئەتىۋارلاپ مال سويۇپ كۈتۈۋېلىش ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكىمۇ ئادىتى ئىكەن. بىز سورۇندىكىلەرنىڭ قىستىشى بىلەن داستىخانغا كەلدۇق. داستىخاندا پىشۇرۇلغان گۆش، كاۋاپ، نان قاتارلىقلار تىزىلغانىدى. پروفېسسور - يۇمىلاق قىزىل يۈزلۈك، خۇشچاقچاق كىشى بۇ يەردە سۇنىڭ قىسلىقى، دەريا سۈيىنىڭ ئاچچىقلىقى، شۇڭا بوتۇلكىلارغا قاچىلاپ سېتىلىدىغان «مېنېرال» سۇلارنى قايىنتىپ ئىچىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. كېيىن پاراڭ تەبىئىي ھالدا گېزىت-تېلېۋىزىيە ئۈستىگە يۆتكەلدى. ئولتۇرغانلار پروفېسسور بىلەن شاگىرتىنىڭ ئەمگىكىنى تەرىپلەپ: بىزدە مۇشۇنداق ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىۋاتقانلارمۇ كۆپ. لېكىن گېزىت-تېلېۋىزورلاردا مۇنداق كىشىلەر خەۋەر قىلىنمايۋاتىدۇ، دېيىشتى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قۇملۇق چۆلدە، چارۋىچىلار ئارىسىدا ئايلاپ-يىللاپ تۇرۇپ ئۈن-تىنسىز تۆھپە يارىتىۋاتقان بۇ كىشىلەر توغرىلىق بىرەر نەرسە يېزىشنى، ئۇلار بىلەن كۆپرەك سۆزلىشىشنى ئويلاپ قالدىم. ئەمما شارائىت بىئەپ ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يولىمىز خېلى بار، دەريا بويىغا بېرىپ كەلگىچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. بىز خوشلىشىپ يەنە يولغا چۈشتۇق.

توغراقلىق، قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىن سوزۇلغان ئەگرى-بۈگرى يول بەزىدە تارىيىپ كەتسە، بەزىدە ئويمانلارغا چۈشۈپ كېتەتتى. ماشىنا توختىماي سەكرەيتتى. بەزىدە قويۇق توپا ئىچىدە ماڭاتتۇق. گاھى بوز توپىلىق ئۈستىگە قۇمۇش ئۆسكەن دۆڭلەر، گاھى توغراقلىق، قۇمۇشلۇقلار، گاھى قامغاق، تىكەنلىكلەر ئورۇن ئالمىشىپ تۇراتتى. تۇرۇپلا ياپيېشىل، گىلەمدەك يۇمشاق چىمەنلىك يانباغىرلار ئۇچراپ تۇراتتى. ئۇ يەر-بۇ يەردە ئوتلاپ يۈرگەن توپ-توپ قويلار كۆرۈنەتتى. دەريا تەرەپكە يېقىنلاشقاندا ھاۋا سالقىنداپ، توغراقلىق بىلەن

يىشىللىق قويۇقلاشتى. ياش توغراقلار سۆلكەتلىك، ياپيېشىل، ئاجايىپ كۆركەم ئىدى. ياۋا كەندىرلەرمۇ باشقىچە ئېچىلىپ، ئەتراپنى بىر تۇتاش قىزغۇچ تۇسكە كىرگۈزۈۋەتكەنىدى. بىر چاغدا يول باشلىغۇچىمىز:

– كەلدۇق، ئەنە ئاۋۇ يەر دەريانىڭ قېشى شۇ، – دېدى.

مەن قولاقلىرىمغا ئىشەنمەي قالدىم. ھەيۋەتلىك تارىم دەرياسى راستتىنلا شۇمۇ؟ ئۇنىڭ ئۆركىشى، گۆركىرەشلىرى قېنى؟ دەريا ئەمەس ئۆستەڭمۇ شارقىرايدىغۇ؟

قېلىن توغراق، قومۇشلۇق ئارىسىدا تارىم دەرياسى تېپتىنچ، شاۋقۇنسىز، يۇۋاشلىق بىلەن ئېقىۋاتاتتى. ئومۇمي كەڭلىكى 20 مېتىرغىمۇ يەتمەيدىغاندەك قىلاتتى. يەنە كېلىپ، 10 مېتىردەك قىسمى ئاستىدىن قومى كۆرۈنۈپ تۇرۇدىغان سايازلىق ئىدى. قالغان 10 مېتىرچە يېرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى قانچىلىك؟ ئۇ نامەلۇم.

– تارىم دەرياسى راستتىنلا مۇشۇمۇ؟ – مەن ئۆز-ئۆزۈمدىن سوراۋاتقاندەك يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدىم. ئىگىشىپ سۇپسۇزۇك سۇنى ئوچۇمۇمغا ئالغان چېغىمدا ۋۇجۇدۇمنى ھاياجان قاپلىدى. ئۇزاقتىن بويان تەلپۈنگەن ئانا دەريانىڭ بويىغا كەلگەن تۇرۇقلۇق ئۇنىڭ ھاياتبەخش سۈيىنى قېنىپ ئىچمەي قانداقمۇ كېتەلىشىم مۇمكىن. سۇنى ئاغزىمغا ئالدىمۇ – دەرھال تۈكۈردۇم. سۇ زەھەردەك ئاچچىق، شورلۇق ئىدى.

– بۇ، تارىمنىڭ سۈيى ئەمەس، تارىمنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى زەيكەشلەرنىڭ سۈيى، – دېدى يول باشلىغۇچى.

– ئۇنداقتا، تارىمنىڭ سۈيى. . .

ئۇ، ئارالدىن تارتىپ داشخەي سۇ ئامبىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى چوڭ-كىچىك سۇ ئامبارلىرىدا، سانسىز توسما – دامبا، ئېچىقلاردا، توختىماي ئېچىلىۋاتقان بوز يەرلەردە. بۇ يۇرتقا قالغىنى بولسا زەي سۇ. بۇ ناھىيىنىڭ قارچۇغا يېزىسىدا تارىمنىڭ سۈيىنى ئىچكەن ھايۋانلار ئۆلگەن. بۇ سۇدا سۇغۇرۇلغان زىرائەتلەر قۇرۇپ كەتكەن. بۇ ھەرگىزمۇ رىۋايەت ياكى توقۇلما ئەمەس.

بىز دەريا بويىدىن قايتىپ يول بويىدا يېڭىدىن ئېچىلىپ، كېۋەز تېرىلغان بوز يەرلەرنى كۆردۇق. بىراق سۇ ئاچچىق بولغانلىقتىن مايسىلار تازا ئايىنىيالمىغانىدى. ھەممە يەرلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يەرنىڭ قېتىقى ئالاھىدە تەملىك بولىدىكەن. بىز قېتىق ئىچمەكچى بولۇپ بىر قوم دۆۋىسى ئۈستىدىكى ئۆي ئالدىدا توختىدۇق. ماشىنىنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۆي ئىگىلىرى – تەمبەل، ئوتتۇرا بوي مالچى بىلەن ئاق يۈزلۈك، سېمىز، ئۇزۇن ئاق رومال سېلىۋالغان ئايال ئالدىمىزغا چىقتى ھەم بىزنى ئوچۇق چىراي بىلەن ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. بىز قېتىق ئىچىپلا كېتىدىغانلىقىمىزنى ئېيتساقمۇ، ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ چىڭ تۇرۇۋالدى.

– مالچىلارنىڭ ئادىتى شۇنداق، ئۇلار بەك مېھماندوست، – دېدى شوپۇر.

«مېھماندوست»، مەن بۇ سۆزنى بەك كۆپ ئاڭلىغان، يالغۇز مالچىلارلا ئەمەس، بىز ئۇيغۇرلار ھەممىمىز ئاجايىپ مېھماندوست. ھەيي . . . بۇ مېھماندوستلۇقىمىز.

ساتىمنىڭ بىر چېتىدىكى ئوچاقتا قازاندا گۆش قايناۋاتاتتى، تۈۋرۈككە بىر پۇتتەك يېڭىدىن سويۇلغان گۆش ئېسىپ قويۇلغانىدى. ساتىمدىكى سۇپىدا بىزدىن باشقا يەنە ئۈچ-تۆت مېھمان بار بولۇپ، ئۇلار قوشنا مەھەللىدىن كەلگەن ياشلار ئىكەن. ئۆي ئىگىلىرى ئىككى لىگەنگە گۆش سۇزۇپ، بىر لىگەننى ياشلارنىڭ ئالدىغا، بىرنى بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويدى. ئەر-ئايال ئىككىسى پەگادا قول باغلاپ تۇرۇپ، تۆرگە چىقىرىپ قويۇلغان مېھمانلارنى – يەنى بىزنى ھەدەپ گۆشكە زورلايتتى. ئۆزلىرىنىڭ چىرايىدىن قورسىقىنىڭ ئاچلىقى، قۇرۇپ گەز باغلاپ تۇرغان لەۋلىرىدىن گۆش-شورپا دېگەننىمۇ كۈندە كۆرۈپ تۇرمايدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم بىر قىسما بوپقالدى. قىزىق چايدىن ئوتلاپ ئولتۇرۇپ، ئىچىدىغان سۇنى نەدىن ئەكېلىدىغانلىقىنى سورىدۇم.

– باسما قۇدۇقىمىز بار، قۇدۇق سۈيى ئىچىمىز، – دېدى مالچى.

– ماللارنىچۇ، ماللارنىمۇ قۇدۇق سۈيى بىلەن سۇغۇرامسىلەر؟

– دەريانىڭ سۈيى بىلەن سۇغۇرىمىز، قوي دېگەن تىلسىز، يۇۋاش مەخلۇق، ئىچمەي ئامال يوق، – دەپ كۈلدى مالچى.

–تارىمنىڭ سۈيى ئىلگىرىمۇ مۇشۇنداق ئاچچىقمىدى؟

– دۇنيادا تارىمنىڭ سۈيىدەك تاتلىق سۇ يوقمىدىكىن، دەيمەن، – دېدى مالچى، – ئىلگىرى سۇ بەك كۆپ ئىدى، قىنىغا پاتماي مۇشۇ ئارىلىقچە ئاقاتتى. ھەممىلا يەردە چوڭ-چوڭ كۆللەر، بولاقلار بارئىدى. دەريا بويىدىكى توغراقلىق، توقايلىقلارنىڭ قېلىنلىقىدىن ئۆتمەك تەس ئىدى. ئاسماندا خىلمۇ خىل قۇش، يەردە مال-چارۋا، ياۋا توشقان، بۇغا-مارال، سۇدا بېلىق دېگەنلەر پاتماي يۈرەتتى. ئاجايىپ يۇرت ئىدى بۇ.

ناھايىتى سۆزمەن بۇ ئادەمنىڭ ئاھاڭىدىن ئۆتكەن كۈنلەرنى سېغىنىش، شۇنداقلا يەنە ئاجايىپ بىرخىل ھەسرەت، بىچارىلىق تۆكۈلۈپ تۇراتتى. بۇ، قولىدىكى ئېسىل نەرسىسىنى يوقىتىپ قويۇپ، ئۆمۈرلۈك ھەسرەتتە قالغان كىشىلەردىلا بولىدىغان، تەسۋىرلەش قىيىن بىرخىل ھالەت ئىدى.

بىز ئۆي ئىگىلىرى بىلەن خوشلاشتۇق. قوشنا مەھەللىلىك يىگىتلەرمۇ ئۇزاپ چىقتى. ئۆي ئىگىلىرىنىڭ قوشنا مەھەللىگە ياتلىق قىلىنغان قىزى – مېھرى ئىسسىق ياش كېلىنچەك ماشىنىمىزغا چىقىۋالدى. مېھمان يىگىتلەرنىڭ ئىككىسى موتسىكلىتلىق، بىرسى ئاتلىق كەلگەنىكەن. موتسىكلىت بىلەن ئات بىرلا ۋاقىتتا چېپىشقا چۈشتى، قارىغاندا يىگىتلەر بەسلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. دەسلەپتە ئات ئىلگىرىلەپ كەتتى، ئات ئۈستىدە يېپىشىپ ئولتۇرغان چەۋەنداز ئاتنى بولۇشىغا چاپتۇرماقتا ئىدى. ئاتمۇ خېلى يۈگرۈك ئات ئىكەن، تەڭمۇ تەڭ ھالەت خېلى ئۇزاق داۋاملاشتى. موتسىكلىت ئوڭغۇل-دوڭغۇل يولدا چاپچىپ كۆچەپ ئالغا ئىتىلاتتى. يول سەل سىلىقلاشقاندىن كېيىن موتسىكلىتنىڭ سۈرئىتى تېزلەشتى ۋە ئاتتىن تىزلا ئۆتۈپ كەتتى. چەۋەنداز تۈز يولنى تاشلاپ پاكار قوم دۆۋىلىرى ئارىسىغا كىرىپ كەتتى ۋە بىر پەستىن كېيىن ئۇشتۇمتۇت موتسىكلىتنىڭ خېلىلا ئالدىدا چىقىپ، چوڭ يول تەرەپكە قاراپ كەتتى. ھەممىمىز كۈلۈشتۇق. ياش كېلىنچەك پەخىرلەنگەن ھەم

تارتىنغان ھالدا كۈلۈپ ئولتۇراتتى. ئەسلىدە چەۋەنداز يىگىت ئۇنىڭ ئېرى ئىكەن.

قىرما ئورگىنىدا يول باشلىغۇچى بىلەن كېلىنچەك چۈشۈپ قالدى. قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغانىدى، بىز بۇ يەردە ئۇزاق تۇرماي ناھىيە بازىرىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق.

* * *

قۇملۇق تاشيولىدا ماڭسىڭىز بوگۇرنىڭ جەنۇبىدىكى قۇملۇقتا قاتار-قاتار تىزىلغان نېفىت قۇدۇقلىرى، تەرەپ-تەرەپكە تۇتاشقان يوللارنى، موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان ماشىنا-ئاپتوموبىللارنى، قۇملۇق ئوتتۇرىسىدا قەد كۆتۈرگەن زامانىۋى بىنالارنى كۆرىسىز. چۆلنىڭ ئۇيەر-بۇيېرىدە لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان قۇدۇقلار خۇددى قۇملۇققا ئورۇنلاشتۇرۇلغان غايەت زور ئولىمپىك مەشئەللىرىدەك، بۇ يەردە خۇددى مىسلى كۆرۈلمىگەن چوڭ كۆلەملىك مۇسابىقە - گىگانت ماشىنا ئادەملەرنىڭ مۇسابىقىسى بولۇۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. ھەر قانداق مۇسابىقە ئاخىرلىشىدۇ، لېكىن بۇ مۇسابىقە ئاخىرلاشمايدۇ، بەلكى تېخىمۇ قىزىيدۇ. چۈنكى بۇ تارىم نېفىتلىكىنى ئېچىش - غەربىي رايوننى ئېچىش مۇسابىقىسى. تارىم ۋادىسىدا مۇنداق نېفىتلىكلەر، قۇدۇقلار ئاز ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ كۆپىيىدۇ. تەكلىماكان قۇملۇقى ئاستىدا ئۆركەشلەپ تۇرغان 70 مىليارد توننىدىن ئارتۇق نېفىت كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى «ئۆلۈك دېڭىز» نى «ئۈمىد دېڭىزى» غا، دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ نېفىت ئامبىرىغا ، 21-ئەسىردىكى «پارس قولتۇقى» غا ئايلاندۇردى. تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ يەردىكى نېفىت زاپىسى يەرشارى ئومۇمىي نېفىت زاپىسىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدىكەن. تەبىئىي گاز زاپىسى 8 تىرىليون كۇبمېتىر بولۇپ، ئامېرىكا تەبىئىي گاز ئومۇمىي زاپىسىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە باراۋەر ئىكەن. نېفىتلىك ئېچىلغان 11 يىلدىن بۇيان تارىم نېفىتچىلىرى جاپالىق كۈرەش ئارقىلىق تارىم نېفىتلىكىنى دۇنيادىكى 1-دەرىجىلىك نېفىتلىككە ئايلاندۇردى. يېقىندا يەنە تارىم ئويمانلىقىدىن 470 مىليارد كۇبمېتىر تەبىئىي گاززاپىسى ئېنىقلاندى. بۇ سانلار كىشىنى نەقەدەر خۇشال قىلىدۇ، ئىلھاملاندۇرىدۇ-ھە! ئىراق. . . بۇ يەردە مەسىلە يەنىلا سۇغا بېرىپ تاقىلىدۇ. ئادەتتە بىر توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن ئون توننا سۇ كېتىدۇ. ھەر توننا نېفىتنى پىششىقلاش ئۈچۈن 20 توننا، ئايلانغان سۇ مىقتارىنى چىقىرىۋەتكەندىمۇ بىر توننا سۇ كېتىدۇ. ئۇنداقتا ھازىر تارىم نېفىتلىكىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقتارى قانچىلىك؟ ئىككى مىليون توننا! دېمەك، تارىم دەرياسىنىڭ سۈيى بارغانسېرى ئاز قېلىۋاتقان ئەھۋالدا مۇناسىۋەتلىك خادىملارنىڭ مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، يەنە بىر نەچچە يىلدا تارىم دەرياسى نېفىتلىكىنى سۇ بىلەن تەمىنلىيەلمەسلىكى مۇمكىن، دەپ ئەندىشە قىلىشى ئورۇنسىز ئەمەس.

غايەت زور «مەشئەل» لەر كېچە-كۈندۈز لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغاچقىمۇ، كىشىنىڭ نەپسىنى بوغقىدەك ئىسسىق بىلىنگەن نېفىتلىك يىراقتا قالدى. ئەمدى يولنىڭ ئىككى يېقى قۇرۇغان ھەم قۇرۇشقا باشلىغان شالاڭ توغراقلىق ئىدى. بۇ چىڭقى چۈشتە قاغجىرىغان تۇپراق، تىنجىق ھاۋا، قۇرۇغان توغراقلار كىشىدە زېرىكىش، ھارغىنلىق پەيدا قىلاتتى. يول ماڭسا-ماڭسا تۈگىمەيۋاتقاندەك بىلىنەتتى. دەريا تەرەپكە يېقىنلاشقانچە قىپقىزىل ئېچىلىپ كەتكەن يۇلغۇنلار ئۇچراشقا باشلىدى. قاقاس چۆلدە ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان بۇ گۈزەللىكتىن كىشى ھاڭ-تاڭ قالاتتى، ئىختىيارسىز كۆزلىرىنى ئۈزەلمەي قالاتتى. بارا-بارا ئىككى تەرىپىمىزدىكى توغراقلارىيېشىل تۈس ئالدى ھەم قويۇقلاشتى، كېيىن توغراقلار يوقاپ ئۇنىڭ ئورنىنى كېۋەزلىك ئىگىلىدى. شۇ ئەسنادا «يېڭى بازار» غىمۇ كەپقالدۇق.

نېفىتلىك ھەم قۇملۇق تاش يولى بىلەن تەڭ بارلىققا كەلگەن بۇ بازارنىڭ ئىككى تەرىپى قاتار كەتكەن ئاشخانا، ماگىزىن، رېمونتخانا دېگەندەكلەر بىلەن تولغانىدى. ئاشخانىلارنىڭ ئالدىدا ئۇزۇن يوللۇق يولۇچىلار ئاپتوبۇسى، ماشىنا-پىكاپلار توختاپ كەتكەن، يول بويى ئاشخانىلاردىن چىقىۋاتقان ناخشا-مۇزىكا ساداسى، خوجايىنلارنىڭ خېرىدار چاقىرىشلىرى، موتور ئاۋازى، ئومۇمەن تاشيول بويىدىكى كىچىك بازارلاردا بولىدىغان ھەممە ئاۋازلار بىلەن تولغانىدى. بازاردىن 100 مېتىر يىراقلىقتا تارىم دەرياسى چوڭ كۆۋرۈكى قەدكۆتۈرۈپ تۇراتتى. يىراقتىن قارىغاندا، ئۇ خۇددى دەرياغا قونۇپ تۇرغار غايەت زور ھەم ئۇزۇن ئەجدىھاغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدا - ئەسلى قىنىنىڭ ئازلا بىر قىسمىدا تېپتىنچ - ھالسىز، كىچىك-كىچىك ئاراللارنى پەيدا قىلىپ ئېقىۋاتقان تارىم دەرياسى بولسا، كىشىنى سەل ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قوياتتى.

- كەلكۈن ۋاقتىدا كەلگەن بولسىڭىز باشقىچە مەنزىرە كۆرگەن بولاتتىڭىز، - دېدى ھەمراھلىرىم.

مەن ئۇنىڭ تومۇز ئاپتىپىدا سارغۇچ بولۇپ تاۋلىنىپ يىراق-يىراقلارغىچە سوزۇلۇپ ياتقان دەل-دەرەخسىز تاقىر قىرغاقلىرىغا بىر پەس قاراپ تۇردۇم. تۆۋەنگە چۈشۈپ قىرغاقنىڭ سەل پاكىزرەك يېرىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئوچۇمۇمغا سۇ ئالدىم.

- ئىچمەڭ، بۇ سۇ مەينەت ھەم تۇزلۇق!

ئاغزىمغا كىچىككىنە سۇ ئېلىپ يەنە تۈكۈرۈۋەتتىم. بۇ قېتىمقىسى لوپنۇردىكىدەك ئاچچىق بولمىسىمۇ، خېلىلا تۇزلۇق ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى تارىم دەرياسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشلۇق دەريا باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ مەسئۇلى تەمىنلىگەن مەلۇماتلار چۈشەندۈرەتتى: 1999-يىلى ئىيۇندا تارىم دەرياسى ئوتتۇرا ئېقىم سۈيىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى 6 . 10 گرام / لىترغا يېتىپ، ئىشلىتىدىغان سۇنىڭ دۆلەت بەلگىلىگەن مىنېراللىشىش ئۆلچىمىدىن ئون ھەسسە ئېشىپ كەتكەن. شورلىشىش دەرىجىسى ئېغىر رايونلارنىڭ سۇغۇرۇشقا ئىشلىتىدىغان سۈيىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسىمۇ دۆلەت بەلگىلىگەن ئۆلچەمدىن بەش ھەسسە ئېشىپ كەتكەن. . .

يەنە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردا ئېيتىلىشىچە،

تارىم دەرياسىدىكى زەيكەش سۈيىنىڭ كۆپ قىسمى يۇقىرى ئېقىمدىن: ئاۋات ـ قۇمقۇدۇق (ساجىنزى) سۇغۇرۇش رايونىدىن، ئۆگەن دەرياسى سۇغۇرۇش رايونى ۋە ئاقسۇ دەرياسى سۇغۇرۇش رايونىدىن قويۇپ بېرىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئىچىدە ئارال سۇغۇرۇش رايونىدىن قويۇپ بېرىلىدىغان زەيكەش سۈيى ئەڭ كۆپ بولۇپ، بىۋاستە تارىم دەرياسىغا قويۇپ بېرىلىدىكەن. بۇ تۆت رايوننىڭ نەچچە مىليون مو ئېتىزلىقىدىن قويۇپ بېرىلگەن نەچچە يۈز مىليون كۇبمېتىر زەي سۇ تارىم دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغىغان. تارىم ۋادىسىدا يەر ئۈستى سۈيىلا ئەمەس، يەر ئاستى سۈيىمۇ ئېغىر دەرىجىدە مىنېراللىشىپ كەتكەن.

لوپنۇرلۇق ھېلىقى چارۋىچى ئېيتقاندەك، تارىم دەرياسى دۇنيا بويىچە سۈيى ئەڭ تاتلىق دەريالارنىڭ بىرى ئىدى. بىرنەچچە يۈز يىل ئىلگىرى يېزىلغان «غەربىي دىيار ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق خەنزۇچە كىتابتا: «تارىم دەرياسىنىڭ سۈيى چوڭقۇر، سۈزۈك ھەم تاتلىق ئىكەن» دەپ يېزىلغان. 1958-يىلىغىچە تارىم دەرياسى سۈيىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى 1g/L دىن ئېشىپ كەتمىگەن. بۇ يەردىكى بىردىنبىر سەۋەب، نوپۇسنىڭ پەۋقۇلئاددە تېز سۈرئەتتە كۆپىيىپ، يەرلەرنىڭ قارىغۇلارچە، ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ ئېچىلغانلىقىدا. پەقەت 1949-يىلدىن 1992-يىلغىچىلا تارىم ۋادىسىدا نوپۇس ئىككى ھەسسىدىن ئارتۇق، تېرىلغۇ يەر بىر ھەسسە كۆپەيدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەممىگە ئايان سەۋەبلەر تۈپەيلى كۆپىيىش سۈرئىتى تېخىمۇ تېز بولدى.

دەريا باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ مەسئۇلى بىزنى تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى خۇسۇسىي دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ كېۋەزلىكىگە باشلاپ باردى. نەچچە ئون مىڭ مو كېلىدىغان، چېتىگە كۆز يەتمەيدىغان بۇ كېۋەزلىكلەر سان-ساناقسىز يېشىل توغراقلارنى، يۇلغۇن ۋە باشقا يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى يوقىتىش ھېسابىغا ئېچىلغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇنىڭ شورلىشىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، بىز كۆرگەن يەرلەردە كېۋەزلەر ئانچە ئاينىمىغان، مۇشۇنچىۋالا يەرنىڭ بىرنەچچە يىلغا بارماي تاشلىنىپ، قۇملىشىپ كېتىدىغانلىقى «مانامەن» دەپ كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار تەمىنلىگەن ماتېرىياللارغا قارىغاندا، بۇيەردىن چاراغچە 400 كىلومېتىرلىق دائىرىدە توغراقلىقنى بۇزۇپ، يەر ئېچىش ئەھۋالى ناھايىتى ئېغىركەن. بۇ رايوننىڭ 200 گە يېقىن سۇ تارتىش پونكىتىدىكى 500 سۇ پومپىسى تارىم دەرياسىنىڭ سۈيىنى خالىغانچە تارتىپ كېتىدىكەن. شايار ناھىيىسىدە يېقىنقى يىللاردا ئېچىلغان جەنۇبىي تارىم تەرەققىيات رايونىدا 120 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر بار ئىكەن. بۇ يەردىكى 20 مىڭغا يېقىن تۇراقسىز ئاھالە ئاساسەن ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەلگەن خۇسۇسىي بوزيەر ئاچقۇچىلار بولۇپ، يەر قالايمىقان ئېچىلىپ، كېۋەز بەك كۆپ تېرىلىۋەرگەنلىكى، ئەتراپىدا مۇداپىئە ئورمىنى بولمىغانلىقى، ئەسلىدىكى ئورمانلارمۇ يوقىتىۋېتىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئېكولوگىيە ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. ھازىر بۇ يەردە قۇم-بوران بارغانسېرى كۈچىيىپلا قالماي، كەڭ دائىرىلىك قۇرت ئاپىتى يۈز بەرگەن. . .

شۇنداق قىلىپ، 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى ئون يىلىغا كەلگەندە قەدىمىي، ئەلۋەك تارىم دەرياسى بىردىنلا ھالسىزلىنىپ مادارىدىن كەتتى. ئۇ خۇددى قېنى شوراپ تۈگىتىلگەن قۇرۇق تەنگە، قاقشال بوپكېتىۋاتقان دەرەخكە ئوخشاپ قالدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دەريانىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىدا ئارقا-ئارقىدىن سۇ ئۈزۈلۈپ قېلىش ھادىسىسى يۈز بەردى. بۇنىڭ ئىچىدە 1999-يىلى 17-، 18-ئىيۇلدا تارىم دەرياسىنىڭ %88 قىسمىدا يۈز بەرگەن سۇ ئۈزۈلۈپ قېلىش ھادىسىسى دەريا تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ سۇ ئۈزۈلۈپ قېلىش ھېسابلىنىدۇ. دەريا سۈيىنىڭ ئازلاپ كېتىشى مۇقەررەر ھالدا يەر ئاستى سۇ ئورنىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قۇرۇپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قۇرۇپ كېتىشى بولسا، ئەسلىدىكى تۇراقلىق قۇمنى تۇراقسىز قۇمغا ئايلاندۇرىدۇ. ئىش مۇشۇ پېتى تەرەققىي قىلىۋېرىدىغان بولسا، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. . . ئالىملار بىزنى: قۇرغاق رايوندا سۈنئىي ئېكولوگىيە تەبىئىي ئېكولوگىيىگە تايىنىپ، ئۇنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. سۈنئىي ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ئەسلىي قۇملۇق ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭكىدىن كۆپ تۆۋەن بولغاچقا، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش، قۇملىشىپ كېتىشتىن ئىبارەت تەبىئىي قانۇنىيەتتىن قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئۇلار يەنە كەلسە-كەلمەس قۇدۇق قېزىش تۈپەيلى كېلىپ چىققان سۇ ئورنىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىش ھادىسىسى توغرىسىدا بىزنى مۇنداق ئاگاھلاندۇرىدۇ:

يەر ئاستى سۈيىنى كۆپلەپ ئىشلىتىش خەتەرلىك. ئۇ قايتا بارلىققا كەلمەيدۇ. كان بايلىقلىرىغا ئوخشاش قانچىلىك ئىشلەتسە، شۇنچىلىك خورايدۇ. چوڭقۇر قاتلام سۈنى ئىشلىتىش مۇقەررەر ھالدا يەر ئاستى سۈيىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنداق ھالەتنى ئوڭشىماق بەك تەس. . . ھازىر جۇڭگو بويىچە يەر ئاستى سۈيى ئارتۇق چىقىرىلغانلىقتىن تۆۋەنلەپ كەتكەن 145 ئويمان بار. بۇ ئويمانلارنىڭ كۆلىمى 158 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدۇ. بەزى ئويمانلارنىڭ مەركىزىي سۇ ئورنى 60 ـ 80 مېتىر چوڭقۇرلاپ كەتكەن. بەزى شەھەرلەرنىڭ يەر يۈزى تۆۋەنلەپ كېتىپ، ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغان. . .

2001-يىلىنىڭ ئاپرېل ئايلىرىدا ـ مەن بۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقىنىمدا ئۈرۈمچىدە قاتتىق بوران چىقىۋاتاتتى. قاتمۇ قات ئېگىز بىنالارمۇ توسۇپ قالالمىغان بوران توختىماي ھۇۋلاپ، ئىشىك-دېرىزىلەرنى تاراقشىتىپ، ھېلىلا تازىلاپ-سۈرتۈپ قويغان ئۆيلەرنى بىردەمدىلا توپىغا كۆمۈپ، توختىماي چىقىۋاتقىلى بىر ھەپتە بولدى. بۇ يىل ئەتىيازدا

باشقىچىلا ئۆرلەپ كەتكەن تېمپېراتۇرا بوران بىلەن تەڭ بىردىنلا تۆۋەنلەپ كەتتى. دەسلەپتە يامغۇر، كېيىن مۆلدۈر، ئارقىدىن توپا ئارىلاش قار ياغدى. قىزىق يېرى، كېيىملىرىمىزدىكى قارنى قېقىۋەتسەكمۇ، سارغۇچ يېپىشقاق توپا قالىدۇ. خەۋەر تېپىشىمچە، بىرنەچچە كۈندىن بۇيان شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىدە بوران ئاپەتتى يۈز بېرىپ، تېمپېراتۇرا كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىگەن. چاقىلىق ناھىيىسىدە بۇ قېتىم بوران سەككىز بالغا يېتىپ، تېمپېراتۇرا سەككىز گرادۇس تۆۋەنلىگەن، ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان. بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان تەبىئىي ئاپەت ئالدىدا ئىختىيارسىز ئويلانماي تۇرالمايمىز: بۇ، تەبىئەتنىڭ جازاسىمۇ؟

ئاخشىمى بوراننىڭ دېرىزىلەرنى تاراقلىتىشىغا قۇلاق سېلىپ يېتىپ ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدىم. ئاشۇ بىر ئايدا چاقىلىقتىن تارتىپ ئاقسۇنىڭ ئارال رايونىغىچە بولغان سەپىرىمدە كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىم، ئاي شارىغا ئوخشاش چاڭ-توزان ئۆرلەپ تۇرىدىغان قۇرغاق جەنۇب يېزىلىرى، تراكتور، ، توپا ئىتتىرىش ماشىنىلىرىنىڭ ئايىغى ئاستىدا قارسىلداپ يىقىلىۋاتقان توغراقلار، قاقشال توغراقلار، تارىم دەرياسىنىڭ قۇرۇغان ئىزلىرى، قۇم باسقان ئۆيلەر، ئېتىزلار كۆز ئالدىمغا كېلەتتى. گاھى بۇ مەنزىرىلەر پرژېۋالىسكىي 1889-يىلى سۈرەتلىگەن ھەقىقىي كۈن چۈشمەس ئىپتىدائىي ئورمانلار بىلەن، سۋېن ھېدىننىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىكى قويۇق توغراقلىق، قومۇشلۇق ئارىسىدىكى قەدىمىي دەريادا كېتىۋاتقان ئەنگلىيە پوسۇنىدىكى ياسىداق كېمە، دەريا ئوتتۇرىسىدىكى لاي ئاراللارغا قونۇۋېلىپ، بۇ يۆچۈن كىمىنى كۆزلىرى بىلەن ئۇزىتىپ قالغان سېمىز ھەم كالامپاي بېلىقئالغۇچلار، يەرلىك تورلىرىنى سۇغا چۆكتۈرۈپلا بىردەمدە بىرمۇنچە بېلىق تۇتىدىغان بېلىقچىلار، دەريا بويىدىكى ئورمانلىقتا يەتتە-سەككىز مىڭ ھەتتا ئون مىڭلاپ قويلارنى بېقىپ يۈرگەن مالچىلار. . . بىلەن گىرەلىشىپ، ئارىلىشىپ كېتەتتى. بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مېنىڭ خىيالىم، تەسەۋۋۇرۇم ئەمەس، بەلكى ھەقىقەت ئىدى. مەن ئىختىيارسىز ئۆز-ئۆزۈمگە سوئال قويدۇم:

بۇ سەپىرىمدە كۆزلىگەن مەقسىتىمگە يېتەلىدىممۇ، ئانا دەريانى ئىزدەپ تاپالىدىممۇ؟

تاپالىغاندەك قىلىمەن، ئەمما. . .

ئانا دەريانىڭ ھاياتبەخش سۈيىدىن باغرىم قانغىچە ئىچەلىدىممۇ؟

. . .

شايار ناھىيىسىنىڭ تارىم يېزىسىدىكى توپا باسقان قويۇق توغراقلىقلاردىن ئۆتۈپ — بۇ توغراقلىقلار بۇ قېتىمقى سەپىرىمدە كۆرگەن ئەڭ قويۇق ھەم يېشىل توغراقلىق — تارىم دەرياسىنىڭ بويىغا بارغىنىمدا، لەيلىمە كۆۋرۈك يېنىدىكى پەس قىرغاقتا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ سۇنى ئوچۇمۇمغا ئالغىنىمدا يەنە بىر قېتىم:

— بۇ سۇنى ئىچكىلى بولمايدۇ، ئاچچىق ھەم. . . — دېگەن سۆزنى ئاڭلىدىم. بۇ قېتىمقىسىنىڭ تەمى يېڭى بازاردىكىدىن ياخشىراق بولسىمۇ، يەنىلا بۇلغانغانىدى.

ئاخىرقى قېتىم — ئارالدا تارىم دەرياسىنى يەنە بىر قېتىم كۆردۈم. ئەمما بۇ قېتىم مەركەزدىن كەلگەن يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكا خادىملىرى ئولتۇرغان ئاپتوبۇستا چىقىۋالغىنىم ئۈچۈن قىرغاققا چۈشۈپ قالالمىدىم. دەريانىڭ بىرەر كىلومېتىردىن ئاشىدىغان قېشىغا نەزەر سالغاچ ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تارىم دەرياسىنىڭ سۈيىنىڭ بەك ئاز ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇردۇم. شۇ چاغدا ئىلى دەرياسى بويىدا چوڭ بولغان بىر ئۇيغۇر مۇتەخەسسىس قىزىقچىلىق قىلىپ:

— تارىم دەرياسى دېسە، نەقەدەر چوڭدۇ، دەپتۇق، ئەسلى بىر ئۆستەڭ ئىكەنغۇ! — دەپ ھەممىمىزنى كۈلدۈرۈۋەتكەنىدى. . .

خىيالىمنى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا بېرىلىۋاتقان تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا بۇ يىل يەنە سۇ قويۇپ بېرىلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر بۆلىۋەتتى. خەۋەرنى ئاڭلاپ بولۇپ خېلىلا يەڭگىللەپ قالغاندەك بوپقالدىم. بۇ قېتىم قويۇپ بېرىلگەن سۇ تۆۋەن ئېقىمدىكى 215 كىلومېتىر دائىرىگە يېتىپ بارغان! كىشىنى خۇشال قىلىدىغىنى، مەركەزۋە شىنجاڭدىكى نۇرغۇن پەن-تېخنىكا خادىملىرى، رەھبەرلەر، سۇ ئىچكەن قۇدۇقنى ئۇنتۇپ قالمايدىغان نۇرغۇن ئاق نىيەت كىشىلەر تارىم دەرياسىغا كۆڭۈل بۆلدى، تارىم دەرياسى ئۈچۈن يول ماڭدى، تارىم دەرياسى ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدى.

1991-يىلى تارىم دەريا ۋادىسىنى باشقۇرۇش كومىتېتى، ئارقىدىنلا تارىم دەرياسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، «تارىم دەرياسىنى جىددىي تۈزەش لايىھىسى» ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مەركەزدىن يەرلىككىچە ھەردەرىجىلىك رەھبەرلىك، پەن تەتقىقات خادىملىرى ۋە باشقۇرغۇچىلاردىن تەركىب تاپقان تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرى تارىم دەريا ۋادىسىدا كۆپ قېتىم ئەمەلىي تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق نۇرغۇن پايدىلىق پىكىر-تەكلىپلەرنى بەردى.

1994-يىلى «تارىم ۋادىسى سۇ ۋە سۇ بايلىق مەنبەلىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» ئوتتۇرىغا قويۇلدى. دۇنيا بانكىسىنىڭ ھەمكارلىشىشىدىكى تارىم دەرياسىنى تۈزەش ئالدىنقى مەزگىللىك تەييارلىق تۈرلىرى ۋە «تارىم دەرياسى غول ئېقىمىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى يېشىل كارىدورغا جىددىي سۇ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى»، ئارقىدىن «تارىم ئويمانلىقى سۇغۇرۇش ۋە مۇھىت 2-قارارلىق قۇرۇلۇش»ى يولغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ بىۋاسىتە كۆڭۈل بۆلۈشى، تارىم دەريا باشقۇرۇش ئىدارىسىدىكىلەرنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن 1995-يىلدىن تارتىپ تۆۋەن ئېقىمغا ئىككى قېتىم سۇ يەتكۈزۈپ بېرىلدى. بۇلتۇر ئاپتونوم رايون ئۈچ يىل ئىچىدە كېۋەز تېرىلىدىغان يەرنى ئۈچ مىليون مو قىسقارتىپ، ئۇ يەردە ئاساسلىق ئورمان ئەھيا قىلىشنى قارار قىلدى. بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىمۇ بەش يىل ئىچىدە تېرىقچىلىقتىن

بوشىغان 700مىڭ مو يەردە ئورمان بىنا قىلىشنى، 330مىڭ مو يەردە ئوت-چۆپ ئۆستۈرۈشنى، ئاقسۇ ۋىلايىتى تارىم دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا بىر مىليون مو ئېكولوگىيىلىك ئورمان بەرپا قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

بۇلتۇر سېنتەبىردە زۇڭلى جۇرۇڭجى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە ، قەتئىي غەيرەتكە كېلىپ بەش-ئون يىل ئىچىدە تارىم ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويىدى، بۇنىڭغا ئاساسەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن سۇچىلىق مىنىستىرلىكى ھەرقايسى تەرەپلەردىن پىكىر ئېلىش، مەركەزدىكى مۇتەخەسسىسلەرنى دەلىللەشكە تەشكىللەش ئاساسىدا تارىم دەريا ۋادىسىنى ھەرتەرەپلىمە تۈزەش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. يېقىندا گوۋۇيۈەن بۇ لايىھىنى تەستىقلىدى. جۇرۇڭجى زۇڭلى: تارىم دەرياسىنى تۈزەش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتىكى يەنە بىر مۇھىم تەدبىرى. مەبلەغنى ھەقىقىي كۆپەيتىپ، قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، تارىم ۋادىسىنى ھەرتەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى 2005-يىلى ئاساسەن تاماملاش ئۈچۈن تىرىشىش لازىم» دەپ تەكىتلىدى.

تارىم دەرياسىنى ھەرتەرەپلىمە تۈزەش لايىھىسىگە ئاساسلانغاندا، تارىم ۋادىسىدا ئېكولوگىيىلىك سىستېما قۇرۇلۇشى ئاساس، سۇ بايلىقىنى مۇۋاپىق تەقسىم قىلىش يادرو قىلىنىپ، سۇ بايلىقىنى بىرتۇتاش باشقۇرۇش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش كۈچەيتىلىپ، سۇ ئىشلىتىشنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش يولغا قويۇلىدىكەن؛ تۈزلەڭدىكى سۇئامبارلىرى قىسقارتىلىپ، تاغلىق رايونلاردا تېزگىنلەش خاراكتېرىدىكى سۇ ئامبارلىرى قۇرۇلىدىكەن؛ غول ئېقىم رايونىدا سۇ تېجەش مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، سۇ سىڭەس ئۆستەڭلەر كۆپەيتىلىدىكەن. ئېتىز-ئېرىقلاردىكى يۇرۇشلەشكەن قۇرۇلۇش كۆلىمى تاماملىنىدىكەن. غول ئېقىن رايونىدا دەريا قىنىنى تۈزەش مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، غول ئېقىننىڭ ئىككى قىرغىقىدا سۇ باشلاش توسمىسى، قىرغاقنى ئاسراش، تىزگىنلەش ئەسلىھەلىرى قۇرۇلىدىكەن؛ تېرىقچىلىقتىن بوشىغان جايلارغا كۆچەت تىكىلىپ، ئوت-چۆپ تېرىلىپ، چۆل، قۇملۇقتىكى ئورمانلىنى ئاسراش، ئوتلاق سۈپىتىنى ياخشىلاش ئىشقا ئاشۇرۇلىدىكەن. . .

يېرىم ئەسىردىن بۇيان قارىغۇلارچە قىزغىنلىقنىڭ، نادانلىقنىڭ، ئاچكۆزلۈكنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ، جېنى تۇمشۇقىغا كەپقالغان تارىم دەرياسى تۇنجى قېتىم ئازادە نەپەس ئالدى. بىراق بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئاسان بولغان بىلەن ، ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرمەك ئانچە ئاسان ئەمەس. ئۇ، بىزدىن سەمىمىي نىيەت بىلەن ئەمەلىي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى، تېخى نۇرغۇن بەدەل تۆلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. . .

ئىنسان تەبىئەت قوينىدا يارالغان، تەبىئەت قوينىدا ، ئۇنىڭغا تايىنىپ ياشاپ كەلگەن. تەبىئەت ئىنسانىيەت مەۋجۇدلۇقىنىڭ ئاساسى. لېكىن ئىنسانلارنىڭ نادانلىق دەۋرى بەكمۇ ئۇزاققا سوزۇلغان، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت توغرىسىدىكى بىلىشى ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈشىمۇ بەك كېيىن باشلانغان. پەن-تېخنىكا تەرەققىي قىلغان، دۇنيا، جەمئىيەت ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شەكلى ئۈستىدە قايتا ئويلىنىشى، تەبىئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىشى لازىم. يەرشارى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشلىرى توغرىسىدا باش قاتۇرۇۋاتقان ئىنسانىيەت كۆپ خىل تاللاشقا دۇچ كەلدى. «ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كېيىنكى ئەۋلادنىڭ ئۆز ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئىقتىدارىغا خەۋپ يەتكۈزمەسلىك» ، بۇ، بىزنىڭ بىردىنبىر تاللىشىمىز بولۇشى كېرەك.

بۈگۈنكى كۈندە شۇنى تونۇپ يېتىۋاتىمىزكى، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتتىن چەكسىز ئېلىشىنى ئادەم بىلەن تەبىئەت ماس ھالدا بىللە تۇرۇشقا ئۆزگەرتىش؛ مۇھىم نۇقتىنى سۇ بايلىق مەنبەسىنى تەقسىملەش، تېجەش، قوغداشقا ئۆزگەرتىش؛ ئېھتىياجىغا قاراپ تەمىنلەشنى بېكىتىشنى تەمىنلەشكە قاراپ ئېھتىياجنى بېكىتىشكە ئۆزگەرتىش؛ خەلق ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئورۇنلاشتۇرۇلۇشنى ۋە پىلانىنى سۇ بايلىق مەنبەسىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بېكىتىش سۇ باشقۇرۇش جەھەتتىكى پىكىر يولىلا بوپقالماستىن، گۈزەل ئەتىگە ئىگە بولۇشتىكى ئىدىيە جەھەتتە ئويغىنىش ھېسابلىنىدۇ.

غەربنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش جەريانىدىمۇ ئېچىش، تەرەققىيات پىلانىنى بايلىق مەنبەسىنىڭ ئەھۋالىغا، تەمىنلەشكە ئاساسەن ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق ۋە ئەۋلادلارنىڭمۇ مەنپەئەتىنى نەزەردە تۇتقان ئاساستا تۈزۈپ، قارىغۇلارچە بۇلاپ-تالاش، بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرلىك ئېچىشتىن، تارىختىكى خاتالىقلىرىمىزنى تەكرارلاشتىن ساقلىنالىغاندىلا بولساق، گۈزەل كەلگۈسى چوقۇم بىزنىڭ بولىدۇ.

مەن بىر چۈش كۆرۈپتىمەن، چۈشۈمدە قۇرۇپ قاقشال بوپكەتكەن بىر دەرەخ ياشىرىپتۇ، ئۇنىڭ ئەڭ ئۇچىدا ھاۋارەڭلىك ئاجايىپ گۈزەل كرىستال گۈل ئېچىلىپتۇ.

بۇ، پەقەتلا بىر چۈش. . .

2001-يىل 17-ئاپرېل، ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مۇدىر مۇھەررىرى(M1)



# يېڭى ئەسىرنىڭ كۈچلۈكلىرى كىم؟

— «مەدەنىيەت ئۇقىسىدىن 21-ئەسىرگە نەزەر»گە تەقرىز

ئابدۇرېھىم دۆلەت

(ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان تەقرىزچىسى)

بىر نەچچە يىل ئىلگىرى تېلېۋىزوردا «يەلى - يەلى» دېگەن يېرىم يالىڭاچ ئۇسسۇل قويۇلغاندا، ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ھەيرانلىقىدىن ياقىسىنى چىشلەشكەنىدى. كېيىنچە بۇ خىل كۆرۈنۈشلەر بىزگە ھېچقانچە تۇيۇلماس بوپقېلىپ، تېخى ئادەملىرىمىز ھوزۇردىن لېۋىنى يالىشىدىغان بولدى. قارىغاندا، نېرۋىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك غىدىقلىنىشتىن ناركوزلىنىپ، ھېچنېمە سەزمەس بوپقالىدىغان ئوخشايدۇ. خۇددى مەلئۇنلارلا ھەممىگە كۆنۈپ كەتكەندەك. بەلكىم بۇ بىزنىڭ سەنئىتىمىزنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان سىناقلىرىمىز بولسا كېرەك. ياكى بولمىسا سەنئەتنىڭ شەھۋانىيلىق دەرىجىسى ۋە باھالىغۇچىلارنىڭ ھوزۇرلىنىشى مۇھىم ئۆلچەممۇ يە؟

نامراتلار بايلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئۆزىچە بېرەر قېتىم سالام بېرىپ قويۇشىنى ئامەت، دەپ بىلىدۇ. بىراق بايلار نامراتلارنىڭ سالىمىنى ئەقىلگە مۇۋاپىق، ئەسلىدە شۇنداق بولۇشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. كۆرمەك قىيىن ئەمەسكى، ئاجىزلارنىڭ بىر

## يېڭى ئەسىردىكى كىرىزىس

ئۆمۈر تىرىشچانلىقى پەقەت كۈچلۈكلەرنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشمەكنى مەقسەت قىلىدۇ. موھتاجلىق قۇللۇقنىڭ مەنبەسىدۇر. بۇ خىل مەقسەت ئۇلارنى ئۆرۈپ تۇرسىمۇ، ئىگىسىگە سۈۋۈنۈپ، قۇيرۇق شىپاڭلىتىپ تۇرۇدىغان ئىتقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ دېھقانلىرىمىزنىڭ يىل-يىللاپ توپلىنىپ قالغان ھاردۇقىنى، ئىچىگە تۇشۇپ كەتكەن دەرد-پىغانىنى بىرەر رەھبەرنىڭ پارتىيە-ھۆكۈمەتنىڭ نامىنى شىپى كەلتۈرۈپ ئۇنىڭ مۇرىسىگە شاپىلاقلاپ تۇرۇپ رەسمىيەت يۈزىسىدىن قىلغان ئەمەلدارلىق تەلەپپۇزىدىكى بىرەر ئېغىز ياغلىما - رەسمىيەت گېپى چىقىرىۋېتەلەيدۇ. زىيالىيلىرىمىزمۇ دوستلىرىدىن، ھەتتا ئاتا-ئانا، خوتۇن-بالىلىرىدىن ئالالمىغان تەسەللىيسىنى باشلىقىنىڭ ساختا تەبەسسۇملىرى، مېيىقىدا كۈلۈمسىرەپ، باش لىڭشىتىپ قويۇشلىرىدىن ئالالايدۇ. مانا بۇ، ئاجايىپ ئاجىزلىق - زەئىپانىلىق ئەمەسمۇ؟! بۇ، روھىمىزنىڭ ئۆز ئىچىدىن بارغانچە يىگىلەپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتى.

روھى سۇنغان خەلقنى قۇتقۇزماق قىيىن، ئۇنى يىقىلغان دەرەخنى ئۆرە قىلغاندەك تىكلەپ تۇرغۇزغىلى، كونا بىنانىڭ ئورنىغا يېڭى بىنا

سالغاندەك قايتا قوزغىلى بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، جىسمىنىڭ ئۆرە يۈرگىنى، روھىنىڭ ئويغانغانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ. ھەتتا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ باشقىلار بىلەن ئوخشاش ئادەم ئىكەنلىكىدىن گۇمان قىلىدۇ.

تايىنىش تەدبىر، تايىنىۋېلىش ئاجىزلىقتۇر.

ناۋادا، بىر خەلق ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى مەھسۇلاتلىرىغا ئۆزىنىڭ كۆزى بىلەن قاراپ، ئۆزىنىڭ ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچىيەلمىسە، باشقىلارنىڭ تارازىسىغا موھتاج بولىدۇ. باشقىلارنىڭ تارازىسى ئەلۋەتتە ئۆزىنىڭ ئۆلچەش ئادىتىگە ئاساسەن لايىھىلەنگەن. تاشقى ئۇچۇرلار ئىچكى مەنىۋى مۇستەقىللىق ئاساسىدا ھەزىم قىلىنمىسا، ئۇ، ئىستېمالچىنىڭ گېنىنى ئۆزگەرتىپ غەيرىي مەخلۇققا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

ئاجىزلىق مەنىۋىيەتتە بولىدۇ.

ھەرقايسى ساھەلەردە بىز يەتمەكچى بولغان خەلقئارالىق سەۋىيە، دۇنياۋى ئۆلچەملەردىكى ئاتالمىش «خەلقئارا» لىق - «دۇنياۋى» لىقلار ماھىيەتتە دەل غەربنى كۆرسىتىدۇ، غەربچە بولالىغانلىرى ئىلغار، دۇنياۋى بولىدۇ. سەنئىتىمىزدە مەيدانغا كېلىۋاتقان بۇ يېڭىچە «دادىل» سىناقلىرىمىز بىزدىكى بۇ خىل خاھىشنىڭ خېلىلا كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

بۈگۈنكى كۈندە «يەرشارىلىشىش» دولقۇنى غەربنىڭ مەدەنىيەت، سەنئەت، قىممەت قاراشلىرىنى كەڭ غەيرىي غەرب ئەللىرىگە شىددەت بىلەن ئومۇملاشتۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار يازغان كىتاب، ئىشلىگەن كىنو، ئېيتقان ناخشا، ئوينىغان ئۇسسۇللىرىغا قەدەر ھەممىسى پۈتكۈل دۇنياغا ئورتاق بولۇۋاتىدۇ. ئامېرىكىنىڭ سابىق پرېزىدېنتى كارتېرنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىك ئىشلىرى ياردەمچىسى بېرژىنسكىي: «ئاممىۋى ئاخبارات ۋاسىتىلىرى تارقىتىۋاتقان قىممەت قارىشىنى پۈتۈنلەي ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشى، مەدەنىيەتنىڭ چۈشكۈنلىشىشى دېيىشكە بولىدۇ، بولۇپمۇ تېلېۋىزور جىنايەتنىڭ مەنبەسى» دەيدۇ ھەم يەنە: «مۇبالىغە قىلماي ئېيتالايمەنكى، ھوللىۋود فىلىملىرى ۋە باشقا تېلېفىلىم شىركەتلىرى مەدەنىيەت ئاغدۇرمىچىلىرىغا ئايلاندى. ئۇلار ئامېرىكا ئاساسىي قانۇنىنىڭ بىرىنچى تۈزىتىلگەن لايىھىسىنىڭ ھىمايىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز-ئۆزىمىزنى ھالاك قىلىدىغان ئىجتىمائىي ئەخلاق تارقاتماقتا» دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز: خرىستىئانلارنىڭ روژىستۋو بايرىمى خەلقئارالىق بايرامغا ئايلاندى. كېچىلىك بەزمىخانا، تانسىخانا ھەتتا كوكاكولا، پادىچى ئىشتىنى، جاز مۇزىكىلىرى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ماددىي ئالامەتلىرى سۈپىتىدە ئەتراپىمىزغا يامراپ كەتتى.

مەدەنىيەتنىڭ يەرشارىلىشىشى ئەكەلگەن ۋەھىمە پۈتكۈل غەيرىي غەرب ئەللىرىگە ئورتاق. تەيبېي سەنئەت ئىنستىتۇتى پروفېسسورى خې خۇەيشۇ ئەپەندى ئۆزىنىڭ «مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن يېڭى ئەسىرگە نەزەر» دېگەن ماقالىسىدا غەيرىي غەرب ئەللىرىنىڭ ئەندىشىسىنى ۋەكىللىك ئەكس ئەتتۈردى. بىز بۇنىڭدىن بۇ ۋەھىمىگە پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭلا دۇچ كەلمىگەنلىكىنى بىلەلەيمىز، ئەلۋەتتە.

ئاجىزلارنىڭ ئەڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى شۇكى، كۈچلۈكلەرنىڭ قىلغانلىرىدىن گۇمانلىنىشقا پېتىنالمايدۇ، ئۇلارنىڭ قىلغان ھەربىر ئىشىدا ھېكمەت بار، دەپ ئويلايدۇ. سەپتىن چۈشۈپ قېلىشنى دوزاخقا چۈشۈپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ. چۈنكى بىزدە «ئېشەك ئېشەكتىن قالسا ، قۇلىقىنى كەس» دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ؟! بىزنىڭ بۇ يەرلەردىمۇ غەربلىكلەرنىڭ داشقىلى ئالتۇن سانىلىدۇ. ناۋادا «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدە بىرەر ئامېرىكىلىق بىرەر پارچە ماقالە ياكى كىتاب يازسا، نۇرغۇنلىرىمىزنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىدۇ، گويا ئۆزىمىزنى خەلقئارا ئىلىم ساھەسىنىڭ شۆھرەت ئىگىلىرىدەك ھېس قىلىمىز.

غەرب مەدەنىيىتى ، سەنئىتى غەربنىڭ ئىنسان ھوقۇقى ، ئەركىنلىك، گۈزەللىك، ھايات ھەققىدىكى ئۆزىگە خاس پەلسەپىۋى قاراشلىرى، يەكۈنلىرى ئاساسىغا قۇرۇلغان. ئۇ يەردە قانۇنغا خىلاپ بولمىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى شەخسنىڭ ئەركىنلىكى دائىرىسىدىكى ئىش سانىلىدۇ. ئۇ يەردە ئەركىنلىكنىڭ دائىرىسى، مەزمۇنى ئىنتايىن كەڭرى، بۇ ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى، سەنئىتى، مائارىپىدىمۇ روشەن ئىپادىلەنگەن ھەم بۇ ئۇلارغا غايەت زور ئىجابىي نەتىجىلەرنى ئەكەلگەن. لېكىن چېكىدىن ئاشقان ئەركىنلىكمۇ، شۇنداقلا ئەركىنلىكتىن مەھرۇملۇقمۇ ئادەمنى مايمۇنغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئەلۋەتتە، ئالدىنقىسى ئورمانلىقتىكى مايمۇن، كېيىنكىسى سېركچىنىڭ ئۆگىتىلگەن مايمۇنى، ئۇ، ئىگىسىنىڭ سول قولىدىكى باناننىڭ قىزىقتۇرۇشى، ئوڭ قولىدىكى قامچىنىڭ تەھدىتىدە ھەرىكەتلىنىدۇ.

مەن شۇنداق قارايمەن: ئىنسانلار گۈزەللىك، سەنئەت، مەدەنىيەت دېگەن نىقاب ئاستىدا ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ئالداۋاتىدۇ. ھازىر ئىنسانلار چوقۇنۇۋاتقان، ياقتۇرۇپ ھوزۇرلىنىۋاتقان سەنئەت ماھىيەتتە جىنسىي لەززەتنى قاندۇرۇشنى ئۆلچەم قىلغان سەنئەتتۇر. ھازىر گۈزەللىك ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى گۈزەللىكى بىلەن ئەمەس، بەلكى سەزگۈلەرنى راھەتلەندۇرەلىشى بىلەن گۈزەللىك سانىلىۋاتىدۇ. بۇ، يەرشارىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئۆلچەم بوپقېلىۋاتقاچقا ، سەپتىن قېلىشنى خالىمايۋاتقان بىزدەك بىچارىلەر ھە دەپ ئارتىسلىرىمىزنى

يالىڭاچلاۋاتىمىز.

ھازىر ئامېرىكىدا تۇغۇلىۋاتقان بالىلارنىڭ يېرىمى دېگۈدەك نىكاھسىز پەرزەنت (ھارامى)، (ئائىلە ئىگىسىنىڭ ئاجىزلىشىشى ھازىر ئامېرىكىدىكى جىددىي مەسىلە). ئۆتكەندە قايسىبىر گېزىتتىن شىمالىي ياۋروپادىكى مەلۇم بىر دۆلەتتە بەچچىۋازلىقنىڭ قانۇنلاشتۇرۇلغىنى (قانۇندا رۇخسەت قىلىنغىنى) نى كۆردۈم. يەنە بىرىدىن ئاتىسىنىڭ ئۆز قىزىغا باسقۇنچىلىق قىلغىنىنى، ھەتتا ئۈرۈمچىدە مەلۇم خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى تولۇقسىز 1-يىللىقتا ئوقۇيدىغان بىر قىزنىڭ ئەر-ئاياللار بويۇملىرى ماگىزىنىدىن ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش بويۇمى ئېلىۋاتقىنىنى كۆرگەن مەلۇم بىر مۇخبىر ئۇنىڭدىن ئۇنى نېمە قىلىسىز؟ دەپ سورىسا، ئۆزۈمگە ئىشلىتىمەن، بۇ بىزنىڭ سىنىپتا نورمال ئىش، دەپ جاۋاب بەرگىنىنى، نېمىشقا شۇنداق قىلىسىز ، دەپ سورىسا، بۇ دېگەن قانداق دەۋر؟ دېگىنىنى، تولۇقسىز 3-يىللىقتا ئوقۇيدىغان بىر جۈپ ئوغۇل-قىزنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپ، بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئەر-خوتۇنلارچە ياشاپ كەتكەن خەۋەرلەرنى كۆردۈم. تولۇقسىزدا ئوقۇيدىغان ئىككى ئۇيغۇر قىزنىڭ چاپان سېتىۋېلىش ئۈچۈن نومۇسىنى ساتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. خەنزۇ يېزىقىدا نەشر قىلىنىدىغان «جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى» دېگەن ژۇرنالدىن ھازىر شاڭخەيدە شەنبىلىك ئەر-خوتۇنلارنىڭ كۆپىيىپ كەتكىنىنى، بۇنىڭغا شاڭخەيدىكى جىددىي خىزمەت، ئالدىراش تۇرمۇش مۇھىتىنىڭ سەۋەب بولغانلىقىنى، ئەر-خوتۇنلارنىڭ بىرگە بولىدىغان ۋاقتىنىڭ بەك قىسقىلىقىنى، شۇڭلاشقا ھەپتە ئاخىرىدا بىر-بىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ بولۇپ، ئۆز ئىشىنى قىلىدىغانلىقىنى، جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ بۇنى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى، تەرەققىياتقا پايدىلىق «ياخشى ھادىسە» دەپ چۈشەندۈرگەنلىكىدەك بايان-تەھلىللەرنى ئوقۇدۇم. بۇ، «مۇتەئەسسىپ» قاراشلاردىن خالىي نەقەدەر ئاجايىپ «ئىلمىي» تەھلىل -ھە! بۇلار پەقەت مېنىڭ ئۇچراتقانلىرىم. سىز قانچىلىك كۆرگەنسىز، ئوقۇغانسىز، ئۇچراتقانسىز؟ يۇقىرىقىلارنى ئۆز ئەتراپىڭىزدىكى مۇھىت، قىز-ئوغۇللىرىڭىز، كۆرۈۋاتقان تېلېفىلىم، VCD پلاستىنكىلىرى، گېزىت-ژۇرناللاردىكى سۈرەت - رەسىملەر بىلەن باغلاپ ئويلاپ كۆرسىڭىز قانداقراق خۇلاسىگە كېلەرسىز؟

ئىنساننىڭ ئەڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى شۇكى، مەسىلىنى بىر نۇقتىدىن كۆزىتىپ، بىرلا نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر تەرەپكە تەڭ نەزەر سالالمىغانلىقىدا. ئىنسان بىرلا نەرسىگە دىققەت قىلغاندا، باشقا نەرسىلەر مۇقەررەر دىققىتىنىڭ سىرتىدا قالىدۇ. ئاپەت دەل دىققىتىنىڭ سىرتىدا قالغان يەردە. قەدىمكى يۇنان ئالىملىرىنىڭ فىزىكلىرى دۇنيانىڭ ماھىيىتىنى ھەرىكەت، خىمىكلىرى ماددا، ماتېماتىكلىرى سان دېگەن. ئۇلارنىڭ قاراشلىرى ئۆز كەسپىي نۇقتىسىدىن قارىغاندا، خاتا ئەمەس. ئەمما مۇكەممەل جاۋابقا ھەممىنى بىرلەشتۈرگەندە ئېرىشەلەيمىز. ئىسلامىيەت تارىخىدىمۇ بۇ خىل ئەھۋال يۈز بەردى. ئابباسىيە دەۋرىدىكى مولچىلىق كىشىلەرنىڭ ئىمانىنى سۇسلاشتۇرۇپ، تائەت-ئىبادەتتىن بەزدۈرۈۋاتقاندا، بىر تۈركۈم كىشىلەر بۇنداق جەمئىيەتتىن ۋاز كېچىپ تاغلارغا، چۆللەرگە چىقىپ كېتىپ ئىستىقامەت قىلىشتى، زاھىدلىق ھاياتىنى باشلىۋەتتى. بۇلار كېيىنچە كۆپىيىپ دەسلەپكى سوپىلار مەيدانغا كەلدى. كېيىنچە روھىيەتنى پاكلاش خاھىشى ئەۋج ئېلىپ، ماددا، بايلىق، تەبىئىي پەنگە سەل قارالدى، مەنىۋىيەت 1-ئورۇنغا ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ماددىي يوقسۇللۇقى، تېخنىكا قالاقلىقى تۈپەيلى كېيىنكى دەۋرلەردە ئۆزلىرىنىڭ ئىمانىنى، ۋەتەنلىرىنىمۇ ساقلاپ قالالمىدى. ئىنسانلاردىكى بۇ خىل قۇتۇپ خاھىشچانلىقى 20-ئەسىردە تېخىمۇ گەۋدىلەندى. پەن-تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىياتى، يارىتىلغان غايەت زور ماددىي بايلىق ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى يۈكسەك دەرىجىدە قولايلاشتۇرۇۋەتتى. بۇنداق قولاي تۇرمۇش شارائىتى بۈگۈنكى راھەتپەرەس -پارازىت ئىنسانلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ماددىي بايلىق ئارقىلىق كېلىدىغان راھەت ئىنسانلارنىڭ غايىسىگە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتنىڭ بارلىق ساھەلىرى مۇشۇ غايە ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتى. قىقاس-چۇقانلىق جاز مۇزىكىلىرى ، ماشىنا-ماتورلارنىڭ گۈرۈلدەشلىرىدىن پاڭ بوپقالغان ئىنسانلار روھىيىتىنىڭ ئىچكى قاتلىمىدىن چىقىۋاتقان ئىڭراش، نالىلەرنى ئاڭلىيالمىدى. ئامېرىكا تارىخشۇناسى نىل خول ئامېرىكا جەمئىيىتى يىمىرىلگەن ، چاك-چېكىدىن بوشىلىۋاتقان جەمئىيەت، دەپ، ئۇنىڭ سەۋەبىنى كىشىلىك ئەركىنلىكنىڭ چېكىدىن ئېشىپ، ئىجتىمائىي ئېڭىنىڭ تۆۋەنلەپ، شەخسىيەتچىلىكنىڭ كۈچىيىپ كەتكەنلىكىدىن ئىزدەيدۇ.

ئامېرىكاجەمئىيىتىنى «كېسەل جەمئىيەت» دەپ ئاتىغان «كەلگۈسىشۇناسلار» ژۇرنىلى: «غەربنىڭ ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى بىزنىڭ روھىي ساغلاملىقىمىزغا زىيانكەشلىك قىلىۋاتىدۇ، بۇ بىزنى بىر يۈرۈش يېڭى ئەخلاق ئۆلچىمى، ئېتىقاد سىستېمىسى قۇرۇشقا يېتەرلىك ئاساسقا ئىگە قىلدى.

غەرب ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى ۋە غەرب جەمئىيىتى دۇچ كەلگەن ئېغىر مەسىلىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت، بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ

جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى» دەيدۇ («جوڭگونىڭ يولى»، «جەنۇب گېزىتى» نەشرىياتى، 2000-يىل يانۋار نەشرى).

20-ئەسىرنىڭ قەھرىمانلىرى ئىقتىسادىي ماگناتلار بولدى. ناۋادا بۇ ئەسىردە سامۇئېل سمايلىستەك ئەخلاق تەرغىباتچىلىرى، جامالىددىن ئافغانىيدەك دىنىي ئىسلاھاتچىلار مەيدانغا كەلگەن بولسا، ھەرگىزمۇ بىل گېيتىس، ياڭ جيۇەنلەردەك قارشى ئېلىنماس ئىدى. شۇڭا مەن دەيمەن: قۇتۇپلار ئارىسىدا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىيالماسلىق ئاپەتنىڭ مەنبەسىدۇر. «ئىشلارنىڭ ياخشىسى، ئوتتۇراھال بولغىنىدۇر» («ھەدىس»).

بۇ ئەسىردە ئىنسانلار پەن-تېخنىكىغا ئىمان كەلتۈردى. ئىنسانىيەت ئۇچرىغان ھەممە مەسىلىنى ئىلىم-پەن ھەل قىلالايدۇ، دەپ ئىشەندى. پەن-تېخنىكا پرىنسىپلىرىنى تۇرمۇشتىكى ئىنچىكە مەسىلىلەرگە قەدەر تەدبىقلاپ باقتى. ھەممە نەرسىنى چوقۇم ئىسپاتلاش كېرەك، دەپ قاراپ ئىلىم-پەن ئىسپاتلىيالمايدىغان نەرسىلەرنىڭمۇ مەۋجۇدلۇقىغا ئىشەنمىدى. ئىلىم-پەن ئىنسانلارنىڭ زاھىرىي مەسىلىلىرىگە جاۋاب بەرگەن بىلەن ، باتىنىي مەسىلىلىرىگە ئاجىز كەلدى. ئۇ، تەنگە داۋا بولسىمۇ، روھقا داۋا، قەلبكە ھىدايەت ئەمەس ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئىنسانلار بارغانسېرى ماشىنىلىشىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىشتى. ئامېرىكىنىڭ ئىلمىي فانتازىيە يازغۇچىسى بېن بوۋىر «ئىلمىي فانتازىيىنىڭ رولى» دېگەن ماقالىسىنى: «ئىلىم-پەن ئۆلتۈرەلەيدۇ، شۇنداقلا يارىتالايدۇ، تېخنىكا ئىنسان روھىنى بۇزالايدۇ، شۇنداقلا ئۇنى تەسەۋۋۇرىمىزدىكى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكۈزەلەيدۇ. پەقەت دانا كىشىلەرلا پەن-تېخنىكىنى ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتىگە قانداق ئىشلىتىشنى بىلىدۇ. قىسقىسى، بارلىق سەنئەتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق رولى ئۆزىمىزنى ئۆزىمىزگە تونۇتۇش، ئۆزىمىزنىڭ ئادىمىيلىكىنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىشتۇر» دەپ ئاخىرلاشتۇرسا ئامېرىكىنىڭ سابىق پرېزىدېنتى رىچارد نىكسون: «بۈگۈنكى كۈندە ئامېرىكا دۇنيادىكى بىردىنبىر دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەت، شۇنداقلا ئەڭ قۇدرەتلىك، ئەڭ باياشاد دۆلەت، بىراق ماددىي جەھەتتە باي بولساقمۇ، روھىي جەھەتتە نامراتمىز» دېگەنىدى.

يەرلىك مىللىي مەدەنىيەتلەر غەرب مەدەنىيىتىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراۋاتىدۇ، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مەۋجۇدلۇقى ئېغىر تەھدىتكە دۇچ كەلمەكتە. ئارنولد توينبى: «تارىخ تەتقىقاتى» دېگەن ئەسىرىدە مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىلا «ئىلگىرى غەرب مەدەنىيىتىدىن تەشۋىشكە چۈشكەن دۆلەتلەر ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەلدى» دېگەنىدى. ئۇنىڭ بىشارىتىنى بۈگۈنكى دۇنيا ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. مېنىڭچە، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ شۇنچىلىك كەڭ تارقىلالىشىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ ئىنسانىنىڭ ھايۋانىي نەپسىگە تولىمۇ ماس كەلگەنلىكىدە. بولۇپمۇ بۈگۈنكىدەك راھەتنى غايە قىلغان كىشىلەرگە نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق.

دۇنيا نەزەرىيە ساھەسىدە، ئەمدى ھەرخىل مەدەنىيەتلەر ئۆزئارا دوستلىشىدۇ، ئۇچرىشىدۇ، سۆزلىشىدۇ، دەپ قارىلىۋاتقان چاغلاردا ئامېرىكا سىياسىيشۇناسى خونتىڭتون «دىپلوماتىيە» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «مەدەنىيەتنىڭ توقۇنۇشۇشى» دېگەن ماقالىسىدا بۇنىڭدىن كېيىن دۇنياغا كېلىدىغان ئاساسىي خەۋپ - مىللىي، ئىرقىي توقۇنۇشۇش، ئىقتىسادىي پەرق، نامراتلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ توقۇنۇشۇشىدىن كېلىدۇ، دېگەن ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دۇنيا مىقياسىدا قالتىس بەھس-مۇنازىرە قوزغىۋەتكەن، ئۆزىمۇ بۇ ھۆكۈمنى شەرھىيلەش ئۈچۈن نەچچە ئون دۆلەتكە بېرىشقا مەجبۇر بولغانىدى. ئۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقايسى مەدەنىيەتكە تەۋە خەلقلەردە ئۆز مەدەنىيىتىنى قوغداش ئىستىكى بارغانسېرى كۈچىيىپ بارىدۇ، دەپ كۆرسەتكەنىدى. خۇددى ئۇنىڭ ھۆكمىنى ئىسپاتلىغاندەك، ئافغانىستاندىكى تالىبانلار پۈتكۈل دۇنيا خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا پەرۋا قىلماستىن، سېنىڭ دېيىشىڭگە مانا مەن ئۇسسۇل ئوينىمايمەن، دەپ غايەت زور بۇتلارنى ۋەيران قىلىۋەتتى. باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ئۇ سەنئەت بۇيۇمى بولغان بىلەن، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۇ چېقىپ تاشلاشقا تېگىشلىك بۇت ئىدى. بەلكىم ئۇلارنىڭ غەربلىكلەرنىڭ خورىغا جۆر بولمايدىغانلارنىڭ يەرشارىدا تېخى مەۋجۇدلۇقىنى بىلدۈرۈپ قويغۇسى كەلگەندۇ.

غەرب مەدەنىيەت شوۋىنىزمىنىڭ شىددەتلىك زەربىسى بىزدەكلەرگە نېمىنىڭ ھەقىقىي كۈچلۈكلۈك ئىكەنلىكى ھەققىدە يېڭى ئۆلچەم ئەكەلدى. ئىلگىرى مەۋجۇدلۇقىمىزنى ماددىي نەرسىلەرگە باغلىغانتۇق، ھازىر بۇلارمۇ بىزنى قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ. ئوخشىمىغان دەۋرلەردە كۈچلۈكلەرنىڭ ئۆلچىمىمۇ ئوخشاش بولمىغان. دەۋر ئۆزگەرسە دەۋرنىڭ ئۆزقەھرىمانلىرىدىن كۈتىدىغىنىمۇ ئۆزگىرىپ ماڭىدى. ئۆزدەۋرىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلىگەنلەرلا ھەقىقىي قەھرىماندۇر.

ھازىر ئېيتقىنىمدەك، ئىلگىرى مەۋجۇدلۇقىمىز- نى تەرەققىياتقا، پەن-تېخنىكىغا باغلىغانىدۇق. ئەمدى ماددىي تەرەققىيات ئۆزىنىڭ كەمتۈكلۈكىنى ، مەنىۋى ساپلىق بىلەن تولۇقلىمىسا، ئۇنداق تەرەققىياتنىڭمۇ بىزنىڭ مەۋجۇدلۇقىمىزغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزىمىزدە كۈچلۈك روھىي قۇۋۋەت،

بۈيۈكلۈككە، ئەبەدىيلىككە تۇتاشقان بىر ئەقىدە بولۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، شۇنداقلا بۇ ئەقىدىنىڭ ساپلىقىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ئۇنى لايىقىدا ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىقتىسادىي كۈچ، پەن-تېخنىكىنى ئارقا تىرەك قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنىمۇ تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك. ب د ت نىڭ سابىق باش كاتىپى پېرېز دېكۇئېليار مۇنداق دەيدۇ: «تەرەققىياتنى ھەرگىزمۇ پەقەت ماددىي بەھرىمەنلىك، دەپ چۈشىنىۋېلىشقا بولمايدۇ. بىز ھازىر ماددىي ئىستېمالنى ئاساس قىلغان تەرەققىيات شەكلىنى كېڭەيتىۋاتىمىز. ئۇلار مەدەنىيەتنىڭ قۇرۇلمىسىنى بۇزۇپلا قالماستىن، جانلىقلارنىڭ ھەتتا ئىنسانلارنىڭ ياشاش مۇھىتىغا تەھدىت سېلىۋاتىدۇ». تەرەققىياتنىڭ مۇكەممەللىكى تاللاش بىلەن شاللاشنىڭ مۇۋاپىق بىرلىكىدە ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۆز ۋۇجۇدىدا قۇۋۋەت بولمىغان كىشىگە تاشقى قۇۋۋەت ئېغىر كېلىدۇ.

ھەقىقەتنىڭ مىللەت، ئىدېئولوگىيە، مەدەنىيەت، دىن چەكلىمىسى بولمايدۇ، ئۇ پەقەت قوبۇل قىلغۇچىنىڭ ئەقىدىسىنىڭ ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىشىغا باغلىق. بەزىدە مۇسۇلمانلارغا بۇددا نوملىرىدىنمۇ پايدىلىق سۆزلەر ئۇچراپ قېلىشى مۇمكىن. «ھېكمەتلىك سۆز مۆئمىننىڭ يىتتۈرۈپ قويغان نەرسىسىدۇر، قايەردىن تاپسا ئېلىشقا ھەقلىق» («ھەدىس»).

بىز ئەمدى مەدەنىيەت، سەنئەت، تەرەققىيات، ئىنسان دېگەن ئۇقۇملار ھەققىدە قايتا ئويلىنىپ، قايتا تەبىر بەرمىسەك بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. چۈنكى بىز ھازىر مۇشۇ ئۇقۇملارنى خاتا چۈشەنگەننىڭ زىيىنىنى يەتكىچە تارتىۋاتىمىز. بىز ئىنسانغا ئىنسان دېگەن «سۆزلىيەلەيدىغان، تەپەككۇر قىلالايدىغان، ئىشلەپچىقىرىش قورالىنى ياسىيالايدىغان ... ھايۋان» دەپ تەبىر بەرگەندىن بۇيان راستتىنلا ھايۋاندەك ياشىدۇق. ئىنساننىڭ ياشاش مەقسىتى نېمە؟ دېگەن سوئالغا شەمسىددىن تەبرىزىي: «ئىنسانىي كامىل بولماق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇ، ئىنساننىڭ كامىل ئىنسان بولۇشتىن بۆلەك مەقسىتى يوق، دەيدۇ. بۇ يەردىكى «كامىل» دېگەن ئىبارە ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنە ئىنتايىن مول. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ: «ئالىم بولماق ئاسان، ئادەم بولماق قىيىن» دەيدۇ. ئەلۋەتتە، ئۆگىنىپ ئالىم بولغىلى بولغان بىلەن، ئۆگىنىپ ئادەم بولغىلى بولمايدۇ. ئادەم بولۇش بىر مۇشكۈل سەپەردۇر. بۇ سەپەرگە ئاتلانغانلار ئىنسانلار ئارىسىدا كۆپ ئەمەس.

خې خۇېشۇ ئەپەندى: «بۇ ئەسىردە ئۈمىدنى ھەمراھ قىل» دەپتۇ، مەن ئەقىدە دەيمەن. مەنچە بولغاندا ئەقىدە ئۈمىدنىڭ ئانىسى.

بۇ دەۋردە روھى كۈچلۈكلەرلا ھەقىقىي كۈچلۈكتۇر. شۇڭا دەيمەن: ئۇچاي دېسىڭىز قانات چىقىرىڭ، ئارزۇنىڭ بولغىنىلا كۇپايە قىلمايدۇ. ھەم يەنە دەيمەن: سۇ ئۈزەلمەيدىغانلارنى دەريالارغا تاشلىۋېتىڭلار، يا سۇ ئۈزۈشنى ئۆگەنسۇن، يا تۇنجۇقۇپ ئۆلسۇن! ھېلىمۇ ئۇلار سۇ ئۈزەلەيدىغان تالايلارنىڭ پۇتىغا ئېسىلىۋېلىپ، ئۇلارنى ئۆزى بىللە ھالاك قىلدى. ئۇۋ ئۇۋلىيالمايدىغانلارنى جاڭگال-باياۋانلارغا ھەيدىۋېتىڭلار، يا ئۇۋ ئۇۋلاشنى ئۆگەنسۇن، يا يىرتقۇچقا يەم بولسۇن.

2001-يىل 21-مارت، ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىنگلىز تىلى 99-يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى (M1)

كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچى رىسالەت مۇھەممەت

بۇ سانىنىڭ تەھرىر ۋە مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان ماموت



# مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن يېڭى ئەسىرگە نەزەر

خې خۇەيشۇ

ئاپتورنىڭ قارىشى: «يەرشارىلىشىش» 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. ئۇ، ئىنسانىيەت مەۋجۇدىيەت بوشلۇقىنىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىدىن تاكى كىشىلەرنىڭ ھۇجەيرىلىرىگىچە سىڭىشىپ كەتتى. «يەرشارىلىشىش» ئىقتىساد بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، مەدەنىيەت ھەم باشقا قاتلاملارغا قەدەر كېڭەيدى. مەدەنىيەتنىڭ دۇنياۋىزملىقى ھەم سەنئەتنىڭ يەرشارىلىشىشى، ماھىيەتتە غەرب مەدەنىيەت شوۋىنىزم (بۇرژۇئازىيىنىڭ ئۆز مىللىتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويىدىغان ئەكسىيەتچىل تەشەببۇسى. ئۇ، 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا فرانسىيىدە پەيدا بولغان. - تەرجىماندىن) زوراۋانلىقىنىڭ ئەڭ زور دەرىجىدە كېڭىيىشىدۇر. بۇنىڭ نەتىجىسىدە غەيرىي غەربچە مەدەنىيەتلەر غەرب مەدەنىيىتىگە تەڭ كېلەلمەيدۇ ھەم ئۇنىڭ مېۋىلىرى توزۇپ كېتىدۇ. چەكسىزلىككە ئىگە ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ كېڭىيىشى ھەم سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئەقلىمىز بىلەن قەلبىمىزنى بۇتۇنلەي يۇقۇملاندۇرۇشى، ئۈزلۈكسىز راھەتنىڭ مېڭىمىزنى يۇيۇشى، سۆزسىزكى، بىرخىل يېڭى مۇستەملىكە شەكلىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

(شىياڭگاڭ «نۇر گېزىتى» مەجمۇئەسى 2001-يىل يانۋار ساندىكى ماقالە) تېمىسى: مۇبادا يېڭى ئەسىرنى كۆرەلىسەم (ئاپتورى: تەبىئىي سەنئەت ئىنستىتۇتى پروفېسسورى خې خۇەيشۇ)

**ئەسەرنىڭ مۇھىم مەزمۇنى:**

ئەسىر دەرۋازىسىغا مۇنۇلار يېزىلغانىدى: «بۇ يەردىن ئىنسانىيەت مىسلىسىز پەرىشانلىققا قەدەم قويىدۇ. نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىنىڭ سەلتەنىتىنى ئەسىر ئاخىرىدىكى ئاغدۇرمىچىلىق چۇل-چۇل قىلىۋەتتى. ئۆتمۈشنىڭ ئاچچىق تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى ئەسىر ئاخىرىدىكى تەلۋىلىك ئۇنتۇلدۇردى. بۇ يەردىن ئىنسانىيەت سەزگۈلىرىنىڭ ئەڭ زور چەكلىمىدىكى كېڭىيىشىنىڭ بىشەملىكى، قەلب چەكسىزلىكىدىكى مەنىسىز تېڭىرقاشنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا كىرىپ كېلىدۇ. مۇبادا ئىنسانىيەت ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئېڭى ھەم ئىرادىسىنى يوقىتىدىكەن، خاتىرجەملىك، بەخت ھەم شان-شەرەپتىن مەڭگۈ مەھرۇم قالىدۇ. ئەسىر بوسۇغىسىدىن ئاتلايدىغان ھەرقانداق كىشى 〈ئۈمىد〉

تىن ئىبارەت بۇ نەرسىنى ھەمراھ قىلمايدىكەن، ئۆزىنى ھالاك قىلىشتىن ساقلىنالمايدۇ».

## ئەسىر كوھىقاپىنىڭ كرىزىسى
## ھەممىلا جايدا يوشۇرۇن تۇرماقتا

مەدەنىيەت تارىخى 20-ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇساپىسىگە قەدەم قويغىنىدا، خۇددى مەستخۇش ھالەتتە چەت-ياقىسى، يۆنىلىشى ياكى لېنىيىسى يوق غىلتاڭ مۇزلۇق ئۈستىدىكى شامال ھارۋىسىدەك كېتىۋاتماقتا.

ئاتوم بومبىسىنىڭ مۇشۇ ئەسىر (20-ئەسىر) نىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى غەلىيانلىرى ئاللىبۇرۇن يىراقتا قالدى. قارا تۇپراق قوينىدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ غالجىرلىقى ئاللىبۇرۇن ئاۋانگارت ئەسەر «شاڭخەي سەتىڭى» دىكى رومانتىك ئەسلىمىگە ئايلاندى. نامرات ئەللەردە كۈنگە نەچچە مىڭلاپ مىسكىنلەر ھايات خۇشلۇقىدىن مەھرۇم قىلىنىۋاتسا، باي ئەللەردە ئەكسىچە، ئاياللارنىڭ ئەمچەك گۈزەللەشتۈرۈشى ۋە ئورۇقلاش ئۈچۈن مىليونلاپ پۇللار سەرپ قىلىنماقتا. ئىسرائىلىيە، پەلەستىن ھەم شۇنىڭغا ئوخشاش كونا ئاداۋەتلىك قەۋملەر بەس تالىشىپ، كېيىنكى ئەسىرنىڭ تۈرلۈك تراگېدىيىلىك سىنارىيىسىنى يېزىشقا كىرىشمەكتە. «يەرشارىلىشىش» نى تەرغىب قىلىۋاتقان مۇستەملىكىلەر «ئارقىدا قالغان ئەللەر» نىڭ يىلىكىنى شوراپ، قۇرۇپ قالغىلىۋاتقان نېفىتىنىڭ ئورنىدا ئەسىر شامال ھارۋىسىنىڭ ماي ساندۇقىنى تولدۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن يوشۇرۇن يول ئاچماقتا. ئۇچۇر سانائىتى بىلەن گىن مەخپىي نومۇرى بىر جۈپ بۇرغىلاش گېنېراتورىغا ئوخشاش، پۈتكۈل يەرشارىنى ساختا جەننەت يولى - 21-ئەسىردىكى «مىسلىسىز تەرەققىيات» شېرىن چۈشىگە مەجبۇرىي سۆرەپ كىرمەكتە.

دۇنيا ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە ئۆزگەرمەكتە. دۇنيا ياخشىلىنامدۇ ياكى بۇزۇلامدۇ؟ تۈرلۈك مۇنازىرىلەردىن ئاددىيلا خۇلاسىگە ئېرىشمەك تەس. بىراق دۇنيانىڭ ناتونۇش بوپقېلىۋاتقانلىقىنى، تېز ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. خەۋپسىرەش، غەم-ئەندىشە كىشىلەرگە ھۇجۇم قىلماقتا.

18-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا رۇسسو: «پەن ھەم سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى ئىنسانىيەتنى ئازاب-ئوقۇبەتكە دۇچار قىلامدۇ ياكى يۈكسەلدۈرەمدۇ؟» دېگەن تېمىدىكى ماقالە مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئۇ، مەدەنىيەتنىڭ ئەجابىيلىقى مەدەنىيەتنىڭ سەلبىي تەرىپىنى توسۇپ قالالمايدۇ، دانىشمەنلىك كىشىنى ئازاب-ئوقۇبەتكە دۇچار قىلىدۇ، روھ تەربىيىتى ھەم كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھىر-مۇھەببەت ئىنسانىيەتنى يۈكسەلدۈرىدۇ، دەپ قارىغان. ئەمما 40 نەچچە يىلدىن كېيىنكى ئۇلۇغ مەرىپەت ئۇستازى كانتنىڭ ئىنسانىيەت ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتامدۇ-يوق دېگەن سوئالغا بەرگەن جاۋابى ئىنتايىن ئۈمىدۋارلىققا تولغانىدى. 200 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ «تەرەققىيات» ى 18-ئەسىردىكى پەيلاسوپلارنىڭ شېرىن ئارزۇلىرىدىن تولىمۇ يىراقتا تۇرماقتا. 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدىكى پەلسەپە تارىخچىسى ۋىر دولان يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن مۇنداق ئاگاھلاندۇرغانىدى: «بىزنىڭ بۇ زېمىندىكى تەرەققىياتىمىز ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە بولىۋاتىدۇ، بىراق ئۆزىمىز قايەرگە بارىمىز، ئازاب ئىچىدىكى روھىمىزنى بەختكە ئېرىشتۈرەلەمدۇق-يوق، بۇنى بىلمەيمىز، شۇنداقلا بۇ ھەقتە ئويلىنىپ باقمىدۇق. بىزنىڭ بىلىدىغانلىرىمىز بىزنى ۋەيران قىلىۋاتىدۇ، بىلىم بىزنى ھوقۇققا مەھلىيا قىلىۋالدى. ئەقىل-پاراسەتسىز ئۆزىمىزنى قۇتقۇزالمايمىز». دولان 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى ئىنسانىيەت دۇنياسىنى كۆرەلىگەن بولسىدى، ئۇ ئەينى دەۋردە غەم-ئەندىشە قىلغان نەرسىنىڭ پەقەتلا ئەخلاق ھەم ئېتىقاد كرىزىسى ئىكەنلىكىنى بايقىغان بولاتتى ئىنسانىيەت مەۋجۇدلۇقى بىلەن ئادىمىيلىكنىڭ چۈشكۈنلىشىشى ھازىر يەرشارىدىكى ئەڭ زور كرىزىستۇر.

## كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئۇياتسىزلىق

ئادەملەرنىڭ مۇتەئەسسىپ ۋە يۇۋاشلىقى بىلەن داڭلىق دۆلەت سىنگاپوردىن ئامېرىكىغا ئوقۇشقا چىققان قىز ئوقۇغۇچى گۇيىڭئېن 1995-يىلى 22 يېشىدا بىر شەھۋانىي فىلىم ئىشلەپ دۇنيا رېكورتىنى بۇزدى. بۇ فىلىم كەڭ بازار تېپىپ، فىلىم ئىشلىگۈچى قاتتىق بېيىدى، گۇ خېنىم بولسا شۇنىڭ بىلەن دۇنياغا تونۇلۇپ كەتتى.

ھەممە نەرسىنىڭ قىممەت ۋە تەرتىپى ئاغدۇرۇۋېتىلدى، شەيئىلەرنىڭ چەك-چېگرىسى ۋە پرىنسىپى يوقالدى. ئىسيان يوللۇق بولسىلا، ئىنقىلاب ئەيىبسىز بولىدۇ. 1917-يىلى فرانسىيىلىك رەسسام دۇسان (1887 - 1968) ئاق پىشماق بىر يىگىتنىڭ گەندە كۆلچىكىدىن تەرەت سۈزۈپ تاختايغا مىخلاۋاتقانلىقىنى سىزىپ، ئۈستىگە «بۇلاق» دەپ تېما قويۇپ، ئۇنى نيۇ - يوركتا ئۆتكۈزۈلگەن گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسىگە قويغان. پاندۇرانىڭ سېھىر قۇتىسى ئېچىلغاندەك، شۇنىڭدىن باشلاپ نىگىلىزملىق (ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرى، مىللىي مەدەنىيىتى، ھەتتا ھەممىنى ئىنكار قىلىدىغان بۇرژۇئا ئىدىيىسى. - تەرجىماندىن) سەنئەت

ئېقىملىرى باشلىنىپ كەتتى. دۇسان سەنئەتتە ماھارەت ئارقىلىق ئەكس ئەتتۇرۇشنى ئەمەس، بەلكى بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن مەشقىنىڭ ياخشى-يامانلىنىنىڭ مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى، مەسىلە ئۇنى قانداق ئىپادىلەشتە ئىكەنلىكىنى تەرغىب قىلغان. ئۇ، «نەق شەيئىي» (تەييار، شۇنداقلا كونا، يېڭىدىن ئىجاد قىلىنغان؛ ئىنتايىن ھەجۋى، ئەڭ غەلىتە «ئىجادىيەت» شەكلى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئەسلىدىكى ئىجادىيەتتىن مەھرۇم ھالەتتىكى نۇقتىغا قايتىشنى تەكىتلەيدۇ) سەنئەت بۇيۇمى قىلىنىدىغان، شۇنداقلا ئەنئەنىۋى ئۇسۇلغا جەڭ ئېلان قىلىنىدىغان تەتۈر سەنئەت قارىشى بولۇپ، دۇسان يەنە داۋىنچىنىڭ داڭلىق رەسىمى «مۇنالىزا» نى بۇرۇتلۇق سىزىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ «ئىجادىيەت» ى ھېسابلىغان. ئۇ، ھەزىل سەنئەت ئېقىمىنىڭ پىرى ھېسابلىنىدۇ.

20-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى «ئاۋانگارت سەنئەت» مەيلى قۇرۇلما، ئۇقۇم، تەن، ھەرىكەت بولسۇن ھەممىنى «نەق شەيئىي» قاتارىدا ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكۈزدى. نەتىجىدە ئەخلەت، ئەسكى-تۈسكىلەر، جەسەت، يالىڭاچ تەن، ھەتتا جىنسىي ئەزالار ھەم جىنسىيەتكە ئالاقىدار بارلىق شەيئىيلەر سەنئەتنىڭ ئوبيېكتىغا ئايلاندى، شۇنىڭدەك تاپ، گەندە، ھېزەكلەرنى «سەنئەت» ئەسەرلىرى قىلىۋېلىشنى كىشىنى ھەيران قالدۇرالمايدىغان بوپقالدى.

جۇڭگو چوڭ قۇرۇلۇقىدىمۇ خەندەنچىلىك (邯鄲学) قىزىپ كەتتى. بېيجىڭنىڭ مياۋفىڭشەن چوقىسىدىكى قەۋەتلىشىپ ياتقان بىرقانچە يالىڭاچ ئايالنىڭ ھەرىكەت سەنئىتى «نامسىز تاغنى بىر مېتىر ئېگىزلىتىش ئۈچۈن» دېگەن تېمىدىكى ئەسەر بوپقالدى. تەيۋەن سەنئىتىنىڭ غەربلىشىپ كەتكىنىگە ئۇزۇن بوپقالغانىدى. ھۆكۈمەت ئالماشقاندىن كېيىن بولسا، ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى سەنئەت سارايلىرىمۇ تېز سۈرئەتتە «خەلقئارالىشىپ» كەتتى.

تەيبېيدىكى 2000-يىلدىكى قوش يىللىق كۆرگەزمىنىڭ تېمىسى «ئۇياتسىزلىق» (بۇ تېما ئويلىمىغان يەردىن تەيۋەن ۋەزىيىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى گەۋدىلەندۈرۈپ قويغان) بولۇپ، ئۇنىڭغا قاتناشتۇرۇلغان ئەسەرلەر ئىچىدىكى بىر پارچە ئەسەر A دەرىجىلىك فىلىملەردىن قىلچە پەرقسىز ئىدى. بۇ ئەسەرنىڭ «سەنئەتكار» ى ئىلگىرى «HKU» فىلىمىنى ئىشلىگەن خەلقئاراغا داڭلىق ئايال رېژىسسور بولۇپ، خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا «ئىلمىي فانتازىيىلىك كۆرۈنۈشلەردە ئاتالمىش جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش بىلەن جىنسىيەتنىڭ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈش مۇناسىۋىتىنى مۇلاھىزە قىلسا، نۇرغۇن ئىجابىي مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئېرىشكىلى بولارمىش». ئۇنىڭ «ئەسەر» لىرى تەيبېيدە بۇرۇن غەيرىي جىنسىيەت تەرغىباتى، دەپ قارىلاتتى، ھازىر سەنئەت، دېيىلىدىغان بولدى.

دۇنيانى تەشۋىشكە سېلىۋاتقان ھازىرقى زامان غەرب ئاۋانگارت سەنئىتى، ئاخىرقى ھېسابتا يەنى گۇيىڭئېبىننىڭ A دەرىجىلىك فىلىمىنىڭ ۋارىيانتلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، توكيو بىلەن تەيبېيدە «ئالاقىگە ھەمدەم» قىزلار بار ئىكەن. ساھىبجاماللار بىلەن پاھىشەلەر، سەنئەتكارلار بىلەن پاھىشىۋازلارنىڭ تىلى بىر بوپكەتتى. سەنئەت بۇيۇملىرى بىلەن تاشلاندۇق ئەخلەتلەرنىڭ چوڭ پەرقى يوق، ھەيران قېلىشقا ئەرزىمىگۇدەك ھالغا كەپقالدى.

كۆپ ساندىكى كىشىلەر ھازىرقى بۇ خىل ھالەتكە نارازىلىق بىلدۈرۈش ياكى ئۇنى تەنقىدلەشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. چۈنكى كىشىلەر دەۋر ئېقىمىنىڭ سىرتىغا سىقىپ چىقىرىۋېتىلىشتىن، چەتلىشىپ كېتىشتىن، تەنھا قېلىشتىن ئەنسىرىشىدۇ. بۇ، ھازىرقى زامان دەۋر ئېقىمىدىكى كىشىنى چۆچۈتىدىغان تەھلىكە. بۇ تەھلىكە كېڭىيىپ چەكسىزلىككە يېتىپلا قالماستىن، بەلكى تولىمۇ ئېنىقسىز ھالەتكە كەپقالدى. ئۇنى بىز تومتاقلا قىلىپ «يەرشارىلىشىش» دەپ ئاتىۋېلىشتۇق. زالىم سىياسىي ھوقۇق چەكلىمىلىكى تۈپەيلى، ھاكىممۇتلەق جەمئىيەتتە نۇرغۇن كىشىلەر يەنىلا بۇخىل ئىمتىيازغا نارازىلىق بىلدۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. ھازىرقى بۇ ئەركىن جەمئىيەتتە بولسا، كىشىلەر بۇ خىل تەھلىكىنى ئاپتوماتىك ھالدا ياكى قارىغۇلارچە، ئىلاجىسىز قوبۇل قىلىدۇ. ھېچكىم ئۆزىگە تەئەللۇق ئېتىقاد، ھۆكۈم ھەم تاللاشقا ئېرىشەلمەيدۇ. بۇ، كىشىنى چۆچۈتىدىغان زامان.

«يەرشارىلىشىش» قارا بۇلۇتقا ئوخشاش ھەممە يەرنى قاپلىدى. بۇ خىل زور قايمۇقۇش ئەسىر ئاخىرىدا كېڭىيىپ، ئۆزلۈكسىز يۇقىرى دولقۇنغا كۆتىرىلىپ، ئىنسانىيەت مەۋجۇدىيەت بوشلۇقىنىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىدىن تاكى كىشىلەرنىڭ ھۇجەيرىلىرىگىچە سىڭىپ كەتتى. ئۈچىنچى ئىرا سۇبھىسىنىڭ جۇلاسىنى قارا بۇلۇتلار توسىۋالغىلىۋاتىدۇ، بىراق «سۇبھىنىڭ قۇياش نۇرى يەنىلا پارلاق».

«يەرشارىلىشىش» ھازىرقى دەۋردىكى ئەڭ كەڭ تارقالغان مودا سۆز بوپقالدى. ئۇ، بەخت سادىسىمۇ ياكى شۇم خەۋەرمۇ؟ بۇتېخى نامەلۇم.

## روھىيەت مۇستەملىكىسى،قانلىق شەپەق

150 نەچچە يىل ئىلگىرى ماركس بىلەن ئېنگىلس «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» نى ئېلان قىلغاندا، سانائەت ئىنقىلابى بىلەن بۇرژۇئازىيە سىنىپى «دۇنيا بازىرىنى ئاچقانلىقتىن، بارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەم ئىستېمالىنى دۇنياۋىلاشتۇرۇۋەتتى» دېگەنىدى. سانائەت

ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يۈكسىلىشى، ئىستېمال بازارلىرىنىڭ كېڭىيىشى، دۆلەت ھالقىغان كارخانىلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى، خەلقئارا سودا ھەم خەلقئارا مەبلەغنىڭ كۆچىيىشى، ئالدى بىلەن ئىقتىسادنىڭ يەرشارىلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بىراق «يەرشارىلىشىش» گەرچە ئىقتىسادىي پائالىيەتنى مەنبە، ئىقتىسادنىڭ يەرشارىلىشىشىنى مەركەز قىلىسىمۇ ، لېكىن بۇ يەرشارىلىشىشنىڭ ئىقتىساد بىلەنلا چەكلەنمەيدىغانلىقىنى كۆرسەتتى، ئۇ، مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ يەرشارىلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. چۈنكى تاۋارلار كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك، ماشىنا، ئۈن-سىن ھەم يۇمشاق دېتال بىلەنلا چەكلەنمەستىن، ئۇ يەنە غەربتىكى قۇدرەتلىك ئەللەر تارقاتقان ئۇقۇم، ئىدىيە، ئېتىقاد، قىممەت، دەرىجە قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

چەكسىزلىككە ئىگە ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ كېڭىيىشى ھەم سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئەقلىمىز بىلەن قەلبىمىزنى پۈتۈنلەي يۇقۇملاندۇرۇشى، ئۆزلۈكسىز راھەتنىڭ مېڭىمىزنى يۇيۇشى، سۆزسىزكى بىر خىل يېڭى مۇستەملىكە شەكلىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، بۇنى «ئېلېكترون مۇستەملىكىسى» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. ئىقتىساد، مەدەنىيەت مۇستەملىكىسى ئۇچۇن قورال تەھدىتى كەتمەيدۇ، بىراق پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئامېرىكىلىقلارغا ئوخشاش تەپەككۇر قىلىپ، ھۆكۈم چىقىرىپ ئامېرىكىلىقلاردەك ياشاشقا مەجبۇر بولىۋاتىدۇ. بۇ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئارقىغا چېكىنىشى. چۈنكى پەرقىنىڭ يوقۇلۇشى چوقۇم بىر مەنبەلىشىشنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ، شۇنداقلا يول قويماسلىق، كەمسىتىش كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تراگېدىيە مۇقەررەر تەكرارلىنىدۇ.

يەرشارى بويىچە ئوخشاش سۈپەتكە ئېرىشىشكە قارىغۇلارچە ئەگىشىش، شەرق سەنئىتىنىڭ خازان بولۇشى، مىللىي ئۇسلۇب، مەدەنىيەت ۋە ۋۇجۇدنىڭ مۇنقەرز بولۇشىنىڭ سەۋەبىدۇر. مەدەنىيەتنىڭ دۇنياۋىلىقى ھەم مەدەنىيەتنىڭ يەرشارىلىشىشى ماھىيەتتە، غەرب مەدەنىيەت شوۋىنىزىم زوراۋانلىقىنىڭ ئەڭ زور دەرىجىدە كېڭىيىشىدۇر. بۇنىڭ نەتىجىسىدە غەيرىي غەربچە مەدەنىيەتلەر غەرب مەدەنىيىتىگە تەڭ كېلەلمەيدۇ ھەم ئۇنىڭ مېۋىلىرى تۈزۈپ كېتىدۇ. بۇ، ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ زور بەختسىزلىكى. نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى بىلەن غەربلىكلەر كۆككە كۆتۈرۈۋاتقان شەرق «ئاۋانگارت سەنئەت» ى «سىز بىزگە ئوخشىغاچقىلا، سىز مۇنەۋۋەر» دېگەندىن باشقا نەرسە ئەمەس، بىراق بەزىلەرنىڭ بۇنىڭغا يالىقى يېيىلىپ كېتىۋاتىدۇ.

پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىغا نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ «يەرشارىلىشىش» ھەرجەھەتتىن قورقۇنچلۇق تۇسكە كىرىپ قالغىلىۋاتىدۇ. ماك دونالد بىزگە تېز غىزالىنىشنى ئۆگەتسە، ھولليۋودشېرىن چۈش زاۋۇتىنىڭ قەلب ئوزۇقى بىلەن بىزنى تەمىنلەۋاتىدۇ. «قۇرۇق سۆلەت بەگچەكلەر» سىز-بىزلەرگە جىنسىي ئەزالاردىن ھوزۇرلىنىشتىن تەلىم بېرىشسە، جېكسون، مادوننالار بىزگە مەستخۇشلۇق ئاتا قىلىشىۋاتىدۇ. بارلىق مودا ئېقىملار نيۇ-يورك، پارىژدىن پۈتكۈل يەرشارىغا كېڭىيىپ، تېنىڭىزنى قايتا يارىتىپ، مودا بىلەن قەلبىڭىزنى مۆھۈرلەپ، ۋۇجۇدىڭىزنى سۇغۇرۇپ، «ئۆز» لىكىڭىزنى يوقىتىشقا مەجبۇرلاۋاتىدۇ. «يەرشارىلىشىش» كىشىلەرنى ئەگەشمىسىلا تاشلاندۇق ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدىغاندەك قىلىدۇ. يەككىلىكنىڭ يېگانىلىقى، مەنىسىزلىك ھەم خەۋپسىرەش كىشىلەرنى «يەرشارىلىشىش» تەھلىكىسىگە باش ئېگىشكە مەجبۇرلىماقتا.

## يېڭى ئەسىردە «ئۈمىد»نى ھەمرا ھ قىل

تارىختا ئەزەلدىن ھازىرقىدەك سودا پۈتكۈل دۇنيانى ئىدارە قىلىدىغان زامان بولمىغان. ھەممە نەرسە تاۋارلىشىپ، ئەقىل-پاراسەت، تەدبىر، بىلىم، گۈزەل لاتاپەت، ياشلىق، تەن شۇنداقلا ئەخلاقسىز نومۇرلاردىن پايدىلىنىپ بېيىغىلى بولىدىغان بوپكەتتى. بۇرۇنقى كىنو چولپانلىرى گۈزەل جامالى، باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان خاراكتېر ياكى ئۆزگىچىلىكى، قوبۇل قىلغان تەربىيىسى، ئاڭلىقلىقى ھەم ئىلمىيلىكى بىلەن ئۇتۇق قازىناتتى، ھازىرقى چولپانلار دېگۈدەك ئۆزلىرىنىڭ جىنسىي جەلپكارلىقى، ئەخلاقسىز قىلمىش-ئەتمىشلىرى بىلەن ئويۇن قويۇپ «مەشھۇر چولپان» بولۇشۇۋالغىلى-ۋاتىدۇ.

يەرشارى بىر چوڭ «سودا مەيدانى» غا ئايلىنىپ كەتتى. ئىشلەپچىقىرىش، ئىستېمال ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىغا ئايلاندى. ھەممە نەرسە تاۋارلىشىپ، مەنپەئەتكە ئېرىشىش بازارنىڭ بىردىنبىر «ئەخلاق» قارىشىغا ئايلاندى. مەنپەئەت ئارقىلىق شەخسنىڭ بارلىق ماددىي مەنپەئىتىنى، سەزگۈلەرنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇش ئىقتىدارىنى قوغلىشىشتىن باشقا، كىشىلىك تۇرمۇشتا تېخىمۇ قىلىشقا ئەرزىگۈدەك باشقا ئىش قالمىدى. شۇڭا، ئويۇن-تاماشا، يەپ-ئىچىش، شەھۋەتپەرەسلىك، جىنسىي تەلەپ، زوراۋانلىق، قان تۆكۈش، رەھىمسىزلىك، مەستخۇشلۇق، غىدىقلىنىش، تەلۋىلىك، ئەخلاقسىزلىقتا ئوخشاش سەزگۈلەرنىڭ كېڭىيىشىگە سەۋەبكار قىلمىشلار، ئىنسانىيەت نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى بەرپا قىلغان مەدەنىيەت ئەندىزىسىنى ئاغدۇرۇۋەتتى. 19-ئەسىردىكى شانلىق ئەدەبىيات، 19-ئەسىردىكى تەڭداشسىز مۇزىكىلار، ئەدەبىيات-سەنئەت قايتا گۈللەنگەندىن بۇيانقى نەچچە يۈز يىللىق گۈزەل سەنئەت 20-ئەسىرنىڭ يۈز يىلىدىلا ئۆزگەردى، خارابلاشتى. ئىنسانىيەت

ئالىمدە ئەمدى داۋىنچ، بىتخوۋىن، چېخوف، رۇسسېلغا ئوخشاش بۈيۈك شەخسلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى بەسى مۈشكۈل. شۇنداقتىمۇ بىر گېپىتس ھەم ياخوتورىنىڭ مەسئۇلى ياڭ جىيۈەنگە ئوخشاش كاتتا بايلار ئەسىر ئاخىرىدا مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. ئىنسانىيەتنىڭ شان-شەرىپى مال-دۇنيانىڭ نۇرىغا كۆمۈلۈپ قالدى.

1866 ـ يىلى فرانسىيە رەسسامى كورب: «دۇنيانىڭ مەنبەسى» دېگەن رەسىمنى سىزدى. بۇ رەسىم ئاياللار جىنسىي ئەزاسىنىڭ ھەقىقىي سىزمىسى بولۇپ، ئىنتايىن تەپسىلىي سىزىلغان. كوربىنىڭ بۇ رەسىمى غەرب رەسساملىق تارىخىدىكى ئايال زاتىنىڭ جىنسىي ئەزاسى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسى كىشىلەرنىڭ دۇنياغا ئاپىرىدە بولۇشىدا چوقۇم ئۆتۈشكە تېگىشلىك ئۆتكەل. كوربىنىڭ قىلچە ساختىلىق ئىشلەتمەي، رېئالىزملىق ئۇسۇل بىلەن كىشىلىك ھاياتنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈشى، سەتلەشتۈرۈلمىگەن ھەم تولىمۇ ئاددىي ئىش. ئۇنىڭ ماھارىتى يۇقىرى ھەم تۇرلۇك بولۇپ، ئۇ دەۋرنىڭ ئۇلۇغ ئۇستازلىرىدىن بولۇشقا ۋناسىپ. ئۇ، «تەسىر ئېقىمى» نى مەيدانغا ەلتۈرگەن. بىراق بۇ ئىنسانىيەت رەسساملىق انلىق تارىخىنىڭ زاۋاللىقى بوپقالدى.

20 ـ ئەسىردىكى غەرب رەسساملىقى 100 يىللىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» بولۇپ، دۇساندىن كېيىنكى رەسساملار مۇبادا مەخسۇس ئەكسىيەتچىلىك ھەم ئاغدۇرمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان «قىزىل قوغدىغۇچى» بولمىغاندا ئىدى، «ئاساسىي ئېقىم» دىكىلەردىن ھېسابلانماي قالاتتى. ئەسىر ئاخىرىغا كەلگەندە، سەنئەت مۇنبىرىدە چوقۇنغىدەك ئۇستازلارمۇ قالمىدى. خۇددى جاز مۇزىكىلىرىنىڭ ۋاڭ-چۇڭلىرى ئۆتمۇش مۇزىكىلىرى لەرزانلىقىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەنگە ئوخشاش، باش گىلدىڭشىتىش كۆمىلچىنىڭ ئەسەبىيلەشتۈرۈشى قوشۇلغاندىن كېيىن، «سەنئەت» ئىستېمال تاۋىرىغا ئايلاندى. سەنئەتكارلارمۇ تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىغا ئايلىنىپ غەلىتە، بىنورمال، كىشىنى ئېزىقتۇرۇدىغان، چىرىندى نەرسىلەرنى بازارغا سېلىشقا باشلىدى. ئىنسانىيەتنىڭ ئىخلاسى بىلەن، يۈكسەك چوڭقۇرلۇققا ئىگە بەدىئىي ئەسەرلەرنى ئىجاد ئېتىشى كەلمەسكە كەتكەندەك قىلىدۇ. غەربتىكى شەپەق قان رەڭ بولىدۇ، تاۋار بازارلىرى قەدىمكى جەڭ مەيدانىغا ئوخشايدۇ. كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى يەپ، بايلار بارغانسېرى بېيىپ، نامراتلار كۈنسېرى نامراتلىشىپ، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر يىراق قەدىمكى كونا دەۋرلەردىكىدىن تېخىمۇ ئۆتكۈرلىشىپ كېتىدىغاندەك قىلىدۇ. 2000 ـ يىلىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىدىن كېيىن، 21 ـ ئەسىر تەلىماتى ئېزىتقۇ تۇمان ئىچىدە نامايان بولدى. يېڭى ئەسىر دەرۋازىسىغا قارا رەڭ بىلەن بىر قانچە ئەلنىڭ يېزىقى (بەزى «تەيۋەنلىك» لەر خەنزۇچە يېزىقنى تونۇماي، «خەنزۇچە پىنيىن» بىلەن «ئورتاق قوللىنىدىغان پىنيىن» نى ئارىلاشتۇرۇپ يازغان بەلگىلەرنى كۆرۈشكە مەجبۇر بولۇشسا، ئاز ساندىكى «ئىنگلىز تىلىنى پىششىق بىلىدىغان» لار ئۆز ئانا تىلىدىن تېخىمۇ يېقىملىقراق تۇيۇلىدىغان ياپونچە ياكى ئىنگلىزچىنى ئوقۇشاتتى) دا تۆۋەندىكى خەتلەر يېزىلغانىدى:


«بۇ جايدىن ئىنسانلار مىسلىسىز پەرىشانلىققا قەدەم قويىدۇ. نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىنىڭ سەلتەنىتىنى ئەسىر ئاخىرىدىكى ئاغدۇرمىچىلىق چۇل-چۇل قىلىۋەتتى. ئۆتمۈشنىڭ ئاچچىق تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى ئەسىر ئاخىرىدىكى تەلۋىلىك ئۇنتۇلدۇردى. بۇ يەردىن ئىنسانىيەت سەزگۈلەرنىڭ ئەڭ زور چەكتىكى كېڭىيىشىنىڭ بىشەملىكى، قەلب چەكسىزلىكىدىكى مەنىسىز تېڭىرقاشنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا كىرىپ كېلىدۇ. مۇبادا ئىنسانلار ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئېڭى ھەم ئىرادىسىنى يوقىتىدىكەن، خاتىرجەملىك، بەخت ھەم شان-شەرەپتىن مەڭگۈ مەھرۇم قالىدۇ. ئەسىر بوسۇغىسىدىن ئاتلايدىغان ھەرقانداق كىشى (ئۈمىد) تىن ئىبارەت بۇ نەرسىنى ھەمراھ قىلمايدىكەن، ئۆزىنى ھالاك قىلىشتىن ساقلىنالمايدۇ».

ئادىل ئابدۇقادىر تەرجىمىسى (M1)

**مۇشتەرىلەر سەمىگە:**

ژۇرنىلىمىزنىڭ پوچتا ۋاكالەت نومۇرى 22 ـ 58نى ئېيتىپ بەرسىڭىزلا مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلاردا ژۇرنىلىمىزغا ئىنتايىن ئاسان مۇشتەرى بولالايسىز.

ـ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى



# جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى ئۈچ چوڭ بۇلغىنىش

گۈلۈك

## ھوقۇقنىڭ بۇلغىنىشى

### 1. ئەمەلدارلىق ساھەسى

ئەمەلدارلىق ساھەسى شۈبھىسىزكى، ھوقۇق بۇلغىنىشى يۈز بەرگەن «ئېغىر ئاپەت رايونى» دۇر. مەمۇرىي ھوقۇقنىڭ چىرىكلىشىشى ئۆز نۆۋىتىدە پۈتكۈل ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ناچارلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان باش سەۋەبچى بولۇپ، بارلىق «بۇلغىنىش» لارنىڭ يىلتىزىدۇر. باشقا تۈرلۈك - تۈمەن بۇلغىنىشلار مانا شۇ يەردىن يىلتىز تارتىدۇ. بۇ، كىشىلەر ئەڭ كۆپ غۇلغۇلا قىلىشىدىغان، ئىپلاسلىق ئەڭ ئېغىر، نارازىلىق ئەڭ كۆپ چىگىش مەسىلە بولۇپ، ھاكىمىيەت ئىچى-سىرتىدىكىلەر ئۈستى-ئۈستىلەپ چارە-تەدبىر كۆرسىتىشكەن بولسىمۇ، ھالبۇكى ئۇزۇندىن بېرى تۈزەلمەي كېلىۋاتىدۇ.

بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىش شەكىللىرى خىلمۇ خىل بولۇپ، بىرلا نەرسىنى يەنى دۆلەتنىڭ قۇدرىتى ئارقا تىرەك قىلىنغان مەمۇرىي ھوقۇقنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىش ھەمدە مۇۋاپىق تۈردىكى ھوقۇق يۈرگۈزۈش ئوبيېكتىغا ئىگە بولۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ئۇنداق كىشىلەر ھوقۇق يۈرگۈزۈش جەريانىدا جامائەت ئىشلىرىغا ئاكتىپ مۇلازىمەت قىلىشنىڭ ئورنىغا ھەممىلا جايدا ئۆزلىرىنىڭ ياكى كىچىك گۇرۇھىنىڭ كۆممىچىگە چوغ تارتىدۇ ھەمدە بۇ ھال بارغانسېرى پايدىنىڭ چوڭىنى كۆزلەشكە قاراپ يۈزلەنمەكتە. بۇنى ئىلمىي ئۇقۇم بىلەن ھۆكۈمەت ئىشىنى ئىقتىسادلاشتۇرۇش، كارخانىلاشتۇرۇش، ھوقۇقنى بازارلاشتۇرۇش ھەم ئۇنىڭغا پائال خېرىدار ئىزدەش، دەپ شەرھلەشكە بولىدۇ.

ئاشكارا ھالدىكى ھوقۇق بۇلغىنىشلىرى ئىچىدە

يۇقىرىلارنىڭ ھەممىدىن بەك ئۇغىسىنى قايىنىتىدىغىنى چىرىكلىكتۇر. بۇ بىرقانچە يىلدىن بۇيان چىرىكلىك ھادىسىسىدە بەزى يېڭى خاھىشلار ئوتتۇرىغا چىقتى. مەسىلەن، چىرىكلىك تورلىشىپ، گورۇھلىشىپ كەتتى. بىرلا تارتسا بىر-بىرىگە چېتىلىپ چۇۋۇلۇپ چىقىدىغان چىرىكلىك دېلولىرى ھازىر ئانچە يوچۇن تۇيۇلماس بوپكەتتى؛ چىرىكلىك يۇقىرى قاتلاملىشىپ، جازالانغان ئەمەلدارلارنىڭ دەرىجىسى بارغانسېرى ئۆرلەۋاتىدۇ؛ چىرىكلىك دائىرىسى شىددەت بىلەن كېڭىيىپ، بۇلغانمىغان ساھە يوق دېيەرلىك ھالەتكە يەتتى. سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 1997-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىلا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ئىككى كۈندە ئۆلكە-مىنىستىر دەرىجىلىك ئەمەلداردىن بىرى، كۈنىگە نازارەت-ئىدارە دەرىجىلىك كادىردىن توققۇزى جازالانغان. چىرىكلىكنىڭ تەرەققىي قىلىش، يامراش سۈرئىتىنىڭ تېزلىكى ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرىدۇ. بۇ يىلقى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى تېخىمۇ بەكرەك چوڭ ئەمەلدارلارغا قارىتىلدى. بۇنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك مىسالى شۇكى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چېڭ كېجيېگە پارىخورلۇق جىنايىتى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ ۋئاۋىن باشلىقى خۇچاڭچىڭ، گۇاڭشىدىكى چېڭلۇڭ، خېنەن ئۆلكىسى دۇڭفاڭ شەھەرلىك رتكومىنىڭ شۇجىسى چېيۇگۇي قاتارلىقلار ئېتىلدى. زور مىقداردىكى خىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ موللاق ئېتىشىمۇ ھوقۇقنى بازارلاشتۇرۇش خاھىشىنىڭ دائىرە جەھەتتىن كەڭ تارقالغانلىقىنى، ھوقۇقنى «بۇلغىغۇچى»لار مەنپەئەت قوغلىشىش جەھەتتىن ئورتاق تونۇشقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

بۇلتۇر دۆلىتىمىزنىڭ مەلۇم بىر رەھبىرى غەزەپ بىلەن: «ھازىر ھەممە مەنسەپنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق باھاسى بار بولدىمۇ، نېمە؟» دېگەنىدى. بازار پرىنسىپى ھازىر ھوقۇق بازىرىدا كەڭ ئومۇملىشىشقا باشلىدى. ھوقۇققا باھا كۆرسەتكۈچى چاپلاپ، ھوقۇق ئېلىپساتارلىقى قىلىش نۇرغۇن جايلاردا يېڭىلىق تۇيۇلمايدىغان بوپقالدى. شۇڭا چىرىكلىكنى تۈزۈملەشتۈرۈش خاھىشىدىن ھوشيار بولماسلىق قەتئىي بولمايدۇ.

بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، چىرىكلىك – سالغان مەبلەغنىڭ پايدىسى بىلەن قايتىپ كېلىشى، دەيدىغان تەپەككۇر ئۇسۇلىغا ئايلىنىپ، كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىغا چوڭقۇر ئورناپ كەتتى ھەمدە بۇنىڭدىن بىرخىل «ئورتاق ئىجتىمائىي تونۇش» شەكىللەندى، مانا بۇ ھوقۇقنىڭ ئەڭ زور دەرىجىدە بۇلغىنىشىدۇر. شۇڭا:

ئەمەل تۇتۇپ باي بولمىسام ئەگەر،
بۇنداق ئەمەلنى باشقىلارغا بەر.
ئەمەل تۇتۇپ قەنتىنى چاقمىسام،
خەقلەر مېنى ئەخمەق-كالۋا دەر.

دېگەندەك قوشاقنىڭ ئەجەبلەنگۈچىلىكى بولمىسا كېرەك.

ئاشكارا ھوقۇق «بۇلغىنىش»ى ئادەمنى چۆچۈتسە، يوشۇرۇن ھوقۇق «بۇلغىنىش»ى ئادەمنى تېخىمۇ ۋەھىمىگە سالىدۇ. ھۆكۈمەت ئىشىنىڭ بازارلىشىشى ئاقىۋىتىدە ھۆكۈمەتنىڭ رولى ئاجىزلىشىپ، ئىجتىمائىي فونكسىيىسى قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ نۇرغۇن ساھەلىرىدە «مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش» ياكى «ئۆز ھوقۇق دائىرىسىگە كىرمەيدىغان ئىشلارغا چات كىرىۋېلىش» قىلمىشىمۇ خۇددى نورمال ئىشتەكلا كۆزگە سىڭىپ قالىدۇ. بۇ ئاخىرىدا ھوقۇقنى سۇيىئىستېمال قىلىش ياكى قولىدىن ئىش كەلمەسلىككە ئېلىپ بارىدۇ.

يوشۇرۇن «بۇلغىنىش»لارنىڭ ئىچىدە تەدبىر بەلگىلەشتىكى سەھۋەنلىك جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بىرخىل ھوقۇق بۇلغىنىشىدۇر. گەرچە ئۇنىڭ مۇددىئاسىدىن ئاشكارا بۇلغىنىشنىڭ ئىزنالىرىنى تاپقىلى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنى ھۆكۈمەت ئىشىنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكى ياكى ھوقۇق دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەنلىكىدىن كېلىپ چىققان، دەپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن، گۇاڭجۇدىكى ئېتىلىن زاۋۇتى، خېنەن جۇڭيۈەن دورا زاۋۇتى، شەرقىي سىچۈەن لۇجيەن كۆۋرۈكى قۇرۇلۇشى قاتارلىق چوڭ تۈرلەرگە بىر قانچە يۈز مىليون، بىرقانچە مىليارد يۈەنلەپ مەبلەغ سېلىنغان بولسىمۇ، ھەممىسى بىكار بولۇپ، ئىگە بولىدىغان ئادەم چىقمىدى، بۇ ئاخىرى «تەدبىر بەلگىلەشتە كۆرۈلگەن سەھۋەنلىك» كە دۆڭگەلىپلا يۇغۇشتۇرۇۋېتىلدى. تولۇقسىز ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ئاتالمىش «تەدبىر بەلگىلەشتىكى سەھۋەنلىك»تىن كېلىپ چىققان زىيان نوقۇل چىرىكلىكتىن كېلىپ چىققان زىياندىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن. بۇ، يوشۇرۇن ھوقۇق «بۇلغىنىش»نىڭ تېخىمۇ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ھوقۇقنى سۇيىئىستېمال قىلىشقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھۆكۈمەتنىڭ «قولىدىن كەلمەيدىغان» ئىش يوق يەر ئەسلا يوق. نەپ تېگىدىغان مەمۇرىي ئىشلاردا كۆپچىلىك تالىشىپ ئىشنىڭ بېشىغا چىقىۋېلىشىدۇيۇ، نەپ چىقمايدىغان ئىشلاردىن ئىمكانقەدەر ئۆزىنى قاچۇرۇپ «قولىدىن كەلمەيدىغان» قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ.

## 2. كەسپىي خىزمەتلەر ساھەسى

ھوقۇق «بۇلغىنىش» مەمۇرىي ساھەلەردىلا ئەمەس، باشقا ساھەلەردىمۇ مەۋجۇد. كۆزىمىزگە ئاسان چېلىقىدىغىنى شۇكى، قولىغا ئازراق ھوقۇق تەگكەن ئاممىۋى مۇلازىمەت تارماقلىرىنىڭ ھەممىسى ھوقۇقنى غەيرىي رەسمىي مەمۇرىيلاشتۇرۇش خاھىشىدا بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ نەپ

ئۇندۇرىدۇ: ئوپېراتسىيە كارىۋىتىدا ياتقان ۋاقتىڭىزدا، دوختۇرغا قىلغان خۇشامىتىڭىز ئاز بوپقالغانمىدۇ-ھە، دەپ ئەنسىرەيدىغانسىز؟ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسىنىڭ سىرتىدا نەتىجىڭىزنى بىلىشكە تەقەززا بولۇپ تۇرغىنىڭىزدا ، باشقىلار نەچچە پۇل تىقىۋەتكەندۇ، دېگەننى ئويلىماي قالمايسىز. تېخى بەزى «ئىمتىيازلىق» تارماقلارنىڭ ئالدىغا بارسىڭىز، مەسىلە ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر بولۇپ، بىرەر ئىشىڭىزنى پۈتتۈرۈۋالغىچە ئەنسىرەپ پۇت-قولىڭىزدا جان قالمايدۇ. ئىشقىلىپ، ئىجتىمائىي مۇلازىمەتچىلىك ساھەسىنىڭ ھەرقانداقىدىن بۇ خىلدىكى ھوقۇق «بۇلغىنىش»ىنىڭ ئىزنالىرىنى تاپقىلى بولىدۇ. ھوقۇققا «چوقۇنۇش»نىڭ ئالامەتلىرى يوق يەرنى بولسا ئەسلا تاپقىلى بولمايدۇ. بۇنداق كەسىپ ھوقۇقىنى ئومۇمىيۈزلۈك سۇيىئىستېمال قىلىش قىلمىشى مۇناسىۋەت شامىلىنى ئەۋج ئالدۇرۇۋېتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مەمۇرىي چىرىكلىكنى مول زاپاس كۈچ بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئەقەللىيسى، دەرۋازىۋەنمۇ پۇل بەرسەڭلا دەرۋازىدىن كىرگۈزۈۋەتكەن يەردە، مۇبادا ئۇنىڭغا چوڭراق ئەمەل تېگىپ قالغۇدەك بولسا، ئۇنى ھوقۇق-پۇل پەلسەپىسىنىڭ مېغىزىنى مەززە قىلىپ چاقمايدۇ، دەپ كىممۇ كېپىللىك قىلالىسۇن؟!

ھوقۇق، نەپ دېگەنلەر كىشىلەر ۋۇجۇدىغا ئىچكىرىلەپ سىڭىپ كىرىپ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. ھوقۇق «بۇلغانغان» مۇھىتتا ياشاپ ھوقۇقنىڭ پېشىنى تۇتقانلارنىڭ ھەممىسى (مەيلى ئۇ مەمۇرىي ھوقۇق بولسۇن ۋە ياكى كەسىپ ھوقۇقى بولسۇن) يوشۇرۇن «چىرىكلەشكۈچى» بولۇشى مۇمكىن. ئادەتتىكى كەسپىي خىزمەت ساھەسىدە ھوقۇق-پۇل سودىسىنى ئوڭۇشلۇق يۈرۈشتۈرۈۋاتقانلار ھوقۇق دائىرىسىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن چوڭراق يېيەلمىسىمۇ، ئەمما بۇنى قانداقمۇ چوڭراق يېيىشنىڭ «مەشقى»نى قىلىۋاتمايدۇ، دېگىلى بولسۇن؟ يۇقىرىدا دېگەنلىرىمىز چىرىك ئۇنسۇرلارنىڭ نېمىشقا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز يېتىشىپ چىقىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۇرىدۇ.

مەمۇرىي، كەسپىي ساھەلەردىلا ئەمەس، كارخانىلاردىمۇ شۇنداق. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭغۇ گەپ توغرا كەلمەيدۇ. نۇرغۇن خۇسۇسىي كارخانىلارمۇ ئۆز ئىچىدە خىيانەتچىلىك مەسىلىلىرىگە دۇچ كەلمەكتە. سەنجۇ شىركىتى تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەندە، شىركەتتىكى مەنسەپدارلارنىڭ كوللېكتىپ چىرىكلىشىشى بىلەن ، ۋۇبىڭشىن تەكرار-تەكرار «ئىستىل تۈزىتىش» ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولدى. دېمەك كارخانىلارنىڭ ۋەيران بولۇشى چىرىكلىك بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مانا مۇشۇ تۈردىكى ئومۇمىيۈزلۈك ھوقۇق بۇلغىنىشلىرىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى ئېغىر دەرىجىدە چىرىتىشىنى ھەقىقى مەنىدىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىجتىمائىي يوشۇرۇن بالايىئاپەت دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

## ئىشەنچ - ئىناۋەتنىڭ بۇلغىنىشى

### 1. ئىشەنچسىزلىكتىن كېلىپ چىققان پاجىئە

ئىشەنچ دېگەندىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدىغان جەمئىيەتتە ياشاشنىڭ ئۆزى بىر خىل پاجىئەدۇر. ئادەملەر ئارا مۇناسىۋەت بارغانسېرى گۇمانلىقلىشىپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى جەمئىيەتتە، ھەممە ئادەم ئىشەنچسىزلىكنىڭ دەردىنى تارتماقتا.

ئەتىگىنى ناشتىلىقىڭىزدا سۈت ئىچىپ ئولتۇرۇپ، سۈتكە سۇ قوشۇۋەتكەنمىدۇ، دەپ گۇمان قىلىسىز؛ بازاردىن ئۆردەك كاۋىپى سېتىۋالغاندا «يەر ئاستى زاۋۇتى» ئىشلەپچىقارغان «داغلىق مەھسۇلات» بوپقېلىشىدىن ئەنسىرەيسىز؛ تېخى چېكىۋاتقىنىڭىز ساختا تاماكا، ئىچىۋاتقىنىڭىز ساختا ھاراق بولۇشى مۇمكىن؛ ساقچى فورمىسى كىيىۋالغانلارنىڭ ھەممىسى ساقچى بولۇشى ناتايىن؛ ھەربىي قىسىملارنىڭ نومۇرىنى ئېسىۋالغان ئاپتوموبىللارنىڭ كۆپىنچىسى ئارمىيىنىڭ ئەمەس؛ كوچىدا ناتونۇش بىرى سىزگە قاراپ كۈلۈمسىرىسە، بۇنىڭ بىرەر يامان غەرىزى بار ئوخشىمامدۇ، دەپ ئويلاپ دەرھال ھوشيارلىشىپ كېتىسىز؛ كوچا ئېغىزلىرىدا ئولتۇرۇپ ئۆزىنى «ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ ئوقۇش پۇلىنى تۆلىيەلمىگەن» دەپ ئاتىۋالغان بىچارە قىزلار، تىلەمچىلەر قوشۇنىنىڭ مۇھىم ئەزاسى ياكى باشچىسىمۇ تېخى، بۇنى بىلەلمەيسىز؛ نەرسە-كېرەك سېتىۋالغىلى پۇل بەرگىنىڭىزدە باشقىلار پۇلىڭىزنىڭ راستلىقىدىن گۇمانلانسا، سىزمۇ ئوخشاشلا قايتۇرۇلغان پۇلنىڭ راستلىقىدىن گۇمانلىنىسىز؛ ئوغلىڭىز ماتېماتىكا ئىمتىھانىدا 100 نومۇر ئالغانلىقىنى خۇشاللىق بىلەن دوكلات قىلسا، ساۋاقداشلىرىدىن كۆچۈرۈۋالغانمىدۇ، دەپ ئويلاپ قالىسىز.

رۇسىيىدە سودىگەرچىلىك قىلىۋاتقان جۇڭگولۇق بىر ھايانكەش خاباروۋىسكىيغا يېڭى بارغاندا، نۆلدىن تۆۋەن 30 گرادۇسلۇق سوغۇقتا بېشىغا بىرنىمە كىيمەي مال ئاپىرىپ بەرگىلى بېرىپ، توڭلىغىنىدىن قۇلىقىنى ئۇۋۇلىغىنىچە قار ئۈستىدە يۈگرۈپتۇ. بۇ ۋاقىتتا بىر قۇلاقچە «پاققىدە» بېشىغا كىيىلىپ قاپتۇ. ئۆرۈلۈپ قارىغۇدەك بولسا، رۇسىيىلىك بىر يىگىت تۇرغۇدەك. ئۇ يىگىت خەنزۇ تىلىدا چولتا قىلىپ «ئەتە» دېگەن گەپنى دەپتۇ، ئارقىدىن قولى بىلەن قول سائىتىنى ، ئاندىن دەسسەپ تۇرغان يەرنى ئىما قىپتۇ.

ئۇنىڭ قول ئىشارىسى ئارقىلىق دېمەكچى بولغىنى ناھايىتى چۈشىنىشلىك بولۇپ: «ھەي، جۇڭگولۇق يىگىت، ھاۋا شۇنچە سوغۇق تۇرسا، بېشىڭىزغا بىرنىمە كىيمىسىڭىز سوغۇق ئۆتۈپ كەتمەمدۇ. مېنىڭ قۇلاقچامنى كىيىۋېلىڭ، ئەتە دەل مۇشۇ ۋاقىتتا مۇشۇ يەرگە كېلىپ ماڭا قايتۇرۇپ بېرىڭ» دېگىنى ئىدى. قائىدە بويىچە ئېيتقاندا ، ھېلىقى جۇڭگولۇق ھايانكەش رۇسىيىلىكنىڭ ئىشارىسىنى چۈشەنمەيدىغان يەردە ئەمەس، لېكىن جۇڭگولۇق ھامان ئۆزىنىڭ ئىشەنچسىزلىكىنى ئاشكارىلىغان: ئەتىسى ھېلىقى ھايانكەش خەقنىڭ قۇلاقچىسىنى قايتۇرۇپ بەرمەكتە يوق، ئۆزىچە

كېرىلىپ قولاقچا بېرىپ تۇرغان ھېلىقى رۇسىيىلىكنى : «ھوي ئەخمەق، بىز قانداق ئادەمنى ئەخمەق دەيمىز؟ دەل ساڭا ئوخشاش قولاقچا بېرىپ تۇرغان ساراڭنى» دەپ مازاق قىلىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتكەن.

ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسى بىزنىڭ ئىشەنچ جەھەتتە ئىزچىل ساقلاپ كېلىۋاتقان مىللىي ئىپتىخارلىق ھېسسىياتىمىز ۋە غورۇرىمىزنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، «ۋەدە دېگەن ئالتۇندىنمۇ قىممەت»، «تاغدەك ئىشىنىش»، «سەممىي ئىشەنچ» دېگەندەك سۆزلەرنى بىر تىيىنگە ئەرزىگۈسىز قىلىۋەتتى. پەمىمچە، ئەينى ۋاقىتتا گەدىنىگىچە قەرزگە بوغۇلۇپ قەرز تۆلىگەن جۇڭگولۇقلارنىڭ بۇنچە تېز ئۆزگىرىپ كېتىشى ھېلىقى رۇسىيىلىكنىڭ خىيالىغا كەلمىگەندۇ.

## 2. بازار ئىگىلىكى دېگەنلىك ـ ئىشەنچ-ئىناۋەت ئىگىلىكى دېمەكتۇر

بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىش جەريانىدا يولۇقىدىغان ئىناۋەتنىڭ گۇمران بولۇشىدىن ئىبارەت بۇ ئوسالچىلىقنى ئىلگىرى ھېس قىلىپ يېتەلمەپتۇق. بازار ئىگىلىكى دېگەنلىك ـ ئىشەنچ-ئىناۋەت ئىگىلىكى دېمەكلىكتۇر. مۇشۇنداق بىر خۇنۇك ئىناۋەت سىستېمىسىدا يېتىلىۋاتقان بازار ئىگىلىكىمۇ خۇددى كەمتۈك تۇغۇلغان بوۋاقتا، ھەتتا تۇترۇقسىز شوئارغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

تەھلىل قىلىنىشىچە، تەرەققىي قىلغان بازار ئىگىلىكىدە كارخانىلار ئارا قەرەلىدىن ئۆتۈپ كەتكەن قەرز سوممىسى سودا ئومۇمىي سوممىسىنىڭ %25 . 0تىن %5 . 0گىچە بولغان نىسبەتنى ئىگىلەيدىكەن، ئەمما ئېلىمىزدە بۇ نىسبەت%5تىن ئېشىپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى يىلمۇ يىل ئېشىۋاتىدۇ. ئىشەنچ-ئىناۋەتكە چېتىلىدىغان ئىقتىسادىي ماجىرا، ئىلىم-پېرىم دېلولىرى شۇنىڭدەك تۈرلۈك قويمىچىلىق دېلولىرى كۆپلەپ يۈزبېرىۋاتىدۇ. مالنى ئېلىۋېلىپ پۇلىنى بەرمەسلىك ياكى پۇل بەرسىمۇ مالنىڭ قارىسىنى كۆرسەتمەسلىك خىلىلا ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال بوپقالدى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 1998-يىلىلا مەملىكەت بويىچە سوت مەھكىمىلىرى قاراپ چىقىشقا قوبۇل قىلغان ئىقتىسادىي ماجىرا ۋە ئىلىم-پېرىم ھەق-تەلەپ ماجىراسىغا ئائىت دېلو2مىليون890مىڭغا يەتكەن بولۇپ، سوت مەھكىمىلىرى قاراپ چىقىشقا قوبۇل قىلغان بارلىق دېلونىڭ %51نى ئىگىلىگەن. ئىشەنچ-ئىناۋەتتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدىغان بازار ئىگىلىكىدە ھەممە يەرگە توزاق-قاپقان قۇرۇلغان بولۇپ، قويمىچىلار سىزنى ھەرقەدەمدە مارىلاپ تۇرىدۇ. قارىغاندا، «1مىليارد جۇڭگولۇقنىڭ ھەر بىرىنى بىر قېتىمدىن قويۇپ چىقسامۇ قويۇپ تۈگىتەلمەيسەن» دېگەن گەپ بىكار چىقمىغاندەك قىلىدۇ.

مۇتەخەسسىلەرنىڭ مۆلچەرىگە ئاساسلانغاندا، قويمىچىلىق دېلولىرىنىڭ يىللىق ئېشىش نىسبىتى%30تىن ئېشىپ كەتكەن. جۇڭگو ئىستېمالچىلار جەمئىيىتىنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئادەمنى تېخىمۇ چۆچۈتىدۇ: 1998-يىلىلا مەملىكەت بويىچە %4 . 68ئىستېمالچى سودا قويمىچىلىقىنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغان.

ئىقتىسادىي ئىناۋەت، ئىجتىمائىي ئىناۋەت، خەلقئارا ئىناۋەت، ھۆكۈمەت ئىناۋىتى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىقتىسادىي ئىناۋەت چۈشسە، پۈتكۈل ئىجتىمائىي ئىناۋەت چۈشىدۇ، بۇنىڭ بىلەن مۇقەررەر ھالدا خەلقئارائىناۋەتمۇ چۈشىدۇ. جۇڭگو كارخانىلىرى ئىجتىمائىي ئىناۋەت كەمچىل مۇھىتتا يېتىلىۋاتقان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ چەت ئەللەردىن قەرز ئېلىشىمۇ ناھايىتى زور تەسىرگە ئۇچراۋاتىدۇ. گۇاڭدۇڭ خەلقئارا ھاۋالە مەبلەغ شىركىتىنى ۋەيران قىلىپ ھېسابىنى ئېنىقلاش ئىشىنى مىسال ئالساق، بۇ ئىش گۇاڭدۇڭ، ھەتتا پۈتكۈل مەملىكەتنىڭ چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىشىغا غايەت زور سەلبىي تەسىر كۆرسەتتى. گۇاڭدۇڭ خەلقئارا ھاۋالە مەبلەغ شىركىتىنى ۋەيران قىلىش تەرتىپىگە كىرگۈزۈش خەلقئارا قائىدىگە ئۇيغۇن، ئەمما بۇ يەردىكى ھالقىلىق مەسىلە شۇكى، گۇاڭدۇڭ خەلقئارا ھاۋالە مەبلەغ شىركىتىدىكىلەر ھۆكۈمەتنىڭ نامىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، قەرز ئالغان پۇلنى يارالتقان پايدا قاتارىدا كۆرگەن. مانا بۇ ئىشەنچ-ئىناۋەت كەملىكىنىڭ تىپىك ئالامىتىدىلىكى. بۇنىڭ تەسىرى بىلەن خەلقئارادىكى داڭلىق ئىناۋەتلىك دەرىجىسىنى باھالاش ئاپپاراتلىرى جۇڭگو كارخانىلىرىنىڭ ئىناۋەتلىك دەرىجىسىنى چۈشۈرۈۋەتتى. شۇڭا بۇنى ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق دېگىلى بولمايدۇ.

ئالغان قەرزنى قايتۇرۇش ـ ئەڭ ئەقەللىي قائىدىدۇر. ئەمما «بانكىدىن پات-پات ئېلىۋەرگىن قەرز، قايتۇرمىساڭمۇ، ئۇ ھېچ ئىش ئەمەس» دەيدىغان قاراش بىر مەھەل كىشىلەرنىڭ كاللىسىغا چوڭقۇر ئورناپ كېتىپ، ئۆزلىرىنى «زاماننىڭ ئىشلىرىنى چۈشەنگەن» ھېسابلىۋېلىشتى. شۇڭا، بانكىدىن ئالغان قەرزنى ئۇششۇقلۇق قىلىپ قايتۇرماسلىق جۇڭگودا «پەخىرلىك ئىش» ھېسابلىنىدىغان بوپقالدى. گېزىتكە چىققان بىرخەۋەرگە قارىغاندا، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ مەلۇم ناھىيىسىدىكى تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنغان 205 كارخانا ئىچىدە 167 كارخانا ھەرخىل نام ۋە ۋاسىتىلەر بىلەن بانكىدىن ئالغان قەرزدىن تېنىۋالغان بولۇپ، ئالغان قەرز پۇلنى ئۆسۈمى بىلەن قوشقاندا 320 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن. خەلق بانكىسىنىڭ گۇاڭجۇ شۆبىسى ئاشكارا ئېلان قىلغان، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، خەينەندىن ئىبارەت ئۈچ ئۆلكە، ئاپتونوم رايون 1-تۈركۈمدە بېكىتكەن قەرزنى كۆتۈرۈۋېتىلگەن كارخانا105كە، قەرز پۇل بىلەن ئۆسۈمى 6مىليارد يۈەنگە يەتكەن! ئاشكارىلانغىنى ھازىرچە تېخى مۇشۇنچىلىك بولۇپ، قالغىنىنى ئەقىللىق ئوقۇرمەن ئۆزى ئاڭقىرىۋالالايدۇ.

ئەگەر ھوقۇقنىڭ بۇلغىنىشى ھەممىدىن بەكرەك ئىجتىمائىي جاراھەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دېيىلسە، ئۇنداقتا ئىشەنچ-ئىناۋەتنىڭ يوقىلىشى مەنىۋى مەجرۇھلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. ئىناۋەت سىستېمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى قانۇنچىلىق سىستېمىسىنىڭ مۇكەممەللىشىشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. ھالبۇكى، ئىناۋەتنىڭ تۆكۈلگەنلىكى قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى نۇرغۇنلىغان يوچۇقلارنى، شۇنداقلا قانۇننى ئىجرا قىلىش جەريانىدىكى ھوقۇق بۇلغىنىشىدىن كېلىپ چىققان مۇناسىپ ئاقىۋەتلەرنى ئەكس تەرەپتىن ئىسپاتلاپ بەردى.

دەرۋەقە، سودا ئىناۋىتىنى تىكلەشكە ۋاقىت كېرەك. بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش جەريانىدا مۇقەررەر كېلىپ چىقىدىغان قالايمىقانچىلىق ئىناۋەت سىستېمىسىنىڭ گۇمران بولغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. شۇڭا قانۇننى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، روھىي دۇنيانى يېڭىلىغاندىلا ئاندىن مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ. چۈنكى ئىناۋەت چۈشكەندىن كېيىن ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن يۇقىرى بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن ھېچكىم مۇستەسنا بولالمايدۇ. يەنە بىر خىل گەپكە قارىغاندا، پۈتكۈل ئىجتىمائىي ئىناۋەتنىڭ چۈشۈشىنى ئەيىپ ھېسابلانمايدىكەن، چۈنكى كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئوخشاش ئىجتىمائىي ئاقىۋەتكە دۇچار بولغاندا، ئىجتىمائىي ئىناۋەت قۇرۇلۇشىغىمۇ تۈرتكىلىك رولى بولىدىغان ئوخشايدۇ. ئالداپ-قويمىچىلىق قىلىۋېرىپ، ئاخىرى ئىناۋەتلىك بىر جەمئىيەتنى قۇرۇپ قالساقمۇ ئەجەب ئەمەس.

## مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى

مۇھىت مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغاندا، مۇنداق ئىككى نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك: بىرى، مۇھىت مەسىلىسىنى ئىنسانلار پائالىيىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان، تەرەققىيات مۇھىت مەسىلىسىنىڭ باھانىسى بولالمايدۇ. يەنە بىرى، مۇھىت مەسىلىسىنىڭ تەسىرى ئادەتتىكى تۇرمۇش ھېس-تۇيغۇ قاتلىمىدىن ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى مانا مۇشۇنداق چۈشەنسەكلا، مۇھىت بۇلغىنىشىنىڭ نوقۇللا مۇھىت مەسىلىسى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىمىز.

يىل بېشىدا چىققان قارا بوران شىمالىي جۇڭگولۇقلارنى بولۇپمۇ راھەت-پاراغەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بېيجىڭلىقلارنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى. راستىنى ئېيتقاندا، بۇنىڭدىن ئىلگىرىلا باشقا جايلارنىڭ مۇھىت مەسىلىلىرى دائىملىق پاراڭ تېمىسىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. بۇ قېتىملىق قارا بوران بولسا، بېيجىڭنى ھەقىقەتەن لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتتى.

مۇھىت مەسىلىسى ئۈستىدە ئويلىنىۋېتىپ كۆز ئالدىمدا مۇنداق ئىككى خىل كۆرۈنۈش نامايان بولدى: بىرى، تۇمانلىق ھاۋا، تىمتاسلىق ئىچىدە كۆچۈپ كېلىۋاتقان قۇم، داد-پەرياد چېكىۋاتقان ئورمان، ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرىدىغان دەريا-ئېقىن، ھەممىلا جايىنى بىر ئالغان ئەخلەت؛ يەنە بىرى، بۇرۇنقىدەكلا قالاقلىق ۋە نامراتلىق، ئەقەللىي مۇھىت ئېڭىنىڭ ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى، ھەركىم ئۆزىنىڭلا جان قايغۇسىنى قىلىدىغان بىخۇدلۇق، ۋەھاكازا، ۋەھاكازا.

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېقىندا ئېلان قىلغان بىر دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، 1995-يىلى مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى ۋە ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئىقتىسادىي زىيان 187 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يەتكەن بولۇپ، شۇ يىللىق GDP (ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى) نىڭ 27.3%نى ئىگىلىگەن. مۇھىت، تەرەققىيات مەسىلىسىنىڭ ئەڭ زور قۇربانلىقىغا ئايلىنىپ قالدى، يەنە كېلىپ بۇنداق يۈزلىنىش بارغانسېرى كېڭىيىۋاتىدۇ.

مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئامىللار زادى نېمە؟

تەبىئىي بايلىقلارنى بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدە ئېچىش، تەرەققىيات جەريانىدىكى ئىنسانلار پائالىيىتى ئامىلى، تەرتىپسىز شەھەرلەشتۈرۈشنىڭ ئىپتىدائىي سانائەتلەشتۈرۈشكە ئەگىشىپ پەيدا قىلغان ئەكس تەسىرى، قاتماللىشىپ كەتكەن مۇھىت تۈزەش ئىدىيىسى ۋە تۈزۈلمىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇھىت بۇلغىنىشىنىڭ سەۋەبلىرى بولۇپ، مۇھىت ئېڭىنىڭ ئاجىزلىقى بۇلار ئىچىدىكى ئەڭ ئاساسلىق ئامىل بولسا كېرەك. مەمۇرىي كۈچ-قۇدرەت بۇيەردە ئانچە چوڭ رول ئوينىيالمايدۇ. پەقەت پۇقرالارنىڭ شەخسلىك ئېڭىنى ئويغىتىپ ۋە ئۆستۈرۈپ، تەرەققىيات تەسەۋۋۇرىنى قايتىدىن بېكىتكەندىلا، ئاندىن مەسىلىنى يىلتىزىدىن ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

مۇھىتى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغانغان رايونلاردىمۇ ساپالىق ئادەملەرنىڭ ئولتۇراقلىشىدىغانلىقىغا ھەيرانمەن. بۇ، ئادەمگە 1960-، 1970-يىللاردىكى تەيۋەننى ئەسلىتىدۇ. تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەسىلىلەر توپلىنىپ، بالايىئاپەتكە ئايلانغىلى تۇرغاندا، ئۇ يەردىكى بىر تۈركۈم كىشىلەر پائال ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، ئىشنى ئۆزىدىن باشلاپ مادارى يەتكەن دائىرىدە ئىجتىمائىي ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە ئاتلانغان. مۇھىت ئېڭىنىڭ ئۆسۈشى ياكى ئويغىنىشى بىرەر رايون ياكى دۆلەتنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى، شۇنداقلا پۇقرالارنىڭ مەسئۇلىيەت ئېڭىنى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى جەمئىيەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى توغرىسىدىكى تەرەققىيات تەسەۋۋۇرىمىزغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتتى: ئىلگىرىكى ئىشلەپچىقىرىش يېتەكچى ئىدىيە قىلىنغان شەھەر قۇرۇلۇش ئىدىيىسى، نوقۇل تەبىئىي بايلىققا تايىنىۋالىدىغان ئىقتىسادىي تەرەققىيات تەسەۋۋۇرى، ئاۋۋال بۇلغاپ ئاندىن تۈزەشتەك ئادەت تەپەككۇرى، رايونلار ئارا ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تەكشىسىزلىكىدىن كېلىپ چىققان يامان ئاقىۋەتلەر گېپىمىزنىڭ دەلىلىدۇر. مۇھىت مەسىلىسىنىڭ كۈنسايىن ئېغىرلىشىشى بىزگە بېرىلگەن ئەڭ ياخشى ئاگاھ سىگنالىدۇر.

بېيجىڭ ھېرىپ ماجالىدىن كەتكىلى تۇردى، پايتەختنى كۆچۈرۈش نىدالىرى ياڭرىماقتا؛ شەھەرلەردە نوپۇس ئاپىتى كۆرۈلگەچكىلا، يېزىلاردىكى مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلماقتىمىز؛ غەربىي رايونلارنىڭ نامرات قىياپىتى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولغاندىلا، بۇ ئىشنىڭ ئۇنىڭ بايلىقىنىڭ زىيادە خورىتىۋېتىلگەنلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرىۋاتىمىز...


مۇھىت مەسىلىسى بىزنىڭ تەرەققىيات تەسەۋۋۇرىمىزدىكى ئاجىزلىقنى ھەممىدىن بەكرەك ئاشكارىلاپ قويدى. شۇڭا نوپۇس كۆپ، بايلىق چەكلىك ئەھۋالدا سىجىل تەرەققىيات ھەرگىزمۇ بىر قۇرۇق شوئارغا ئايلىنىپ قالماسلىقى كېرەك.

---

«جەنۇب كۆزنىكى» ژۇرنىلىنىڭ 2000-يىل 10-سانىدىن

**ئەكبەر ھوشۇر** تەرجىمىسى (M1)

## ئەدەبىيات گۈلزارى



# ئەخلاقنىڭ ۋاقتى ئۆتتىمۇ؟

## ـ «غەلىتە ئۆزگىرىش»كە تەقرىز


**ئابدۇرېھىم دۆلەت**

(ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان تەقرىزچىسى)


«تارىخنى ۋاراقلاپ باقسام، تارىخنىڭ يىللىرى يېزىلماپتۇ، لېكىن ھەر بىر ۋاراقىغا 〈 ۋاپا 〉 ، 〈 ئىنساب 〉 ، 〈 ئەخلاق 〉 ، 〈 ساخاۋەت 〉 دېگەن خەتلەر ئەگرى-بۈگرى يېزىقلىق تۇرۇپتۇ. زادىلا ئۇخلىيالمىدىم. تارىخنى تۈن ھەسسىگىچە دىققەت بىلەن ئوقۇغاندىن كېيىن ، خەتلەرنىڭ ئارىلىقىدا ، پۈتۈن كىتاب بويىچە يېزىقلىق تۇرغان〈 ئادەم يېيىش 〉 دېگەن خەتنى كۆردۈم!»

ـ «سەۋدايى خاتىرىسى» دىن

لۇشۈن ئەپەندى 4000 يىلدىن بۇيانقى جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ ئادەمدەك ياشىمەن دەيدىغانلارنى يەپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ «سەۋدايى خاتىرىسى» نى يازغانىدى. ئىلگىرىكى ئۇلار گۆش يەپتىكەن. ھازىر بولسا كىشىلەر بىر-بىرىنىڭ روھىنى، ئىپپىتىنى، ئەخلاقىنى يېمەكتە. بۇ ھەرگىزمۇ ئۇچاغدىكى پاجىئەدىن قېلىشمايدۇ. ناۋادا لۇشۈن ئەپەندى ھازىر بولغان بولسا، يەنە نېمە «خاتىرىسى» نى يازار ئىدى؟

*　　*　　*

ھېچكىم خاتالىششنى خالىمىسىمۇ ، توغرىلىقنى ئىزدىسىمۇ ، خاتالىشىش ئىنسانلارنىڭ دائىملىق تەقدىرى بوپكەلدى. ئادەملەر ئەزەلدىن بەختكە ئىنتىلدى، ئۇنىڭ ئۈچۈن تالاي بەدەللەر تۆلىدى، لېكىن بەختنىڭ قەيەردىلىكى ، ھەتتا ئۇنىڭ زادى نېمىلىكى ھازىرغىچە بىر سوئال پېتى تۇرۇپتۇ. «بەخت» تارىختىكى بارلىق پەيلاسوپ ـ مۇتەپەككۇرلار-نىڭ بەھس تېمىسى ، لېكىن كىشىلەر ھازىرغىچە رېئاللىقتىكى «بەخت» يولىنى كۆرەلمىدى. يەرشارىدىكى دۆلەتلەر ئادالەتسىزلىكنى يوقىتىش ئۈچۈن ئادالەت دەۋاسى بىلەن قۇرۇلغان. بىراق بىز بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئادالەت ئۈچۈن تىنىمسىز ياڭراۋاتقان سادالارنى ئاڭلاپ تۇرۇپتىمىز.

تارىخ خەزىنىسىدىكى پۈتمەس-تۈگىمەس تەجرىبە-ئىبرەتلەرنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ،

شۇنداقلا، ئىبرەت ئالمايدىغان ئىنسانلارنىمۇ ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. خۇددى تۆمۈر خەلپە پاجىئەسى ئاز كەپقىلىپ، خوجىنىياز ھاجى بۇنىڭدىن بىزگە قايتا ئۆلگە تىكلەپ بەرگەندەك. ھەقىقەتەنمۇ ئۆتكەنكىلەر ئۆز خاتالىقلىرىدىن پاتمان - پاتمان پۇشايمان - تۆۋلەرنى قىلىپ، ئەۋلادلىرىنى ئاگاھلاندۇرىدۇيۇ، ئەۋلادلار بولسا ئىبرەت ئېلىشنىڭ ئورنىغا «ئۆگەنگەن خۇي ئۇجمە پىششىقىغىچە» دېگەندەك ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىپ كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەنىلا تالاي قان-ياشلىق ۋەسىيەت، نادامەتلەرنى قالدۇرۇپ كېتىدۇ. بۇ بىر شۇنداق ئايلىنىدىغان، ھەممە ئادەم شۇنداق بولماسلىقنى ئۈمىد قىلىسىمۇ، يەنىلا ھېچ ئامال قىلالمايدىغان جەريان.

بۈگۈننىڭ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن نوقۇل تارىخىي تەجرىبىلەرلا ئەمەس، تارىخىي تەجرىبىلەرنى دەۋرلەشتۈرەلەيدىغان پاراسەت، بۈگۈننىڭ ئېھتىياجىنى كۆرەلەيدىغان كۆز، يۈزلىنىشنى پەرەز قىلالايدىغان ئۆتكۈرلۈك، شۇنداقلا مەڭگۈلۈك ھەقىقەتلەرگە خىلاپلىق قىلمايدىغان ساداقەتمەنلىك بولۇشى كېرەك.

ئىنسانلار ئۆز قوللىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى تېخىمۇ ئىلغارلاشتۇرۇش، ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق، ئىقتىسادىي ئامىللارنى بەلگە قىلغان يېڭى-يېڭى دەۋرلەرنى ياراتتى. ھەر بىر دەۋرنىڭ ئۆزىگە خاس مەسىلىلىرى پەيدا بولدى. بۇلار يېڭىچە تەدبىرلەرنى تەقەززا قىلدى. يېڭى تەدبىرلەر ئۆز نۆۋىتىدە يەنە يېڭى مەسىلىلەرگە ھامىلدار ئىدى.

ئىنسانلارنىڭ توختىماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى تەرەققىي قىلدى. يېقىنقى دەۋرلەرگە كەلگەندە، بولۇپمۇ سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىن ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى چۈشىنىشى، ئىلگىرى سىرلىق بىلىنگەن ئىشلارنىڭ جاۋابىنى بىر-بىرلەپ تېپىشىغا ئەگىشىپ، ئۆزىگە، تەبىئەتكە، دۇنياغا بولغان چۈشەنچىسىدە ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر روي بېرىشكە باشلىدى. ئىنسانلار ئۆزىنى ئىلگىرىكىدەك ئاجىز ھېس قىلمايدىغان بولدى. تېخنىكا ئارقىلىق قولغا كەلگەن، كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلغۇدەك مۇۋەپپەقىيەتلەر كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى. شۇ جەرياندا تېخنىكا تېخنىكىنى، بايلىق بايلىقنى، ئېھتىياج ئېھتىياجنى تۇغدى. ئىلگىرى ئىنسانلار ئۆزىنى تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايتتى، ھازىر ئۆزىنى تەبىئەتنىڭ خوجايىنى دەپ قارايدىغان بولدى. بۇ قىقاس-سۈرەنگە تولغان ئىلگىرىلەش ئىچىدە ئىنسانلار ئاستا-ئاستا ئەمەلىي، ماددىي ئۈنۈم ئەكېلەلمىگەن ھەر قانداق بىر نەرسىگە ئومۇمىيۈزلۈك سەل قاراشقا ئۆتتى. كىشىلەر بارا-بارا تەكەببۇرلىشىشقا باشلىدى. خۇددى «قۇرئان كەرىم» دە ئېيتىلغاندەك: «ئىنسان ئۆزىگە ياخشىلىق تىلەشتىن زېرىكمەيدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا كۈلپەت يېتىپ قالسا (ئاللانىڭ رەھمىتىدىن)، تولىمۇ ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا كۈلپەتتىن كېيىن رەھمىتىمىزنى تېتىتساق، ئۇ چوقۇم〈بۇ ئۆزۈمنىڭ سەئيي-ئىجتىھاتىدىن كەلگەن...〉دەيدۇ. ئىنسانغا نېمەت ئاتا قىلساق، يۈز ئۆرۈيدۇ، ھاكاۋۇرلىشىپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا يامانلىق يەتسە ئۆزلۈكسىز دۇئا قىلىدۇ» (سۇرە نۇسسىلەت، 49-، 50-، 51-ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمى).

بۇرۇن مەسىلىلەر ئاچلىقتىن كېلىپ چىققان بولسا، ھازىر توقلۇقتىن چىقىشقا باشلىدى. روھىي قىممەت، ئەخلاق -پەزىلەتلەر ئىقتىدار، قابىلىيەت دائىرىسىدىن سانالمىغاچقا، ئۇ ئىنسانلارغا بىۋاستە نەپ ئەكېلەلمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار بۈگۈنكىدەك بازارلاشقان دۇنيادا ئۇلارنى ئۆزىگە ئارتۇقچە ساناپ، تەرك ئېتىشكە باشلىدى. ئەگەر ئىنسانلار ئادەم ئەخلاققا موھتاج ئەمەس دېگەنگە ئاساس تاپماقچى بولسا، ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ئادەملىكىنى ئىنكار قىلىشى كېرەك. ئادەم ئادەملىك سالاھىيىتىنى، مەنىسىنى يوقاتمايدىكەن، ئەخلاقمۇ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى مەڭگۈ يوقاتمايدۇ، ئەخلاقنىڭ مەڭگۈ ۋاقتى ئۆتمەيدۇ. ھازىرقى ئەخلاقلىق دەپ قارالغان كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىمۇ ھەقىقىي ئىنسانىيلىقتىن كەلگەن تەبىئىي ئەخلاق بولماستىن، بەلكى ئەخلاقلىق بولۇش زۆرۈر بولۇپ قالغاچقا، شەكىللەندۈرۈۋالغان سۈنئىي ئەخلاق ئىدى.

كىشىلىك ھوقۇق، ئەركىنلىك، دېموكراتىيىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە تەرغىب قىلىنىشى، باشقىلارغا ئېنىق بولمىغان بارلىق ئىشلارنى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىشلارغا ئايلاندۇردى. ئەخلاقىي پرىنسىپلار ئوچۇق-ئاشكارا ئىنكار قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ نوپۇزى ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكىدىن كۆپ تۆۋەنلەپ كەتتى.

ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىلا ئەخلاققا ئۇيغۇنمۇ؟ يا بۇ ئەقىل قايسى خىل ئەقىل؟

ماھىيەتتە بۇ كىشىلەرنىڭ قىممەت قاراش، گۈزەللىك قارىشىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. «شەيئىيلەرنىڭ قانداق كۆرۈنۈشى ئۇنىڭ شەكلىگىلا باغلىق بولماستىن، ئەڭ مۇھىمى ئۇنى كۆزىتىشتە قوللانغان ئۇسۇلغا باغلىق» (ئېيىنىشتېيىن). بىز ئوخشاش بىر شەيئىينى ئوخشىمىغان بىر قانچە نۇقتىدىن كۆزەتسەك، ئۇمۇ بىر قانچە خىل شەكىلدە كۆرۈنىدۇ. كىشىلەرنىڭ گۈزەللىك، رەزىللىككە تۇتقان پوزىتسىيىسىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئامېرىكىلىقلار پرېزىدېنت كلىنتوننىڭ جىنسىي سەتچىلىكىنى ئەپۇ قىلدى. بۇ، ئامېرىكا خەلقىنىڭ گۈزەللىكنى مەنپەئەت ئۈچۈن قانداق قۇربان قىلالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. يېقىندا پارىژ خەلقى ئۆزىگە ئۆزىنىڭ بەچچىۋاز ئىكەنلىكىنى ئېنىق جاكارلىغان بىرىنى شەھەر باشلىقى قىلىپ سايلىدى. بۇ ئۇلارنىڭ گۈزەللىك، رەزىللىككە ھۆكۈم قىلىشتا، ئۆزلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ئامېرىكىچە، فرانسۇزچە كۆزى بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

خەلق تاللىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى توغرا، دەپ قارالدى. بۈگۈنكى كىشىلەر دەل ئۆزلىرىنىڭ نەپسىنى قاندۇرالايدىغان («نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن

ساقلانغۇچىلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر» . «قۇرئان كەرىم» دىن) ، ئۆزىگە راھەت، لەززەت ئەكېلەلەيدىغان بارلىق ئىشلارنى ئۆزىنىڭ ئىستېمال بۇيۇمى سۈپىتىدە تاللىۋالدى. جىنسىي راھەت بولسا، ئىنسانلار تاللىۋالغان ئەڭ ئەجەللىك راھەت بولدى. بۇنى قاندۇرۇش بۈگۈنكى دەۋردە ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا شەخسنىڭ ئەركىنلىكى دائىرىسىدىكى ئىش، دەپ قارالدى. ئەنئەنىۋى نىكاھ، ئائىلە تۈزۈلمىسى ئاجىزلىشىشقا يۈزلەندى. ھەتتا بەزى يەرلەردە ئائىلە ھېچقانچە مۇھىم دەپ قارالمايدىغان ، كىشىلەر ئائىلىنى ئۆزىگە تۇرمە ، دەپ قارايدىغان بولدى.

كىشىلەر زەھەرلىك چېكىملىكنى ئىنساننىڭ تېنىگە زىيانلىق بولغاچقا ، كىشىلىك ھاياتىغا تەھدىت ئەكەلگەچكە چەكلىدى. ناۋادا ئىنسانلار ئۆز روھىنىڭ ساغلاملىقىنى تېنىنىڭ سالامەتلىكىنى قوغدىغاندەك قوغدىغان بولسا، ئىنسانلار بۈگۈنكىدەك مىسلىسىز روھىي كرىزىسكە دۇچار بولماس ئىدى. مەنىۋى بۇزۇلۇش ئادەمنىڭ ھاياتىغا بىۋاسىتە تەھدىت ئەكەلمىگەچكە ، كىشىلەر ئۇنىڭغا سالامەتلىككە ئەھمىيەت بەرگەندەك ئەھمىيەت بەرمىدى. ئادەملەر زەھەر ئەتكەسچىلىرىنى قولغا ئالدى، جازالىدى، بىراق ، روھنى بۇلغىغان مەنىۋى زەھەر ئارقاتقۇچىلارنىمۇ ئوخشاشلا جازالاش كېرەك.

شۇنى قىستۇرۇشقا توغرا كېلىدۇكى، بىر جەمئىيەتتە ئوغرىلىق، بۇزۇقچىلىق، قاتىللىق دېگەندەك جىنايەتلەر گاھ-گاھىدا يۈز بېرىپ تۇرسا، بۇ نورمال ھادىسە ھېسابلىنىدۇ، لېكىن ھەمىشە يۈز بەرسە ئۇ نورماللىق بولماي ، ئاللىقاچان بىر ئىجتىمائىي مەسىلىگە ئايلىنىپ قالغان بولىدۇ. شۇنىڭدەك جىنسىي بۇزۇقچىلىق جەمئىيەتلىشىپ كەتكەندە ، بۇنى ساقلانغىلى بولمايدىغان نورمال ھادىسە ، دەپ قاراش ئەخمىقانىلىق بولىدۇ. مېنىڭ ئەڭ ئەنسىرەيدىغىنىم ، بۇخىل ئەخلاقسىز قىلمىشلارنىڭ يۈز بېرىپ تۇرۇشى ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ بۇ ئىشلارنى نورمال ھادىسە سۈپىتىدە «توغرا» چۈشىنىپ، ئەپۇ قىلىشى. ناۋادا كېيىن ھەقىقەتەن شۇنداق بوپكەتسە، بەلكىم ئاۋۋال مەن ئىنسانلار جەمئىيىتىنى تەرك ئېتەرمەن.

مەن يۇقىرىقىدەك ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈك، بۇزۇقچىلىقلارنى مەسىلىنىڭ ئۆزى، دەپ قارىمايمەن. ئۇ بۈگۈنكى دەۋردىكى داغدۇغىلىق ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئارقىسىدا شەكىللەنگەن، ئىنسانلارنىڭ مىسلىسىز دەرىجىدە قۇرغاقلىشىپ، قاغجىراپ كەتكەن روھىيەت ئېتىزلىقىدىن ئۈنۈپ چىققان شۇمبۇيلارنىڭ بىر نەچچە تۈپى (بۇ يەردە باشقىلىرىنى تىلغا ئالمىدۇق) دۇر.

بۇ ئەسىردە ئەڭ كۆپ نەرسىمۇ ئادەم، ئەڭ ئاز نەرسىمۇ ئادەم بولدى. بۇ ئەسىردە جاھان ئىمپېراتورى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنگە ماڭا چۈشۈۋاتقان قۇياش نۇرىنى توسىۋالدىڭ، دېيەلىگەن ھېلىقى كىشىدەك روھى بار ئادەملەرنى تاپقىلى بولمايدۇ. بۇنداق كىشىلەر قەۋەتلىك بىنالارنىڭ رەتلىك ئىشخانىلىرىدىن ، دۆۋە-دۆۋە كىتاب-ماتېرىياللار ئارىسىدىن ، قاتۇرۇپ كېيىنىپ، قورساقلىرىنى ساڭگىلىتىۋالغان ئېسىلزادىلەر ئارىسىدىن ، قىلالمىغان ، قىلىشقا پېتىنالمىغان ئىشلىرىنى پەلسەپىۋى تىللار بىلەن چۈشەندۇرۇشكە ماھىر كىشىلەر ئارىسىدىن تېپىلمايدۇ. ھازىرقى زامان ئىنسانلىرى شۇنچىلىك ھاكاۋۇرلىشىپ كەتتىكى ، ئۇلار تارىختا ئۆتكەن ئاد، سەمۇد قەۋملىرىدىن بەس تالىشالايدۇ. بۈگۈن، ئىخلاس ـ ساداقەتمەنلىك يوقالدى، بۇ بىر خۇدا ئۇنتۇلغان، ئىنسانلار ئۆزىنى خۇدا قىلىۋالغان بىر دەۋر بولدى. نەپس ئېتىقادتىن غالىب كەلدى.

ئېرىخ فروم نېتزىينىڭ 19-ئەسىردە: «خۇدا ئۆلدى» دېگەن گېپىگە قارىتا ، 20-ئەسىردە: «ئادەملەر ئۆلدى» دېدى. ئۇ، ئىنسانلار ئۆزىنىڭ بۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىتالىيەدىكى ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشىدەك بىر مىسلىسىز ئاقارتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشى كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويغانىدى. گەرچە بۇ گەپ 1970-يىللاردا دېيىلگەن بولسىمۇ ، لېكىن بۇنىڭ رېئاللىقتىكى ئالامەتلىرىنى كۆرگىنىمىز يوق.

يەرشارى خاراكتېرلىك بۇ روھىي قۇرغاقچىلىق، ئېتىقادى ئەزەلدىن سۇيۇق بۇ مىللەتكە تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى. بۈگۈنكى كۈندە ھېچبىر ئۇيغۇر ئاتا-ئانا ئۆزىنىڭ قىز-ئوغۇللىرىدىن خاتىرجەم ئەمەس. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مۇھەببەت بۇزۇقچىلىقنىڭ دەسمايىسىگە ئايلاندى. ئىپپەت قىزلار گۆھەرلىك سالاھىيىتىنى بارا-بارا يوقىتىشقا باشلىدى. يىگىتلەرمۇ بۇنىڭغا خۇددى كىچىكىمىزدە پاسكىنا سۇنى: «كۆزۈم كۆرمىدى، قولىقىم ئىشتمىدى» دەپ ئىچكەندەك مۇئامىلە قىلىشقا يۈزلەندى. قىزلىق پەردە ئوپېراتسىيىسىنىڭ بازارلىشىشى، پارتلىيالماي قالغان يانار تاغنىڭ پىلىكىگە ئوت يېقىۋەتكەندەك بىر ئىش بولدى. ياشلىرىمىز تورمۇزى بۇزۇلۇپ كەتكەن ماشىنىغا ئوخشاپ قالدى. ئىلگىرى كوچا-كويلاردا، كىشى كۆرۈپ قالىدىغان ئوچۇقچىلىقتا ئىتلار جۈپلىشىپ قالسا، كىشىلەر تاش ئېتىپ قوغلىۋېتەتتى، ھازىر ئىتلارمۇ خىجىل بولۇپ خالىي جايلارغا كېتىدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئەمدىلىكتە ئادىمىي ئىتلار ئالدى. ئەرلەر ئاياللىرى باشقىلار بىلەن تانسا ئوينىسا، ئۇنى كۆڭلەشنى قالاقلىق، مەدەنىيەتسىزلىك، دەپ قارايدىغان، ئاياللارمۇ ئەرلىرىنىڭكىنى توغرا چۈشىنىدىغان بولدى. ئەجەبا، ئۇلار بۇزۇقچىلىقنىڭ مۇشۇنداق ئاددىي ئىشلاردىن باشلىنىدىغانلىقىنى بىلمەي قالارمۇ؟

جىنسىيەت ھازىرقى «مەدەنىيەتلىك» جەمئىيەت تەرىپىدىن ئاشكارا تېما قاتارىدا قوبۇل قىلىندى، جىنسىيەتكە ئالاقىدار مەسىلىلەرنىڭ يوشۇرۇشقا تېگىشلىك ئەمەسلىكى ، ئۇنى يوشۇرۇشنىڭ ئىلمىيلىك ئەمەسلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مۇھەببەتلىشىشى ھازىرقى كۈندە ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى قوزغىمايدۇ. بىز بولساق، بۇنى ئوقۇغۇچىلارغا جىنسىي ساۋاتلارنى ئىلمىي چۈشەندۇرمىگەنلىكتىن ، دەپ قارىدۇق.

ئوقۇغۇچىلارغا بۇنى چۈشەندۈرۈۋاتقاندا، ئوقۇغۇچىلار بۇنى بىلىم، دەپ قوبۇل قىلارمۇ ياكى ھەۋەسلىنىپ ئاڭلاپ ئولتۇرارمۇ؟ (تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە گىگىنا دەرسىدە كۆپىيىش سىستېمىسىنى ئۆتكەندە قانداق ھېسسىياتتا بولغانلىقىڭىزنى ئويلاپ كۆرسىڭىز بولىدۇ) نومۇسلۇق جايلارنىڭ يۆگىلىشىنىڭ ئۆزىلا بۇ تېمىنىڭ يۆگىلىشى كېرەكلىكىنى بەلگىلىگەن (بۇ ھەرگىزمۇ جىنسىي بىلىملەرنى ئۆگەنمەسلىك كېرەك، دېگەنلىك ئەمەس). ئېيتىلىشىچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ ئاياللارغا ئايرىم كۈندە، ئايرىم جايدا نەسىھەت قىلىدىكەن ھەم ئاياللارمۇ سوئاللىرىنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئايالى ئائىشە ئارقىلىق سورايدىكەن.

ناۋادا ئېتىقاد يوقالسا، ئەخلاق يوقايدۇ، ئەخلاق يوقالغاندا، قانۇننىڭمۇ رولى قالمايدۇ. «قۇرئان كەرىم» دە ئېيتىلىشىچە، ئەخلاقىنى يوقاتقان لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىمۇ ئومۇميۈزلۈك بەچچىۋاز بوپكەتكەچكە، ئاگاھلاندۇرۇشلارغا قۇلاق سالماي ئاخىرى شەھىرى دۈم كۆمتۈرۈلۈپ ھالاك بوپتىكەن.

ھازىر قىز-يىگىتلەر بىر-بىرىنى تاللىغاندا، تاشقى قىياپىتىگە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىپ، مەنىۋى قىياپىتى بىلەن ئانچە ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدىغان بولدى. ئاتا-ئانىلارمۇ كۆيئوغۇل - كېلىننى ئابروي، پۇل، ھوقۇق نۇقتىسىدىن بەكرەك تاللايدىغان بولدى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دىيانەتلىكنى تاللاڭلار، دېگەنىدى). ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنتىگە بولغان تەلىپىمۇ دەرس نەتىجىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىپ، ئەخلاق تەلىپى تولىمۇ تۆۋەنلەپ كەتتى. ئاتا-ئانىسىنى «سىز، سىلى» دەپ ئاتايدىغان باللار قالمىغىلى تۇردى.

ھازىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىن بەختلىك، دەپ كەتكىلى بولمىسىمۇ، خاتىرجەم ئائىلە تېپىش ئاسان ئەمەس. ئاياللار ئەرلىرىنىڭ ئۆزىگە كۆيۈنمىگىنىدىن، تەلەپ-ئېھتىياجلىرىنى پەرمانبەردارلىق بىلەن ئورۇندىمىغىنىدىن ...، ئەرلەر ئاياللىرىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى خوش دەپ ئاڭلىمىغىنىدىن، بۇرنىدىن يېتىلمەكچى بولغانلىقىدىن، پارچە-پۇرات ئىشلارغا تولا پۇل بۇزىدىغانلىقىدىن، ئۆزىنىڭ ئىشلىرىغا تولا ئارىلىشىۋالغىنىدىن ... قاقشايدۇ. ئەرلەر لايىقىدا ئەر، دادا بولۇپ بولالماي، ئاياللار خوتۇن، ئانا بولۇپ بولالماي تۇرمۇشتىن رەنجىپ يۈرۈشمەكتە. تۇرمۇش ۋە مۇھەببەتتىكى كىچىككىنە ئوڭۇشسىزلىقلارمۇ بەزى ئادەملىرىمىزنىڭ روھىنى بەربات قىلىۋېتەلەيدۇ. بۇ، روھىمىزنىڭ قانچىلىك ئەرزىمەس ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەرلەر دۆلەتنىڭ غېمىنى يەيدىغانلاردىن ئىكەنمىش. ھازىر ئائىلە غېمى ئەڭ ئۇلۇغ ۋەزىپىگە ئايلانغان. ھازىر كىشىلەرنىڭ ئىقتىدارى ئائىلە ماجرالىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئىپادىلەنمەكتە. يىگىت دېگەن سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا جەڭچى دېگەننى بىلدۈرەتتىكەن، ھازىرقى يىگىتلەرنىڭ ئىقتىدارى مۇھەببەتلىشىشتە ئىپادىلىنىۋاتىدۇ. ئائىلە تاپا-تەنە، رەنجىش - كايىشلار بىلەن تولغان. ئائىلىنىڭ خاتىرجەملىك، مۇھەببەت بۇلىقىغا ئايلانماي، ئۇرۇش - جېدەلنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلىنىپ قېلىشى، ئەر-ئايالنىڭ بىر-بىرىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمەسلىكى ئۇلارنى تالادىن سۇ ئىچىدىغان يەر تېپىشقا مەجبۇر قىلغان ... ئاقىۋەتتە نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى سىزمۇ تەسەۋۋۇر قىلالايسىز.

بۈگۈنكى دەۋر ئەقىلنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى. لېكىن ئەقىلنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ھەرگىزمۇ روھنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. ئادىل يىلدىرىمنىڭ «غەلىتە ئۆزگىرىش» ناملىق بۇ ھېكايىسى گەرچە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى رېئاللىقنى پۈتۈنلەي ئەينەن ئەكس ئەتتۈرمىسىمۇ، روشەن بىر يۈزلىنىشنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھېكايىدىكى پاجىئەلەر ئاۋۋال روھ ئاينىغاندىن كېيىنكى تەننىڭ ئاينىشىدۇر.

مېنىڭ نەزىرىمدە بىر مۇكەممەل جەمئىيەت جىنايەتتىن پۈتۈنلەي خالىي جەمئىيەت ئەمەس (ئەمەلىيەتتە بۇنداق جەمئىيەت مەۋجۇد ئەمەس)، بەلكى جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يوقىتىشقا ھەقىقىي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى توختىتىپ قويمىغان جەمئىيەتتۇر. ئادەمنىڭ مۇكەممەللىك ئۆلچىمىنى جەمئىيەتكە تەققاسلاشقا بولىدۇ. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ دىپلوم، ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇپ ماگىسترلىق، دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغىلى، بىرنەچچە يىل ئىشلەپ دوتسېنت، پروفېسسور بولغىلى بولىدۇ، لېكىن ھەقىقىي ئادەمىيلىكنى دىپلوم، ئۇنۋان ئالغاندەك ئالغىلى بولمايدۇ. جەمئىيەتمۇ بىرەر قېتىملىق ئىسلاھات بىلەنلا بولدى قىلسا بولمايدۇ، چوقۇم ئىزچىللىقنى ساقلىشى كېرەك، «ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاز بولسىمۇ، ئۈزۈلۈپ قالمىغان ئەمەلدۇر» («ھەدىس» تىن).

تارىختىن بۇيان ھەققانىيەت، ئەخلاق دەۋەتلىرى پەيلاسوپ - مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئاغزىدىن بالدۇر چىققان بولسىمۇ، بۇلارنى ھەل قىلىدىغان ھۆكۈمدارلارنىڭ پەرۋايى ھەمىشە پەلەك بوپكەلدى. ھاكىمىيەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت، ئىقتىسادقا زىيان ئەكەلمەيدىغان ئىشلارنى ھامان كۈنتەرتىپنىڭ ئاخىرىسىغا تىزدى. بۇنىڭغا نۆۋەت كېلىپ بولغىچە يەنە يېڭى-يېڭى باش ئاغرىتىدىغان ئىشلار چىقىپ، بۇنىڭغا قاراشقا ھەققەتەن «چولىسى» تېگىپ بولالماي قالدى.

ئىلگىرى كىشىلەر ئاچلىقتىن بىر-بىرىنى يېگەنىدى، ھازىر بولسا توقلۇقتىن يەۋاتىدۇ. لۇشۈن ئەپەندى: «باللارنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار!» دەپ نىدا قىلغانىدى، لېكىن مەن ئاۋۋال ئۆزۈڭلارنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار، دەپ نىدا قىلىمەن. چۈنكى ئۆزى ئوت ئىچىدىكى ئادەم قانداقمۇ يەنە ئوت ئىچىدىكى ئادەمنى قۇتقۇزالىسۇن؟!

2001-يىل 14-ئاپرېل

---

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىنگلىز تىلى 99-يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى (M2)



# غەلىتە ئۆزگىرىش

(ھېكايە)

ئادىل يىلدىرىم

## 1

مېنىڭ غالىب غەلىتە ئىسىملىك بىر تونۇشۇم بولىدىغان. مىجەزى غەلىتىرەك كەلگەن ئادەمنىڭ كۆرگەن چۈشلىرىمۇ غەلىتە بولامدىكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ بىر غەلىتە چۈش كۆرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ چۈشىدە، ئۆزى باققان ساغلىق قوي ئۇزۇن پىچاقتىن بىرنى كۆتۈرۈۋېلىپ ، ئۇنى قوغلاپ يۈرگىدەكمىش. ساغلىق ناھايىتى يوغان بۇرۇت قويۇۋالغانمىش. «ئەلمىساقتىن بېرى سەن مېنىلا يەپ كېلىۋاتىسەن، مېنى شۇنچىلىك دەھشەتلىك ئۇسۇلدا يېدىڭكى، تېرەم بىلەن سۆڭىكىمدىن بۆلەك ھەممىلا يېرىمنى يېدىڭ! قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىڭنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ؛ بۈگۈن مېنىڭ سەبىر قاچام سۇندى، ھازىر سېنى يەيمەن! ساڭا ئەجەل، ماڭا پەرمان. . . بىسمىللا، ئاللاھۇ ئەكبەر! » . «بۇ مۇسۇلمان قوي ئىكەن» دەپ ئويلىغان غالىب غەلىتە قورقۇپ ئۆلەي دەپ قاپتۇ-دە: «مەن ئورۇق، خوتۇنۇم سېمىز» دەپتۇ. «خوتۇنۇڭ سېمىز ئەمەسقۇ؟ » دەپتۇ ساغلىق. غالىب غەلىتە چۈشەندۈرۈپتۇ: «سەن بىلمەيسەن، مەن ئوبدان بىلىمەن، خوتۇنۇمنىڭ مەيدىسى بىلەن ساغرىسى مايلىق گۆش. . . مەيدىسىنىڭ گۆشى 1-دەرىجىلىك يېلىن كاۋاپى دېگىنە، ھاراققا زاكۇسكا قىلىدىغان بولساڭ، يائاللا . . . ئەركىشىگە بەكمۇ پايدىلىق. . . توغرا، ئۇنى ئاۋۋال ئىككى پاچىقىدىن باشلاپ يېگىن. شۇنداق قىلساڭ، ئۇ ھېچيەرگە قاچالمايدۇ، قالغان قىسمىنى ئالدىرىماي، توڭلاتقۇدا ساقلاپ يەۋالىسەن. . . شۇنداق بولسۇن. . . مەن ئورۇق، ئۇ سېمىز» . بۇ چاغدا غالىب غەلىتىنىڭ كەينىگە ئۇزۇن قۇيرۇق پەيدا بوپقاپتۇ. غالىب غەلىتە ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىۋەتكۈدەك دەرىجىدە، باھار بۇلۇتىدەك زار-زار يىغلاپتۇ. ساغلىق بىر ئاز ئويلىنىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ كېتىپتۇ-دە، «ۋۇ ئاناڭنى. . . خۇمسى! مېنى بىلمەيدۇ دەپ ئالدىماقچىمۇ سەن؟ ! ئەمەلىيەتتە ئەركەك قوينىڭ گۆشى پەيزى! » دەپتۇ ۋە ئۇنى شىددەت بىلەن قوغلاپتۇ. ئىشتىنىغا شاخنا قويۇۋەتكەن غالىب غەلىتە: «جېنىم ئاكا. . . مېنى يېمىگىن. . . خوتۇنۇمنى يېگىن. . . مەن ئورۇق، ئۇ سېمىز» دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئويغىنىپ كېتىپتۇ.

يېقىندىن بۇيان ماڭا بۇ جاھان بەكمۇ غەلىتە تۇيۇلىدىغان بوپقالدى. مېنىڭچە، ھازىر غەلىتە ئۆزگىرىش كۆپىيىپ كەتكەندەك تۇرىدۇ. ھازىرقى كۈندە قىز-يىگىتلەر ئارىسىدىكى بىر-بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشتا، يىگىت قىزنى ئەمەس، بەلكى قىز

يېگىتنى ئاۋۋال ياخشى كۆرۈپ قالىدىكەن. يېقىندا مەلۇم ژۇرنالدىن مۇنداق غەلىتە بىر نەرسىنى ئوقۇدۇم. ھازىر يەرشارى خاراكتېرلىك مۇھىت بۇلغىنىش جانلىقلارغا غەلىتە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلاپتۇ. دېيىلىشىچە، بېلىقنىڭ ئەركىكى تۇخۇملىغان ئەھۋال بايقىلىپتۇ. بىر چاغلاردا كەپتەرۋاز ئاغىنەم ئەخمەت لاچىن: «يائاللا... كەپتەرلىرىمنىڭ ئارىسىدىكى بىر جۈپ كەپتەردە غەلىتە ئەھۋال بايقىدىم: چىشىسى ئەركىكىنى بازلاپ يۈرىدۇ» دېگەندە، مەن ئىشەنمىگەنىدىم. ئاغىنەم ئەنۋەر يۈۋاشنى خوتۇنى: «بۇندىن كېيىن سەن باللارغا قاراپ، ئۆي ئىشلىرىنى قىل، تاماق ئەت... مەن پۇل تېپىپ، سېنى گۈلدەك باقىمەن» دېگەندىمۇ ئانچە ھەيران قالمىغان تۇرساق، بۇنداق قاملاشمىغان گەپكە ھەيران قېلىپ يۈرەتتۇقمۇ؟ دېگەنىدىم. بىراق بىر كۈنى ئاغىنەمنىڭ ھويلىسىدا ئولتۇرۇپ ئالامەت غەلىتە ئىشتىن بىرنى كۆردۈم. ھەمىشە غادىيىپ ھەمدە بىرقانچە مېكىياننى ئارقىسىغا ئەگەشتۈرۈۋېلىپ يۈرىدىغان ھاكاۋۇر خورازنى مېكىياندىن بىرسى سۈرۈپ يۈرىدۇ؟! مېكىيان خورازغا، خوراز مېكىيانغا ئۆزگىرىپ قاپتۇ، تۇۋاقىلدىم... دېگىنىمچە ياقامنى نەچچىنى چىشلىۋەتتىم. ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتكەندە، مەلۇم ژۇرنالدىن بۇنىڭ ئىلمىي جاۋابىنى كۆرۈپ قالدىم. خوراز بولامدۇ، مېكىيان بولامدۇ ھەرقانداق توخۇنىڭ ئوڭ بېقىندا ئەرلىك ھۈجەيرىسى، سول بېقىنىدا چىشىلىق ھۈجەيرىسى بولىدىكەن. ئاشۇ ئىككى خىل قارىمۇ قارشى ھۈجەيرە دائىم ئۆزئارا كۈرەش قىلىپ تۇرىدىكەن، ھەرقاچاندا بىرىنىڭ ئۈستىدىن يەنە بىرىنىڭ غالىب چىقىشى مۇمكىن ئىكەن. شۇڭا، بەزىدە مېكىيان خورازغا، خوراز مېكىيانغا ئۆزگىرىپ قالىدىغان ئىنتايىن غەلىتە ئەھۋال كۆرۈلىدىكەن. بۇنى ئوقۇغاندىن كېيىن، «خوراز قېرىسا، خوراز بىلەن جۈپلىشىدىغان بولىۋالىدۇ» دېگەن گەپ بىلەن، خوراز مېكىيانغا ياكى مېكىيان خورازغا ئۆزگىرىپ قالسا، مىللىتىمىزدىكى ئادەت بويىچە «شۇملۇقنىڭ ئالامىتى» دەپ قارىلىپ، ئۇنداق توخۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدىغانلىقىنى ئىلمىي ئاساستا چۈشىنىۋالدىم. مەن شۇنداق ئىشلارنى ئىلگىرى ئۇچراتقانىدىم. بىراق يەرشارى مىقياسلىق بۇلغانغان مۇھىت بىز ئىنسانلارغىمۇ غەلىتە تەسىرلەرنى كۆرسىتىدىغۇ؟ تۇخۇملايدىغان بولىۋالغان ئەركەك بېلىقلارنىڭ گۆشىنى، مېكىيانغا ئۆزگىرىپ قالغان خوراز بىلەن خورازغا ئۆزگىرىپ قالغان مېكىياننىڭ گۆشىنى ۋە يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش غەلىتە بوپقالغان نەرسىلەرنى... بىز ئىستېمال قىلىمىزغۇ؟ بىز بىرەر نەرسىدىن قورقۇپ كەتسەك، سوغۇقتا توڭلىساق... بەدىنىمىزدە «توخۇ ئەت» پەيدا بولىدىغۇ؟ ئىنسانلار بىلەن جانلىقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىش مۇناسىۋىتى بارمۇ؟ ئادەممۇ بىر خىل جانلىقمۇ؟ ئادەم ـ كىچىكلىتىلگەن ئالەم، دەيدۇ پەيلاسوپلار. ئادەمدە ئالەمدىكى بارلىق جانلىق ھەم جانسىز مەۋجۇداتلارنىڭ سىر ۋە ھېكمىتى مۇجەسسەملەنگەن ھەمدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولىدۇ. بۇ جاھاندىكى بارلىق غەلىتە ئۆزگىرىشنىڭ جاۋابى ۋە مەسئۇلىيىتى ئادەمدە بولىدۇ. مەن ئەنە شۇنداق خىياللارنى قىلدىم ۋە ئۆزۈمنىڭ مۇشۇ يەرشارىدا، ئىنسانلار ئارىسىدا، غەلىتە ئۆزگىرىش ئەۋج ئالغان بىر جەمئىيەتتە ياشاۋاتقانلىقىمنى ئېسىمگە كەلتۈردۈم-دە، تۇيۇقسىز ئۆز-ئۆزۈمدىن ئەنسىرەپ قالدىم.

## 2

ھازىر جەمئىيىتىمىزدە ئايال بوپقالغىنىدىن پۇشايمان قىلىدىغان، ئەركىشى بولىۋالغۇسى كېلىدىغان، تەڭرىنىڭ يارىتىشىدىن نارازى بولۇپ يۈرگەن خوتۇن-قىزلار خېلى كۆپىيىپ قاپتۇ. ئۇنداقلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزىبىرلىرى ھەددىدىن شۇ دەرىجىدە ئېشىپ كېتىپتۇكى: «بۈگۈنكى ئۇيغۇرلاردا ئەركەكلىك قالمىغىلى تۇردى، ئەرلەرنىڭ تولىسى خۇمسى مىجەز بوپكەتتى، ئۇنداق ئەرلەردىن ئايىغىمىزنىڭ پېتىكى مىڭ ياخشى. بىزگە قارا، چەۋەنداز ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىسسىق قېنى تومۇرىمىزدا دولقۇنلاۋاتىدۇ! تارىختىكى ئەرلىرىمىز شۇنچىلىك ئەركەك ئىدىكى، ئەركەكلىكىنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن ئۆزلىرى ئۇلۇغلاپ ئىلاھ تۇسىغ كىرگۈزۈۋالغان بۆرىنىمۇ ھېچ ئىككىلەنمەي ھامىلدار قىلىپ قويغانىدى! بۈگۈنكى ئەرلەرگە قارىغىنچۇ... تۈگەشتى!» دېگەندەك گەپلەرنى ئوچۇق-ئاشكارا قىلىپ يۈرگۈدەك. بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغان ئەرلەر دەرغەزەپكە كېلىپ، غورۇرى قايناپماقتا يوق، ئەكسىچە: «ھەيي... راست شۇنداق بوپقالدى» دەيمىش شۇمشىيىپ ئولتۇرۇپ. ئېسىت! نومۇس! ئەرلەرگە ۋاي! ئۇنداقلارغا رەددىيە بېرىدىغان، ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويىدىغان ئەرلەر يوقمىدۇ، دەيمەن... ئەنە شۇنداق خوتۇن-قىزلارنىڭ بەزىلىرى باشتىن-ئاخىر ئەر-يىگىتلەر بىلەنلا ئارىلىشىدىكەن: ھاراق، پىۋا، نەشە-تاماكا دېگەنلەرنى ئىچىپ-چېكىپ، سورۇنلاردا قەھرىمان بوپكېتىدىكەن تېخى. ئۇنداق ئەركەكلەشكەن خوتۇن-قىزلار جودا-پودا بوپقالىدىغان بولسىغۇ، بىرىنچى بولۇپ پىچاق-پالتا كۆتۈرۈپ قوپىدىكەن. يېقىندا مۇنداق ئىش يۈز بېرىپتۇ: ئەركەكلەشكەن قىزدىن بىرسى بىر قېتىملىق مۇشتلىشىشتا راۋۇرۇس يىگىتتىن بىرىگە پىچاق تىقىپ قويۇپ، تاس قاپتۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويغىلى. ئاڭلىسام، مەلۇم بىر جايدا ئەركەكلەشكەن قىز بالىدىن بىرسى بىر قانچە قىزنى ھەسرەتكە قويۇپ غادىيىپ يۈرگىدەك. ئۇ قىزلار ئۇنىڭ ئىشقىي ـ پىراقىدا ئازابلىنىپ، مەيدىسىنى زەي يەرگە يېقىپ ياتارمىش. يەنە بىر ئەركەكلەشكەن قىز شۇنداق چىرايلىق بىر قىز بالا بىلەن مۇھەببەتلىشىۋېتىپتۇدەكمىش. ئۇنىڭ

ئوتىدا كۆيۈۋاتقان باشقا بىر قىزبالا ئۇنىڭغا ئاڭلىتىپ: «باغرى تاش، بىۋاپا. . . ئىشقىي ئوتۇڭدا ئۆلسەم مەيلىمۇ؟ !» دېگەن ناخشىنى ئېيتارمىش. ئۇنداقلار ئەرلەرگە موھتاج ئەمەسكەن، ھەتتاكى ئەرلەردىن سەسكىنىدىكەن. ئەكسىچە، ئۆزلىرىنىڭ ئەركىشىگە ئۆزگىرىۋالغۇسى بار ئىكەن. ئەركەكلەشكەن بەزى خوتۇن-قىزلار: «شاڭخەيدە تېخنىكىسى ئۈستۈن دوختۇرلار بار ئىكەن ، دەيدۇ، جىق پۇل تېپىپ، شۇ يەردە ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇپ، فىزىئولوگىيىلىك جەھەتتىن رەسمىي ئەر كىشى بولىۋالىمىز» دېگەندەك گەپنىمۇ ئۇچۇق دەپ يۈرگىدەكمىش.

ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ھازىر جەمئىيىتىمىزدە ئەربوپقالغانلىقىدىن نومۇس قىلىپ، خوتۇن كىشىگە ئۆزگىرىپ قېلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئادەملەرمۇ كۈندىن كۈنگە كۆپىيىۋاتقۇدەك. ئادەتتە، ئۇ خىلدىكى ئادەملەرنى «غىتمەك» دەپ ئاتايمىز. ئىلگىرى ئادەملەر ئۇنداقلاردىن نېرى قاچاتتى، ئۇنداقلارغا نەپرەتلىنەتتى، چەتكە قاقاتتى، مەسخىرە قىلاتتى. سقىسى، ئۇنداقلارنىڭ ئەركىن بولۇۋېلىشىغا يول يمايتتى. ئەكسىچە، ھازىر ئۇنداقلارنى ئۇچراتساق، ەيران قالمايدىغان بولدۇق. شۇنىڭ بىلەن ىتمەكلەر ھەددىدىن شۇ قەدەر ئېشىپ كېتىپتۇكى، قىلچە ھايا قىلماستىن، ئايالچە كىيىملەرنى كىيىشىپ، پەرداز قىلىشىپ كوچا-بازارغا، ئاممىۋى سورۇنلارغا ئاشكارا چىقالايدىغان بولۇشۇپتۇ. غىتمەكلەرنى كۆرگەن ئادەمنىڭ ھەقىقەتەنمۇ تەنلىرى جۇغۇلدايدۇ، قورققۇسى كېلىدۇ. لۇت ئەلەيھىسسالا-مىنىڭ قەۋمى ئەنە شۇنداق ھەددىدىن ئېشىۋىدى، ئۆز بېشىنى يېدىغۇ؟ ئۇلۇغ بوۋىمىز بابۇرخان بەچچىۋازلارغا لەنەت قىلغان ئەمەسمىدى؟ ھەتتاكى، ئۇرۇش جىنايەتچىسى ئادولف ھىتلېر چېغىدا ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك بىر ئادىمىنى بەچچىۋازلىق قىلغىنى ئۈچۈن ئۆز قولى بىلەن ئېتىۋەتتىغۇ؟ ئەپسۇسكى، بىز. . . ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ھازىر «ئون قىزدىن بىر غىتمەك ئەلا» دەيدىغان بەچچىۋازلار شىددەت بىلەن كۆپىيىۋاتقۇدەكمىش. قارىغاندا، بىزنىڭ بۇ دىياردا خۇددى ئامېرىكىدىكى بەچچىۋازلار ئۆزلىرىگە قانۇندىن مۇقەددەس ھوقۇق تەلەپ قىلغىنىدەك غەلىتە ئەھۋال يۈز بېرىپ قالامدۇ-نېمە.

. . ھازىر بەزى رېستوران ۋە باشقا كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدىكى ھەرخىل مەرىكىلەرنى مەخسۇس غىتمەكلەر قىزىتىدىغان بولىۋاپتۇ. نى-نى ئەر-يىگىتلەر، نى-نى خوتۇن-قىزلار ھاراق ئىچىۋېلىپ، قىلمىغاننى قىلىپ يۈرۈپمۇ راۋۇرۇس قىزىتالمىغان سورۇنلارنى غىتمەكلەر قىزىتىپ، توپىسىنى توزۇتىۋېتىدىكەن. ئۇلار گاھ شەھۋانىي ئۇسسۇل ئويناۋاتقان غەيرىي ئەرەب ئايالغا ئۆزگەرسە، گاھ خەنزۇلارنىڭ چۆچەكلىرىدىكى تۈلكە جىنغا ئۆزگىرىدۇ. يەنە گاھ نېمىگىدۇر بىر نېمىگە ئۆزگىرىدۇ. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ، سورۇن ئەھلىنى تولا كۈلدۈرۈپ، ئۆلتۈرۈپ قوياي دەيدۇ-دە، بىرەر يۈزسوم پۇلنى بىردەمدىلا تاپىدۇ. بەكمۇ رازى بولغان رېستوران خوجايىنى: «ئەتە چوقۇم كېلىڭ جۇمۇ!» دەيدۇ تېخى. بۇ چاغدا غىتمەكلەر ئېشىۋالىدۇ ۋە ھال تارتىپ تۇرۇپ: «ۋيىيەي . . . ئەتە ئىشىم بارئىدى، قانداق بولاركىن. . . قاراپ باقارمەن» دەيدۇ ناينىقشىپ، رېستوران خوجايىنى ئۇنىڭغا يالۋۇرىدۇ. . . ئۇلارغا قارىساڭ، بەدىنىڭ تىكەنلىشىدۇ. قاش، كىرپىك، لەۋ. . . ھەممە يېرى قويۇق پەردازلانغان.

ئۆتكەندە قارىسام، مەھەللىمىزنىڭ دوقمۇشىدا بىرنەچچە ئەر كىشى ئولتۇرۇپ، قايسىدۇر بىر خوتۇننىڭ غەيۋىتىنى قىلىشىۋاتىدۇ. تۇۋا دېدىم. مېنىڭ نۇر قالاق دەيدىغان بىر ئوقۇلدىشىم بولىدىغان، نەچچە كۈن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى قاتتىق ئۇرۇشۇپ قاپتۇ. ئانىسى ئاتىسىنى: «ھۇ. . . ماز، ھەزىلەك!» دېگىنىچە، بىر كاللا قويۇپلا بىچارە ئادەمنىڭ تۆت تال چىشىنى چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. ھەيران قالدىم ۋە ئۈچ قېتىم تۇۋا دەۋەتتىم. بىر كۈنى مەھەللىمىزدىكى ياقۇپ سەتەڭ دېگەن ئادەمنى ماموت دىۋە دېگەن ئادەم ئۇرۇپ قويۇپتۇ. ماموت دىۋىدىن ھەممە ئادەم قورقاتتى. دېمىسىمۇ، ئۇنىڭدەك بەھەيۋەت – زور ھەم مۇشتلاشچى، تەلۋە ئادەمدىن كىممۇ قورقمىسۇن؟ بەك سەت قورقۇپ كەتكەن ياقۇپ سەتەڭ: «ئادەم ئۆلدى. . . قۇتۇلدۇرۇڭلار. . . ئادەم بارمۇ؟ . . .» دەپ تۈۋلىگىنىچە ئۆيىگە قاراپ بەدەر قېچىپتۇ. بۇ چاغدا ياقۇپ سەتەڭنىڭ خوتۇنى قوللىرى خېمىر يۇقى پېتى ئۆيىدىن يۈگرۈپ چىقىپتۇ-دە: «كەل، بىرگە بىر تۇتىشىمىز! نوچىلىقىڭنى ماڭا كۆرسىتە، قېنى» دېگىنىچە ئېتىلىپ بېرىپتۇ ۋە ماموت دىۋىنى راسا كېلىشتۈرۈپ ئىككى كاللا قويۇپلا ئايلاندۇرۇۋەتكەن گەپ. ئەتىسى ماموت دىۋە: «پوكۇنى خوتۇن مېنى ئۇردى» دەپ نەگە دەيدۇ بىر يەرگە ئەرز قىپتۇ.

قارايدىغان بولساڭ، ئەرلەرنىڭ ھەر يوغان قورساق سېلىپ سۆزنەك بوپقالغان ئادەمدەك ئالچاڭلاپ مېڭىپ يۈرگىنىنى كۆرىسەن. ئاياللاردا بولسا، يوغان قورساقلىقلار تەدرىجىي ئازلاۋاتىدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا، تۇڭگاننىڭ سېرىق ئېشى بىلەن كالا گۆشىدە ئەتكەن ئاچچىق ئۈگرىسى قىز-خوتۇنلارغا پايدا قىلغانغا ئوخشايدۇ. مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە غەلىتە ئىشلار ھەقىقەتەن بەك كۆپ ئىكەن. بۇرۇن ئاياللار كېسىلى . . . دەپ ئاڭلايتتۇق. ھازىر ئاياللار-دا كېسەل قالمىدىمۇ ، قانداق، ئەرلەردە جىنسىي ئاجىزلىق كېسىلى ئەۋج ئاپتۇ. شۇڭلاشقا ھازىر ئۇنداق ئەرلەرخىمىيىلىك تەركىبلەر قوشۇلغان باھنى كۈچلەندۈرۈش، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، تەننى روھلاندۇرۇش دورىلىرىغا خۇمار بوپقاپتۇدەك! رادىئو – تېلېۋىزىيە، گېزىت-ژۇرناللارغا قارىساق، پۈتۈنلەي «باھنى كۈچلەندۈرۈش» ، «بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش» ، «تەننى روھلاندۇرۇش» ، «جىنسىي كېسەللىكلەرنى،

جىنسىي ئاجىزلىقىنى داۋالاش» . . . دېگەن گەپلەرقۇرتلاپ كەتتى. يا ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم! ئادەمنىڭ قورقىسى كېلىدۇ. جاھاننى بىرخىل ۋەھىمە قاپلاپ كەتكەندەك بىلىنىدۇ. ھەممە ئادەمنىڭ نەپەس ئېلىۋاتقان ھاۋاسى، ئىچىۋاتقان سۈيى، يەۋاتقان نەرسىلىرى، ياشاش شارائىتى، مۇھىتى، ھەممە-ھەممىسى ئاساسەن ئوخشايدۇ. مۇشۇنىڭغا قاراپ مېنى خىيال باسىدىغان، ھەتتا چۈشلىرىممۇ بۇزۇلىدىغان بوپقالدى. ھەممە ئادەم بىرخىل غەلىتە ئۆزگىرىش قاينىمىدا تۇنجۇقماقتا. مەن ئۆزۈمدىن يەنە بىر قېتىم قاتتىق ئەنسىرەپ قالدىم.

## 3

نازۇك ھەم زىلۋا، يۇمشاق ھەم چىرايلىق خوتۇنۇم ئۆيگە مەست پېتى كىرىپ كەلدى. ئۆزى ئەرەنچە كىيىنىۋالغان بولۇپ، ئاغزىدا تاماكا تۇراتتى. ئۇ، چېچىنى خېلى بۇرۇنلا ئوغۇل بالىنىڭ چېچىدەك قىلىپ ياستىۋالغانىدى. بەزىدە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ، ئۇنى ئوغۇل بالىغا ئوخشىتىپ قالاتتىم-دە، كۆڭلۈم قاتتىق يېرىم بولاتتى. ئالدىدىن قاراپ ئۇنىڭ ئەسلىدە مېنىڭ ئامراق سۆيگىنىم، سىناقتىن ئۆتكەن ۋاپادارىم، ئۆز ئايالىم ۋە چوڭ بولغاندا پالۋان بولىدىغان ئوغلۇمنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكىنى ئېسىمگە ئالاتتىم. شۇنىڭ بىلەن ئامراقلىقىم ھەسسىلەپ كۆپىيىپ كېتەتتى. بۇنداق چاغدا، ئۇنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ، غالجىرلىق بىلەن سۆيۈپ-يالاپ كېتەتتىم. بەزىدە تۇرۇپلا ئىچىم قايناپ قالاتتى ۋە ئۆزۈمچە سۆزلەپ كېتەتتىم: «يا بىرۋاق بولسىمۇ ناماز ئۆتىمەيسىز ياكى بىرەر سۈرىدىن تۆت ئايەتنى يادقا بىلمەيسىز. . . تىرناقلىرىڭىز بىر كۈنى قىزىل، بىر كۈنى يەنە بىر خىل رەڭدە بويىلىپ قالىدۇ، تىرناقنى ئۆستۈرۈپ بويىۋېلىش قانداقمۇ مەدەنىيەت بولسۇن؟ گەپ قىلمايدىغان بولسام، كاسىداق بىلەن تالاغا چىقىشتىن يانمايدىغاندەكلا تۇرىسىز جۇمۇ؟ ! سىز ئەتكەن تاماقنى يەۋېرىپ، ئىمان بىلەن ئەقىلگە، ۋىجدان بىلەن غورۇرغا دەز كېتەمدىكىن، دەپ ئەنسىرەپ قالىمەن. چېچىڭىزنى بويىسىڭىزغۇ چوڭ چاتاق يوق. . . بىراق. . . يا سىز خەنزۇچىدا ئوقۇمىغان، شۇنداق تۇرۇپمۇ ئۇيغۇر تىلىنى تولۇق بىلمەيسىز. تېخى. . . مەن جاھاندا ئۇيغۇر تىلىغا ئەڭ ئۆچ، دەپ قويىسىز. بىر ئۇيغۇر بولۇش سۈپىتىم بىلەن سىزگە قاتتىق ئېتىراز بىلدۈرىمەن! چىراي بىلەن زۇۋاندىن باشقا ، سىزدىن ھېچقانداق مىللىيلىكنى كۆرگىلى بولمايدۇ. . . مۇشۇنداق ئانىنىڭ سۈتىنى ئەمگەن پەرزەنت كېلەچەكتە قانداق غەلىتە بوپقالار! » . خوتۇنۇم گەپلىرىمگە كۈلۈپ قويۇپ: «بۇ دېگەن مەدەنىيەت، دەۋر بىزدىن مۇشۇنداق يۈرۈشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ» دەپ جاۋاب بېرەتتى. مەدەنىيەت؟ ! . . ھىم! مەدەنىيەتمىش تېخى، مەدەنىيەتنى بىلمەي تۇرۇپ، مەدەنىيەتتىن گەپ ئاچىدۇ مۇنۇ. . . بۇ مەدەنىيەت ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ كۆتىنى ئېرتىپ تاشلىغان لاتىسى، پۇتىنى يۇيۇپ تۆكۈۋەتكەن يۇندىسى، ئۆيىنى سۈپۈرگەندە چىققان ئەخلىتى. . . تازا بىر ئايىنىغان خوتۇننى ، ئېتىقادى يوق بىلمەسىزنى ئالدىممۇ نېمە؟ ! ئامراق خوتۇنۇمغا گەپ ئۇقتۇرالمىغانلىقىم ماڭا بەكمۇ ئەلەم بولاتتى. لېكىن. . . خوتۇنۇمنىڭ تاتلىقىنە ئەركىلىشى بىلەن ئاچچىقىمدىن بىردەمدىلا يېنىپ قالاتتىم.

– بۇ كەچتە نەگە باردىڭىز؟ نېمىشقا ھاراق ئىچىسىز؟ ! دەپ سورىدۇممەن. ئەمەلىيەتتە بۇ مېنىڭ غەلىتە چۈشۈم ئىدى. . . چۈشۈمدە، ئاۋازىمنىڭ ھەم ئىنچىكە، بوش، ھەم نازۇك، يېقىملىق چىقىۋاتقىنىنى بىلىپ قېلىپ، قاتتىق ۋەھىمە ئىچىدە شۇنداق يىغا تۇتۇپ كەتتى. خوتۇنۇم ماڭا قاراپ ھومايدى، ئاۋازىنى ئەركىشىدەك چىقىرىپ ۋارقىرىدى:

– ھەي پاسكىنا قانجىق. . . نېمە چاتىقىڭ؟ !

مەن ھېچنېمە دېيەلمىدىم، ھېچنېمىنى ئويلىيالمىدىم. روھىم چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك چەكچىيىپ قاراپلا تۇردۇم.

– بۇگۈن ئاي كۆرۈپ قالمىغانسەن؟ . . . مۇشۇ تاپتىن ئېتىبارەن سەن خوتۇن، مەن ئەر! – خوتۇنۇم شۇنداق دېدى ۋە مېنى دەسسىدە كۆتۈرۈۋېلىپ كۆرپىگە باستى. ئۇنىڭ كۈچىگە ھەيران قالدىم ھەم تېپىرلىدىم. ئۇ: «بولدى، ھەددىڭدىن ئاشما – ھە؟ ! ئېرى تۆشەككە چاقىرسا ئۇنىمىغان خوتۇنغا پەرىشتىلەر كېچىچە لەنەت ئوقۇپ چىقىدۇ» دېدى. مەن بار ئۇنۇم بىلەن: «ياق. . . ياق» دەپ ۋارقىرىغىنىمچە ئۇيقۇدىن – قورقۇنچلۇق، غەلىتە چۈشنىڭ ئىسكەنجىسىدىن چۆچۈپ ئويغاندىم. قارىسام، خوتۇنۇم يېنىمدا بىر تاتلىق ئۇخلاۋاتىدۇ. يوتقاندىن چىقىپ قاپتىمەن. ئۆي ئىچى سوغۇق ئىكەن، توڭلاپ كېتىپتىمەن. ئۆزۈمنى بەك ھېرىپ كەتكەندەك، ئۇستىخانلىرىمنى ئۇرۇپ چېقىۋەتكەندەك ئاغرىۋاتقان، ماغدۇرسىز ھالەتتە سەزدىم. چىراغنى ياندۇرۇپ بەدىنىمگە قارىدىم، «توخۇئەت» پەيدا بوپتۇ. ئۆزۈمدىن ئەنسىرىدىم، يۈرىكىم دۈكۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. «ياق. . . » دېدىم ئىچىمدە ۋە خوتۇنۇمنى ئويغاتتىم.

– سۆيۈملۈكۈم، ماڭا يېقىنراق يېتىڭ. . . قورقۇپ كەتتىم، – دېدىم ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ.

– قارا باستىمۇ؟ قورقماڭ، جېنىم. . . ئايەت ئوقۇپ ئۇخلاڭ، مەن يېنىڭىزدا، – دېدى ئۇ ئۇيقۇ ئارىلاش ئۇماق ئاۋازدا.

ئوغلىمىزنى تۈنۈگۈن قېيىن ئاتامنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويغانىدۇق. شۇڭا. . . بۇ چاغدا مەن ئۇنى سۆيۈۋالايمىكىن. . . دەپ ئويلىدىمىيۇ، ئەپسۇسكى، تازا رايىم يوق. . . ئادەتتە خوتۇنۇمنى قۇچاقلىسام، ئۇنى ئاسانلىقچە قويۇپ بەرمەيتتىم. بىراق بۈگۈن

ماڭا زادى نېمە بولغاندۇر، دەيمەن-دە. . . ياكى مېنىڭدىمۇ توخۇلارغا ئوخشاش ئىككى خىل قارىمۇ قارشى ھۇجەيرە بارمىدۇ؟ ئۇ ئىككىسى قاتتىق ئېلىشىۋاتامدىغاندۇ؟ چىشى ھۇجەيرە كۈچلۈك كېلىۋاتامدىغاندۇ؟ ئاھ. . . ياراتقان ئىگەم، مېنى ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن! نېمىدېگەن نومۇس! ئەگەر راست شۇنداق بولىدىغان بولسا. . . ئۇ ھالدا ئۆلگىنىم مىڭ ئەۋزەل. . .

تاڭ يورۇدى. سول تەرىپىمگە ئۈچ قېتىم تۈكۈرۈۋېتىپ، ئورنۇمدىن تۇردۇم. خوتۇنۇمغا قارىسام ئادەتتىكىدەكلا تۇرىدۇ. . . تـوۋا. . . كېچىدىكى چۈشۈم نېمىدېگەن دەھشەتلىك - ھە؟! ناشتا قىلىپ بولۇپ سىرتقا چىقتىم. بۈگۈن دەم ئېلىش ئىدى، شۇڭا ئاغىنىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، بۇ بىر كۈننى ئەھمىيەتلىكرەك ئۆتكۈزمەكچى بولدۇم. بىرسىنىڭ ئۆيىگە كېتىۋېتىپ، بىر ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قالدىم. تۇرۇپلا شىپاخانىغا كىرىپ، تېۋىپقا ھېچنېمە دېمىدىم، پەقەت تومۇرۇمنى تۇتۇپ كۆرۈپ بېقىشىنىلا ئېيتتىم. تېۋىپ ئاپئاق ساقاللىق بوۋاي بولۇشىغا قارىماي، اھايىتى تېمەن ۋە پاكىز ئىدى. خىزىرغا ئوخشاش ۇرانە ئىدى. ھەيي. . . بۇرۇنقى ئادەملەر ەقىقەتەن قالتىس جۇمۇ! بىرەر يۈز ياش دېگەننى ۇلاردىن سورايدىغان بولساڭ، سەدىقە قىلىۋېتەمدى-كىن، دەيمەن. يۈز ياشقا كىرگەندىمۇ پەرزەنتلىك بولالايدىغان ئادەملەر بىزگە ئۈلگە بولۇشقا مۇناسىپ كېلەتتى. بۇلتۇر جەنۇبتا 126 ياشلىق ئۆمۈر چولپىنى يولۋاسخان بوۋاي ئەردىن تەلىيى چىقمىغان 26 ياشلىق بىر چوكاننى ئەمرىگە ئېلىپ، بۇ يىل ئۇنىڭدىن بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپتۇ. شۇ يەرلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىدىكى مۇناسىۋەتلىك خادىملار بۇ ئىشتا ئامالسىز قاپتۇ. بۇ ئىشتىن بوۋاي بەكمۇ خۇشال بوپتۇ. ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ خۇشال ئىكەن، ئۆزىدىن يۈز ياش چوڭ بولغان ئادەمگە تېگىپ، بەختى چىققانلىقىدىن چەكسىز مەمنۇن ئىكەن. يولۋاسخاننىڭ 90 ياشلىق ئوغلى بۇ بوۋاقنى ئىنىم، دەپ چاقىردى دېسەڭ، ئۇنداقتا ئۇنىڭ 60 ياشلىق نەۋرىسى بىلەن 40 ياشلىق ئەۋرىسى، 20 ياشلىق چەۋرىسى. . . ئۇ بوۋاقنى نېمىدەپ چاقىرسا بولار؟ نېمە دېسە دېسۇن، ئىشقىلىپ، يولۋاسخان بوۋاينىڭ جەمەتىدىن گەپ يوق نەچچە يۈز ئادەم چىقىدۇ-دە. بىراق ھازىرقى ئادەملەرچۇ؟! غەلىتە ئۆزگىرىش. . . ھېچنېمىگە ئوخشىمايلا قالدى. . . تېۋىپ تومۇرۇمنى ئۇزاق تۇتتى، تىلىمغا، كۆزۈمگە قارىدى.

- چاتاق يوق، - دېدى ئۇ ماڭا قاراپ، - چارچاپ قاپسىز، سوغىڭىز ئېشىپ قاپتۇ، بىر ئاز سەپرا باركەن. . . بىرنېمىنى تولا ئويلاپ، ۋەھىمە ئىچىدە قاپسىز. ئۇنداق ئارتۇقچە ئەندىشە قىلماڭ. روھىيەت ئىلمىدە: «ۋەھىمە ئاۋۋال ئۆزۈڭدە، يەنى سېنىڭ روھى دۇنيايىڭدا، خىيالىڭدا پەيدا بولىدۇ» دېيىلىدۇ. ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، كۆپ خىيال قىلماڭ، كەيىپ قىلماڭ، خۇشال يۈرۈڭ، ئارام ئېلىشقا دىققەت قىلىڭ، - تېۋىپ دورا يېيىشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى ئېيتتى. خۇدايا توۋا. . . بۇ تېۋىپ كۆزۈمگە رەھمەتلىك بوۋامدەك ئىللىق كۆرۈنۈپ كەتتى. ناھايىتى ساغلام، چىرايلىق قېرىغان مەرھۇم بوۋام ياش ۋاقىتلىرىدا مىللىي ئارمىيىگە قاتناشقان، نۇرغۇن ئۇرۇشقا قاتناشقان بىر ئەركەك ئىدى. بوۋام ئۇزاق ياشىغانىدى. . . بىر كۈنى بوۋامنىڭ قولىقى ئېغىرلىشىپ قالغاندا، دوختۇرخانىغا تەكشۈرتكىلى ئاپىرىۋىدۇق، دوختۇرلار بىرنېمىلەرنى دەپ يۈرۈپ، ئۇنىڭغا بىر تال ئوكۇل سېلىۋېدى، بۇ يەرگە ئۆزى مېڭىپ كىرگەن، ساپمۇ ساق تۇرغان ئادەم بىردەمدىلا ئاللانىڭ دەرگاھىغا كېتىپ قالدى. نى-نى ئۇرۇشلاردا ئۆلمىگەن ئادەم، بىرتامچە ئوكۇل سۇيۇقلۇقىدا ئۆلۈپ قالدى. كېيىن بىلسەك، ئوكۇل خاتا سېلىنغانىكەن. . . بىر چاغلاردا ياش بىر مۇخبىر يىگىت بوۋامنى زىيارەت قىلىپ كېلىپ مۇنداق دېگەنىدى: « بوۋا، سىز ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن پېشىۋا . . . قانداق تەجرىبىڭىز بار؟ كەيىپ قىلامتىڭىز، مايلىق نەرسىلەرنى يېمەمتىڭىز؟ . . . » بوۋام قاتتىق كۈلۈپ كېتىپ: «توۋا، بۇ قانداق گەپ! ماي يېمىگەن ئەرنىمۇ ئەر دېگىلى بولامدۇ؟! بىر ئۆمۈر ھاراق-شاراب، بوزا-قىمىز دېگەنلەرنى ئىچىپ كېلىۋاتىمەن، نەشىنىمۇ خېلى بىر زامان چېكىپ كۆرگەنمەن؛ مانا ھېلىغىچىلىك موخۇركا چېكىپ كېلىۋاتىمەن » دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. ئەلۋەتتە، بۇ بۇرۇنقى ئىشلار. مەن تېۋىپ بوۋايغا رەھمەت دەپ ، روھلۇق ھالدا شىپاخانىدىن يېنىپ چىقتىم. شىپاخانىدىن چىقىپ بولۇپ يەنە مۇنداق ئويلاپ قالدىم: غەربچە داۋالاش بىلەن جۇڭگوچە داۋالاش ئىلمىنى بىرلەشتۈرۈپ، سىقىپ، ئېزىپ، سۈيىنى چىقىرىپ كېسەل داۋالايدىغان زامانىۋى دوختۇرخانىغا بېرىپ تەكشۈرتۈپ كۆرەيچۇ، ئۇلار نېمە دەيدىكىن. . . شۇنىڭ بىلەن تەشۋىقات ۋاستىلىرىدا «ئىت يىلىدىن ئېشەك يىلىغىچە» توختىماي ئېلان قىلىنىپ، نامى مەشھۇر بوپكەتكەن مەلۇم بىر جىنسىي كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىغا باردىم. ئۆزىگە سىرلىق تۈس كىرگۈزۈۋالغان بىر ئاۋاق قېرى دوختۇرغا كېلىش مەقسىتىمنى ئۇچۇق ئېيتتىم. ئۆزىنى مۇتەخەسسىس دەۋالغان كۆزەينەكلىك قېرى دوختۇر، كۆرۈنۈشتە ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن تومۇرۇمنى ئۇزاق تۇتتى. ھەتتا ھەررەڭ-سەررەڭدىكى توكلۇق زامانىۋى ماشىنا-ئەسۋابلار بىلەنمۇ بىرنېمىلەرنى قىلىپ مىتىلداپ يۈرۈپ، ئۇزاققىچە تەكشۈردى. ئۇنىمىغىنىمغا ئۇنىماي ئۇياتلىق يەرلىرىمگىچە ئىنچىكە تەكشۈرۈپ كۆرۈپ «پاقىسىغا قاندى» . يا ئاللا! بەكمۇ بىزار بولدۇم. خۇدايىم ساقلىسۇن، ئاغرىپ تارتىپ قېلىپ ئۇنداق يەرلەرگە بېرىپ يۈرۈشتىن! ئاغرىمايلا ئۆلۈشكە رازىمەنكى، خۇدايىم ساقلىسۇن.

– ھەكمۇ چوڭ چاتاق يوق ئىكەن، – دېدى دوختۇر، – بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، باھنى كۈچلەندۈرۈش، تەننى روھلاندۇرۇش دورىلىرىدىن ئال ۋە مۇۋاپىق مىقتاردا ئاز-ماز ئىستېمال قىل.

– ھوي. . . بۇ قانداق گەپ! مەن كېسەل بولمىسام، ساق تۇرسام. . . بايا ئۆزۈڭمۇ چاتاق يوقكەن، دېدىڭغۇ؟ دورا يېيىشىمنىڭ ھاجىتى نېمە؟

– مەن ھەيران قالدىم ھەم ئاچچىقلاندىم.

– ئۇنىغۇ شۇنداق. . . بىراق. . . بۆرەكنى مۇۋاپىق دەرىجىدە ئاسراش. . . ھەرگىزمۇ يامان ئىش ئەمەس، – ئاۋاق دوختۇر كۆزەينىكىنى تۈزەشتۈرۈپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، – بولىدۇ، بولىدۇ. . . ھەي ي . . . ئەمىسە ، پۇلى ئەرزانراق دورىدىن ئازراق يېزىپ بېرەي.

– كۆپ رەھمەت، دوختۇر! مەن بىلدىم، سەن پۇل تېپىشقىلا تۇرغان ئالدامچىكەنسەن. ساق ئادەمگە قالايمىقان دورا بېرىپ، راستتىن ئاغرىتىپ قويامسەن-نېمە؟! ئۇنداق خىمىيىلىك دورىلارنى ئۆزۈڭ يېگىن.

– ئەمىسە، تەبىئىي ماتېرىياللاردىن ئىشلەنگەن ساپ، كۈچلۈك دورىدىن بىر ئاز ئال. ئۇ دېگەن قەدىمكى خان ئوردىسىنىڭ مەخپىي رېتسېپىدىن ياسالغان دورا، – ئاۋاق دوختۇر كاللامنى قايمۇقتۇرغىلى باشلىدى، – ئۇ دورىنىڭ ماتېرىيالى قارا چۈمۈلىنىڭ تۇخۇمى، چوشقىنىڭ بالىياتقۇسى، ھاڭگا ئېشەكنىڭ ھېلىقى بىرنېمىسى، پوق قۇرتى، يىلان تۇخۇمى، ئېيىق تاپىنى، بۇغا مۈڭگۈزى، قاراقۇشقاچ گۆشى قاتارلىق نەرسىلەردىن تەركىب تاپقان، بەك ياخشى، ئۈنۈمىنى كۆرگەندە. . . مېنى راست دەپتۇ دەيسەن. . .

– ھالال بىلەن ھارامنى ئايرىلاشتۇرۇپ يېسەم، مەن نېمە بوپقالىمەن؟! سەن بىر باكتېرىيە، سەن بىر مىكروپ. . . ئاخىرى جاجاڭنى يەيسەنغۇ قىزىلكۆز! – مەن شۇنداق دېدىم غەزەپ بىلەن. ئاۋاق دوختۇر: «ھەي، ھەي. . . يىگىت. . . سىز، سىز. . . ھەي. . . قائىدە ئۇقمايدىكەنسىز. . .» دەپ غۇدىرىغىنىچە جايىدا ئولتۇرۇپ قالدى. ئەگەر ئۇ ياش بولغان بولسا، كېلىشتۇرۇپ بىر مۇشت قويغان بولاتتىم. قېرى ئىكەن. . . خەير! مەن خۇددى ئىنقىلابچىلارغا ئوخشاش قەددىمنى تىك تۇتقىنىمچە، مەردانە قەدەملەر بىلەن ئۇ جايدىن چىقىپ كەتتىم.

مەن بازار ئارىلاپ يۈرۈپ، بىر خىلۋەت كوچىغا كىرىپ قالدىم. بىر بۇلۇڭدا ئادەملەر گويا پوققا ئولاشقان چىۋىندەك غۇژمەك بولۇۋاپتۇ. بېرىپ قارىسام، ئۇ يەردە مەخسۇس جىنسىيەتكە ئائىت نەرسە-كېرەكلەر سېتىلىدىكەن. قۇۋۋەت دورىلىرى، ئەر-ئاياللارنىڭ چوڭ-كىچىك سۈنئىي جىنسىي ئەزالىرى . . . يا كارامەت، شۇنداق ئوخشىتىپ ياساپتۇكى، كاساپەتلەر. ئۇنداق نەرسىلەرنى قىزىقىپ كۆرۈدىغان ، قىزىقىپ سېتىۋالىدىغان ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكى . . . قېرى، ئوتتۇرا ياش، ياش ئەر-ئايال-لار. . . ھەر قاندىقى تېپىلىدىكەن.

– مۇنۇ دورىدىن ئېلىڭ، ئامېرىكىنىڭ دورىسى بۇ، بەك كۈچلۈك، ئەكس تەسىرى يوق، خۇمار قىلمايدۇ. . . ئۈنۈمى ئالاھىدە ياخشى! جىنسىي مۇناسىۋەت ۋاقتىنى ئىككى سائەتكە يەتكۈزىدۇ، كۈچىڭىزنى ساقلاپ قالىسىز. . . يا بولمىسا، مۇنۇ كىچىك نومۇرلۇق سۈنئىي ئەزادىن ئېلىڭ، باھاسى ئەرزان. ئۆزىڭىزگە ھەمراھ قىلىدىغان بولسىڭىز ، خوتۇن ئالىمەن ، دەپ چىقىمدار بولمايسىز، كوچىدىكى «موللاقچى»لارغا پۇل خەجلەيمەن، دەپ ئاۋارە بولمايسىز، – بەك قويۇق پەرداز قىلىۋالغان بىر پىرىكازچىك چوكان ھاياسىزلارچە سۆزلەيتتى.

«لەنەت ساڭا! ئاتا-ئاناڭ، ئېرىڭ، ئاكاڭ، ئىنىڭ ياكى بىرەر ئەركەك تۇغقىنىڭ يوقمۇ سېنىڭ؟! ياكى بولمىسا، ئىگىسى يوق نەرسىمۇ سەن؟!» دېدىم ئىچىمدە. قانجۇق ئىتتەك قاۋاپ كېتىۋاتقان پىرىكازچىك ئۇنىڭغا قاراپ ھومايغىنىمدىن ماڭا ئاچچىقى كەلدى بولغاي: «تۇرقىدىن قارىسا يامان ئەمەس، مەدەنىيەتنى چۈشەنمەيدۇ، قالاق. . . ئۇيغۇرنىڭ يىگىتلىرى مۇشۇنداق ئاڭسىز» دېدى غودۇراپ ھەمدە كالپۇكلىرىنى مىدە ئېشەكنىڭ كۆتىدەك پۇرۇشتۇردى. ئاغزىمغا شۇنداق «چىرايلىق» گەپ كېلىۋىدى، خەپ! ئۇنداق نېمىلەرگە گەپ قىلىشنىڭ ئۆزى بىر ئەخمەقلىق بولاتتى.

ئاچچىقىمدا، ئۇ يەردىن دەررۇ كەتتىم. دوزاختا كۆرۈدىغىنى بار ئۇنىڭ، سەندەكلەرنى يەر يۇتسۇن! غەزىپىمدە ئۇنى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاشلارنى ئۈچ قېتىم قاغىدىم – خۇددى ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەلۇم بىر رىم پاپاسى كىمنىدۇر بىرىنى قاغىغانغا ئوخشاش. خۇداي تۇۋا قىلدىم، تۇۋا. . . ئاشۇ خىلدىكى نەرسە – كېرەكلەرنى ياشلىقتىكى بەڭباش ھەۋەسلەرگە بېرىلىپ ۋە ئالدىنىپ، قارا-قويۇق ئىشلىتىپ، قانچىلىك قىز-يىگىتلەر غەلىتە بوپقالغاندۇ؟ سۈنئىي نەرسىلەر بىلەنلا ھەپىلىشىپ، ئەمەلىي ئىشقا كەلگەندە ، كۆڭلى سوۋۇپ كېتىدىغان بوپقالغانلار قانچىلىكتۇر-ھە؟ ئەجدادلىرىمىز قالدۇرغان مەدەنىيەت ئىزلىرىغا قارىغاندا، ئۇلار قىياتاش رەسىملىرىدىن تارتىپ بۇددا مەدەنىيىتى دەۋرىگىچە بولغان ئۇزاق تارىخلاردا جىنسىيەتكە بىر ئىلىم تەرىقىسىدە مۇئامىلە قىلغانىكەن. ئىسلام دىنى دەۋرىگە كىرگەندىن باشلاپ جىنسىيەتكە قارىتا گۈزەل ئىسلام ئەخلاقى نۇقتىسىدىن تېخىمۇ ئىلمىي مۇئامىلە قىلغانىكەن. ئۇلار جىنسىيەتكە توغرا قاراشنى شەكىللەندۈرگەن شۇ ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردە ، غەربلىكلەر ۋە بۈگۈنكى تەرەققىي قىلىپ كەتكەنلەر نېمە قىلغان بولغىيتتى، دەيمەن. ئەپسۇسكى، بۈگۈنكى كۈندە، بىز جىنسىيەتكە پەقەتلا ئىلمىي مۇئامىلە قىلمايۋاتىمىزغۇ-تاڭ. . . ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، مەلۇم «داڭلىق» جىنسىي كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئورنى جىنسىي ئىقتىدارىدىن قالغىلى ئالتە يىل بولغان بىر ياشانغان بىمارنى داۋالاپ ساقايتىپ،

«مۆجىزە» يارىتىپتۇدەكمىش. ئۇنىڭ ئەكسىچە، بىر بېجىرىم يىگىت ھېلىقىدەك نەرسە-كېرەكلەرنى قالايمىقان ئىشلىتىۋېرىپ، ئاخىرى جىنسىي ئىقتىدارىدىن بىراقلا مەھرۇم بوپقاپتۇ، دەيدۇ. . . جاھاندا غەلىتە ئۆزگىرىش ھەقىقەتەن كۆپ ئىكەن. ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن مايلىق ھەم تاتلىق تائاملارنى ئاساس قىلىپ كەلگەن مىللەت ئىدى، بۈگۈنكى كۈندە بولسا، مايسىز ھەم ئاچچىق تائاملارنى ئاساس قىلىدىغان تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش قىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا يانداشتۇرۇپ غېرىبلىق ئىسكەنجىسىدە ئۆز-ئۆزىدىن ياتلىشىش، زېرىكىش، ئېرىشەلمەسلىك، بىلىمسىزلىك پاتقىقىغا بېشىچىلاپ كىرىپ كېتىۋاتىدۇ؛ ھەددىدىن زىيادە ئىچىپ-چېكىۋاتىدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا، ھەقىقىي غەلىتە ئۆزگىرىش تېخى ئالدىمىزدا ئوخشايدۇ. پاشىنىڭ پىلنى يېگەنلىكىنى، چاشقاننىڭ مۇشۇكنى يېگەنلىكىنى، ئېشەككە مۈڭگۈز چىققانلىقىنى، تۆگىنىڭ قۇيرۇقىنىڭ يەرگە يەتكەنلىكىنى، دەججال چىققانلىقىنى ، يەجۇج-مەجۇجلەرنىڭ زۇلقەرنەيىن توسۇۋەتكەن توسۇقتىن بۆسۈپ چىققانلىقىنى ۋە يەنە نى-نى ئىشلارنى كۆرۈدىغانغا ئوخشايمىز.

بىر ئادەم ئوغلىنىڭ يۇرۇش-تۇرۇشىدىن گۇمانلىنىپ قاپتۇ. چۈنكى چوكىدەك ئىنچىكە ھەم قاردەك ئاپئاق، پاكىز كەلگەن ئۇ بالا چېچىنى سېرىققا بوياپ، قۇلىقىغا ئادەم بېشىنىڭ ئىسكىلىتى شەكىللىك ھالقا قىستۇرۇپ، باشتىن ئاياغقا تار كىيىم كىيىپ، ساغرىسىنى مۇشتۇمدەك چىقىرىپ، ئۆزايىدىن ئەتىر پۇرىتىپ يۈرگۈدەك. ئاتىسى ئۇنىڭ يانچۇقىنى ئاقتۇرغانىكەن، فرانسىيىنىڭ ئەتىرى ، پاكىستاننىڭ ئەنبىرى، جۇڭگونىڭ تارغاق، ئەينەك، قولياغلىق، تازىلىق قەغىزى. . . قاتارلىق نەرسىلەر چىقىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئادەم : «ئاھ. . . خۇدا! نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيتتىم؟ ! » دەپ ساقال-بۇرۇتلىرىنى يۇلۇپ، بوقىدەك ھۆركىرىگىنىچە بەك يىغلاپ كېتىپتۇ. ئاشۇ بالا قورۇسىنىڭ ئالدىدا ئاشۇ ھالى بىلەن تۇرسا، نېرىسىدا كۆزلىرى قىزىرىپ، خۇمارلىشىپ كەتكەن، پۈتۈن ئۆزايى - بەدىنىنى تۈك بېسىپ كەتكەن قاراماتاق بىر ئادەم ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قاراۋاتقۇدەك.

يېقىندا بىر جۈپ ئەر-خوتۇن بەك قاتتىق سوقۇشۇپ كېتىپتۇ. خوتۇنى ئېرىگە مۇنداق دەپتۇ: «ھەي لاتا! قانۇن ئالدىدا ئىككىمىز باپباراۋەر، نېمىشقا ھەمىشە سەن ئىمتىيازلىق بولىۋالىسەن؟ سەندە بار ھوقۇق مېنىڭدە ھەم بار، ئۇقتۇڭمۇ؟ ! »


ئۇ شۇلارنى دەپ بولۇپلا نەق مەيداننىڭ ئۆزىدە ئېرىنى ئۈچ تالاق قىلىۋېتىپتۇ. بىچارە ئېرى نېمىشقىدۇر ھۆكرەپ يىغلاپ تاشلاپتۇ. ئاھ. . . پەرۋەردىگارىم! ئەمدى ھەممە ئىش تۈگەپتۇ. خوتۇن ئەرنى تالاق قىلغاندىكىن، باشقا غەلىتە ئۆزگىرىشلەرنىمۇ ئەرزىسۇن.

بىر كۈنى خوتۇنۇم بىلەن بىر كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئاجايىپ غەلىتە ئەھۋاللارنى ئۇچراتتىم. خوتۇنىراپ كەتكەن ئادەمدىن نەچچىسى مەندىن تەپتارتماي خوتۇنۇمغا ئاچكۆزلەرچە قارىشىۋاتىدۇ. «ھۇ. . . زىناخور بەدبەختلەر، ھەممىڭ ئۆزۈڭگە قىلىشىسەن، ھەددىڭدىن ئېشىشما! » بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن قاتتىق «بۇقىسىرىغان» بىر ياش ھەم چىرايلىق چوكان ماڭا قاش ئېتىۋاتىدۇ. ھۇ. . . ھاياسىز ، جىن-شەيتاننىڭ قولى، خەتەرلىك ئالۋاستى. . . يەنە بىر ئازماڭغاندىن كېيىن ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەم ئۇچرىدى. كۆزلىرى مەجنۇن يەۋالغاندەك ئويناپ كېتىپتۇ. «ئۆي بار، قولايلىق. . ئۇستەك بېرىمەن» دەۋاتىدۇ ئۇ! ھۇ، ئىمانسىز ئەبلەخ، خۇدادىن قورقمايدىغان جوھۇت، ئادەم سىياقىدىكى ھايۋان. . . كوچىنىڭ ئاخىرىسىغا بارغاندا، ئاق ساقاللىق بىر بوۋاي ئۇچرىدى. ئۇ، ھويلىسىنىڭ ئالدىدا ھاسا تۇتۇپ ئولتۇرغانىكەن. قارىسام، ئۇ كۆزۈمگە تىكىلىپ قارىغىنىچە ھىجىيىۋاتىدۇ؟ ! تېنىم شۈركەندى، مېڭەم زىڭىلداپ كەتتى. . . شۇ چاغدا ئالاھەزەل ئون ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا ئويناپ يۈرۈپ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىۋېدى، بوۋاي ھاسىسىنىڭ ئۇچىنى دەرھال بالىنىڭ ساغرىسىغا تەگكۈزدى ۋە ھاسىنىڭ تۇتقۇچىنى بۇرنىغا يېقىپ، چىن ئىشقى بىلەن قاتتىق-قاتتىق پۇراپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ ھوشۇمدىن كەتكىلى تاس قالدىم، بەدەنلىرىمگە ئاغرىق تاراپ كەتتى، پۈتۈمدا جان قالمىدى. خوتۇنۇم چۆچۈگەن ھالدا مېنى يۆلىۋالدى. «ھۇ. . . ئۆلۈم كەلمىگەن قېرى بەچچىۋاز. . . جەھەننەم ئاتلىق دوزاخقا تۇترۇق بولىسەنغۇ ئاخىر. . . لېكىن. . . كەلگۈسى ئەۋلادلارنى، بالىلارنى بۇزما! »

بۇ كوچا ئۇزۇن كوچا - ھەم چوڭ، ھەم ناھايىتى ئۇزۇن كوچا. ئەر-خوتۇن ئىككىمىز يەنە خېلى ماڭىمىز. بۇكوچىنىڭ بىر بېشىدىن كىلىپ، ئۇ بېشىغا بارغىچە يەنە نېمە-نېمىلەرنى كۆرەرمىز. مەن ئەنسىرەش، ئەندىشە ئىچىدە مېڭىۋاتىمەن. خوتۇنۇم پەقەت ماڭىلا قاراۋاتىدۇ، مەن ئۇنىڭ قولىدىن تۇتىۋالدىم. شۇنداق قىلمىسام، ئۇ، يولدىن ئېزىپ كېتىدىغاندەك، كىمدۇر بىرى ئۇنى بۇلاپ قاچىدىغاندەك تۇيۇلدى. غەلىتە ئۆزگىرىش، پۈتۈنلەي غەلىتە ئۆزگىرىش. . . مەن قەدەملىرىمنى تېز-تېز ئالدىم. بۇ يولدىن ساق-سالامەت چىقىۋېلىشقا ئالدىرىدىم. شۇنداق قىلمىسام، غەلىتە ئۆزگىرىشلەرگە مەنمۇ، ياق! - بىزمۇ ئارىلىشىپ قالىدىغاندەكلا تۇرىمىز. مەن خوتۇنۇمغا قاراپ: «قەدىرلىكىم، بۇندىن كېيىن ئوغلىمىزنى چوڭلارنىڭ قېشىغا قويۇپ قويماي، ئۆزىمىز باقايلى، بىز ئۇچىمىز مەڭگۈ بىللە بولايلى» دېدىم، خوتۇنۇم كۈلۈمسىرىدى.

1999-يىل 9-ئاۋغۇست

ئاپتور: مەدىكار (M1)



# ئۇلانما تەسەۋۋۇر - مۈشۈك

نۇرمۇھەممەت توختى

رەيھانگۈلنىڭ تاۋار مۈشۈكى تۆتنى ئاسلانلاپتۇ، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىگىسىنىڭ كۆزلىرىدەك خۇمارلىشىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پەخرى دەڭ. پەقەت ئانا بولالىغانلارنىڭ كۆزلىرىدىنلا ئاشۇنداق شان-زەپەر ئۇچقۇنى پارلايدۇ. . . گەپ ئۇنىڭ كۆزلىرى توغرىسىدا ئەمەس. خېلى يىللار ئىلگىرى كىمدۇر بىركىم سىزغان قەپەزگە سولانغان مۈشۈكنىڭ رەسىمى ۋە «ئۇنى قويۇۋېتىڭلار» دېگەن رەسىم ماۋزۇسى ئېسىمگە كەلدى. «ئاق مۈشۈك، قارا مۈشۈك، چاچقان تۇتقان ياخشى مۈشۈك» دېگەن گەپمۇ ئېسىمگە كەلدى. رەيھانگۈلنىڭ مۈشۈكى پارس مۈشۈكىمۇ ياكى جەمشىتنىڭ مۈشۈكىمۇ؟ بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس. ئۇ پەقەت تاۋار مۈشۈك. بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىر ئىلگىرى ھاتەم ھاجى دېگەن پاكىنەك ئادەم سۇپاغا بەگ بولغانىكەن. ھاتەم ھاجىم توغرىسىدا «بۇ ئالەمنىڭ بۇرجىكى يوق، ھاتەم ھاجىمنىڭ ھېلىقى نېمىسى» دېگەن قوشاق تارقالغانىكەن. ئۆمۈر بويى ئۆيلەنمىگەنلىكى شۇ سەۋەبتىنمىش. پاكارلىقىدىن ئاتىنىڭ ئۈزەڭگىسىگىمۇ چىقالمايدىكەن. بىرەريەرگە بارماقچى بولسا، خىزمەتچىلىرى ياكى مۇئاۋىن بەگ پىداقۇل ئۇنى ئاتقا مىنگۈزۈپ قويىدىكەن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇ، بۇركۈت ۋە قارچۇغا بىلەن ئوۋ ئوۋلاشقا بەك ئامراق ئىكەن. . . گەپ ئۇنىڭ ئوۋلىرى توغرىسىدا ئەمەس. نەچچە ئونمىڭ مو يەر ۋە يايلاقتا، پادا-پادا قوي-ئۆچكە ۋە ئۇيۇر-ئۇيۇر يىلقىلارغا ئىگە بۇ باي ئادەم «تۆۋەن ئون» دېگەن يەردىكى ئامۇتلۇق باغچىسىدا50-60 ئىت، ئىككى-ئۈچمىڭ كەپتەر ۋە ئىككى-ئۈچ يۈز مۈشۈك باقىدىكەنمىش. رەيھانگۈلنىڭ تاۋار مۈشۈكى ئاشۇ ھاتەم ھاجىم باققان مۈشۈكلەرنىڭ ئەۋلادى بولۇشى مۇمكىن ۋە بەلكىم قايسىبىر مەشھۇر تۇل خوتۇن «گۈلسارە، گۈلچارە، گۈلشادە، گۈلبارە، گۈلزارە، گۈلبادە» دەپ ئىسىم قويۇپ باققان ھېلىقى مۈشۈكلەرنىڭ ئەۋلادى بولۇشى مۇمكىن. ئۇ مانا ئەمدى تۆتنى ئاسلانلاپتۇ. . .

تەئەججۇپلەندىم. مۇشۇككە ۋابا تەگكەن، ئۇنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىۋاتقان زاماندا تۆتنى ئاسلانلىغانلىقى نېمىسى؟ ئۇنىڭغا پىلانلىق تۇغۇت كۆرسەتكۈچىنىڭ ئەلۋەتتە لازىمى يوق. خالىغانچە كۆپىيىۋېرىشى مۇمكىن. ئەمما كىشىلەر مۇشۇكلەرنىڭ ئازلاپ كەتكەنلىكىدىن ھەسرەتلىنىپ، چاشقانلارنىڭ ئوغرىلىقىدىن ئاغرىنىپ يۈرگەن زاماندا بىراقلا تۆت ھەسسە كۆپەيسە، نېمىشقا ئېغىزنى ھاڭدەك ئېچىپ، كۆزنى پىيالىدەك چەكچەيتمىگۈلۈك؟ مېنىڭ تەئەججۇپلىنىشىمنىڭ تېخىمۇ ئاساسى بار ئىدى. تۆت-بەش يىللار ئىلگىرى باھاردا، بۇغداي مايسىلىرى چىرايلىق كۆكلەپ چىققان چاغدا ، ئوغلۇم بىلەن قوشنامنىڭ ئېتىزلىرىنى كۆرۈپ كەلگىلى باردۇق. ئېتىز ياپيېشىل، ھاۋا ئىللىق، مەيىن شامال مايسىلارنى سۆيۈپ-ئەركىلىتىپ ئۆتەتتى. يېڭى باھار قەلبلەردە كۆكلەم تۇيغۇلىرىنى ئۇسسۇلغا سالاتتى. كۆزلىرىم يېشىللىق ئالىمىگە تىكىلگەنىدى. ئاشۇ يېشىللىق ئىچىدە سېرىق بىرنەرسە كۆزۈمگە چېلىققاندەك بولدى. يېشىللىق باھارنىڭ، سېرىقلىق كۈزنىڭ. ئىككىسى بىر ئېتىزدا، بىر پەسىلدە بىللە مەۋجۇد بولسا، بۇنى ەلسەپىدە نېمە دەيتتى؟ ئويلىدىم، تاپتىم: قارىمۇ ارشىلىقنىڭ بىرلىكى، «ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى» . شۇنداقتىمۇ ئەقلىمگە سىغمايۋاتقاندەك ھېسسىياتتا ئىدىم. دىققەت بىلەن تىكىلدىم. سېرىقلىق كۆكلەم ئىچىدە گاھ پەيدا بولۇپ، گاھ يوقاپ كېتەتتى. دىل ھەيرەتتە ئىدى. ئېنىقلاش ئۈچۈن ئېتىز قىرلىرى بىلەن سېرىقلىق كۆرۈنگەن تەرەپكە ئىلگىرىلەشكە توغرا كەلدى. . . ئوغلۇم بىردىن ۋارقىرىۋەتتى: «ئاسلان! » . ئوغلۇمنىڭ كۆزلىرى روشەنكەن. ئۇنىڭ دېگىنى راست چىقتى. مايسىزاردا بىر سېرىق ئاسلان يۈگرۈپ يۈرەتتى. كىچىككىنە جانىۋارنىڭ ئالتۇندەك سېرىق تۈكلىرى ئۈستىدە كەچكى شەپەقنىڭ سېرىق نۇرلىرى ئوينايتتى، كۆزلىرىدە يېشىل مايسا جىلۋە قىلاتتى. ئېسىمگە «مايسا يېگەن ئىت ساراڭ بولۇر» دېگەن گەپ كەلدى. مۇشۇك مايسا يېسە نېمە بولىدىغاندۇ؟ بۇنى بىلمەيتتىم. شۇنداقتىمۇ دەرھال ھۆكۈم قىلدىم: ئوخشاشلا چارپاي ئىت ساراڭ بولغان يەردە مۇشۇك ساراڭ بولماي قالاتتىمۇ؟ «بەلكىم ساراڭ مۇشۇكنىڭ ساراڭ ئاسلىنىدۇ. ئېتىزدا مايسا يەۋاتقاندۇ. . . » ئوغلۇمنىڭ كۆزلىرى ئۈمىدتىن پارقىراپ كەتكەنىدى. «دادا، تۇتۇۋالايلىچۇ، ئۆيگە ئەكېتىپ بېقىۋالايلىچۇ! » ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاسلاندا، ئېغىزى بولسا ئاشۇ گەپنى تەكرارلايتتى. «ساراڭ ئاسلاننى تۇتۇۋېلىپ نېمە قىلارمىز؟ ئۇ راستتىنلا ساراڭ ئاسلانمىدۇ؟ » مېنىڭ كۆزۈممۇ ئاسلاندا ئىدى. ئۇ، مايسا يەۋاتقاندەك قىلمايتتى. «مايسا يېمىگەن بولسا، ساراڭ بولماسلىقى مۇمكىن» . دىققەت بىلەن قاراپ ئۇنىڭ ئېتىزدا، مايسىزارنىڭ ئۈستىدە پىرىلداپ ئۇچۇپ يۈرگەن كېپىنەكنى قوغلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۇم. «ساراڭ بولماسلىقى مۇمكىن» . ئوغلۇمنىڭ يانچۇقىدا تېخى يەۋېتىشكە ئۈلگۈرمىگەن كەمپۈت بار ئىكەن. ئاشۇنى تەڭلەپ، «پىش-پىش» ، «مىياڭ-مىياڭ» ، «كەل-كەل» دەپ يۈرۈپ ئاخىرى ئۇنى تۇتۇۋالدۇق. تۈكلىرى قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرىدەك سېرىق ئىدى، سۇلەيسۇنىڭ تۈكلىرىدەك يۇمشاق ئىدى. كۆزلىرى سايرام كۆلىنىڭ سۈيىدەك كۆك، بۇرۇتلىرى تاغ چېغىدەك ئۇزۇن، تىرناقلىرى قارچۇغىنىڭكىدەك ئۆتكۈر ئىدى. ئۇز-ئۇماق، ئۇركۈپ-چۆچۈپ تۇراتتى. «ساراڭ مۇشۇكنىڭ ساراڭ ئاسلىنى بولماسلىقى مۇمكىن. ساراڭ بولسىمۇ ، ساراڭ بولمىسىمۇ ئىگىسى بولۇشى مۇمكىن. ئىگىسى بار جانىۋارنى ئەكېتىۋالساق قانداق بولار؟ » . ئوغلۇمنى ئەگەر ئىگىسى ئىزدەپ كەلسە قايتۇرۇپ بېرىشكە قايىل قىلدىم. ساراڭ مۇشۇك بوپقالسا ھەيدىۋېتىشكىمۇ قايىل قىلدىم. چۈنكى مەن ساراڭ مۇشۇكنىڭ ساراڭ ئىگىسىنىڭ ساراڭ مۇشۇككە ساراڭلارچە ئامراقلىقىنىمۇ بىلەتتىم. ساراڭ مۇشۇك بوپقالسا، باققانىڭمۇ ساراڭلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنەتتىم، ھازىرچە تېخى ساراڭلار سېپىگە قوشۇلغۇم يوق ئىدى. . .

شۇنداق قىلىپ، ئائىلىمىز مۇشۇكلۈك بوپقالدى. سېرىق ئاسلان ئوغلۇمنىڭ ئەركىلەتمىشى، ئايالىمنىڭ نان چايناپ بېرىشى ۋە مېنىڭ ئامراقلىقىمدا شۇنچىلىك تېز چوڭىيىشقا باشلىدىكى، ئەگەر خالىسا چاشقانلارغا تەھدىت سالالىشى مۇمكىن ئىدى. بەزىدە راستتىنلا تورۇس بىلەن پەنەركە تاختاي ئارىسىدا تاراق-تۇرۇقلار، ئاشخانىدىكى قارا ماياقلار ئازلاپ قالاتتى. مۇشۇكىمىزنىڭ چاشقان تۇتقانلىقىنى كۆرمىگەن بولساقمۇ ، ئۇنىڭ شۇنداق قىلالايدىغانلىقىغا ۋە قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتۇق. ئىشەنچىمىز ئۇنىڭغا بولغان ئامراقلىقىمىزنى كۈچەيتەتتى. ھەتتا مەن «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چاپىنىنىڭ پېشىدە ئۇخلاپ قالغان مۇشۇكنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن، چاپىنىنىڭ پېشىنى كېسىۋېتىشكە رازى بولغان» دېگەن رىۋايەتنىڭ روھى بويىچە يوتقىنىم ئۈستىدە ئۇخلاپ قالغان مۇشۇكىمىزنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن بىرقانچە قېتىم ئىشقىمۇ كېچىكىپ قالغانىدىم. ئايالىم ئۇنىڭغا بەزنىمۇ چايناپ بېرەتتى. بەز بولسا ئۇيقىغا ئامراق، بەش قېتىم ئويغاتمىسا ئويغانمايدىغان ئوغلۇمنىڭ سەھەر تۇرۇپ مەكتەپكە مېڭىشتىن ئىلگىرى گوداڭدىكى قاسساپلارغا يالۋۇرۇپ يۈرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

بىز سېرىق ئاسلىنىمىزدىن پەخىرلىنىپ، ئۇنىڭ قىلىقلىرىدىن سۆيۈنۈپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، تام قوشنام ئارا تام ئۈستىدىن چاقىرىپ قالدى: « مۇشۇكڭلار بىزنىڭ ھويلىدا ياتىدۇ! » قوشنامنىڭ ئاۋازىدىن كېيىنلا مەن ئاسلىنىمىزنى كۆرمىگىلى بىرەر سائەتتەك بولغانلىقىنى ئەسكە ئالدىم. دەرھال قوشنامنىڭ ھويلىسىغا قەدەم باستىم. ئەلۋەتتە كەينىمدىن ئەگەشكەن ئايالىم،

ئوغلۇم، قىزىم ـ ئاسلاننىڭ ئامراقلىرىنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. ئاسلان قوشنامنىڭ كەلگەن سالغان سۆپىسىدا ھاسىراپ، ئېغىر تىنىپ يېتىپتۇ. «ئامرىقىم، كۆزنۇرۇم، جىگەر پارەم، نېمە بولدۇڭ؟ ساڭا نېمە دەرد يەتتى؟» بىز پايپېتەك بولۇشۇپ كەتتۇق، ئەمما ئاسلانغا ياردەم بېرىشكە ئىلاجسىز ئىدۇق. ئاسلاننىڭ چىرايلىق سېرىق توكلىرى ھۆل تۇراتتى. ئۇ، قىزىپ ـ ئىسسىداپ تەردىن ھۆل بوپكەتكەنمۇ؟ ياكى قىزىقلىقتا چىدىماي ئۆزىنى بىرەر يەردىكى سۇغا ئاتقانمۇ؟ بۇنىسى نائېنىق ئىدى. بىچارىنىڭ دېمىزدەك تىرەن، كۆلدەك سۈزۈك، مايسىدەك يېشىل كۆزلىرى نۇرسىزلانغانىدى. دوختۇرخانىغا يۆتكەشكە ئۈلگۈرمىدۇق. قوشنىلارمۇ يىغىلغانىدى. پېشقەدەم، تەجرىبىلىك قوشنام ھۆكۈم چىقاردىكى ، سېرىق ئاسلان چاشقان ئۆلتۈرىدىغان دورىنى يەپ ئۆلۈپ قالغان چاشقاننى يەپ سالپتۇ. چاشقاننى ئۆلتۈرەلىگەن دورا سېرىق ئاسلاننىمۇ ئامان قويماپتۇ... قەلبىمىزنى ئېچىنىش ۋە قايغۇ قاپلىدى. ساپساق، تېتىك-تىمەن، ئۇز-ئوماق بىر جانىۋارنىڭ بىمەھەل كۆز يۇمۇشى ئەتراپقا ھەسرەت چاچاتتى. ئاشۇ ھەسرەتلىك ئويلار ئىچىدە مەن ئاسلىنىمىزنىڭ دورا يەپ ئۆلگەن چاشقاننى بولسىمۇ تۇتقانلىقىدىن پەخىرلەنگەندەكمۇ بولاتتىم. ئۇنىڭ ئۆلۈمى مۇقەررەرلىكتەك، بەرىبىر پات ئارىدا يۈز بېرىدىغان ئىشتەكمۇ تۇيۇلاتتى. چاشقانلار بەكمۇ كۆپىيىپ كەتكەنىدى. نەلەردىندۇر بىر يەرلەردىن قايسىبىر دېھقاننىڭ چاشقان ئۇۋىسىنى قېزىپ بىر توننا پاختا يىغىۋالغانلىقى، ئىككى توننا بۇغداي تاسقىۋالغانلىقى توغرىسىدا ، كىمدۇر بىرىنىڭ بوۋاق بالىسىنىڭ كۆز-قۇلىقىنى چاشقان يەپ قويغانلىقى توغرىسىدا، قايسىبىر چاشقاننىڭ ئۇۋىسىدىن ئالتۇن-كۈمۈش چىققانلىقى ۋە ئۇ چاشقاننىڭ بۇ بايلىقنىڭ كەلمىش جايىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر كېلىپ تۇراتتى. شۇنداق تۇرسا، سېرىق ئاسلىنىمىز ئۆلمەي قالاتتىمۇ؟ دورىلىنىپ ئۆلگەن چاشقاننى يېسىمۇ ئۆلەتتى، دورىدىن زەھەرلىنىشكە ئۈلگۈرمىگەن چاشقاننى تۇتسىمۇ ئۆلەتتى. چۈنكى چاشقانلار بەكمۇ كۆپىيىپ كەتكەنىدى. ئۇلار سېرىق ئاسلىنىمىزغا قورشاپ ھۇجۇم قىلماي قالمايتتى. ئاقىۋەت بەرىبىر مۈشۈكنىڭ ئۆلۈمى بىلەن نەتىجىلىنەتتى. يېقىندىكى بىر ئىش بۇنى ئىسپاتلىدى: قىزىم ئۆتكەن ئايدا بىر تاغىل مۈشۈك تېپىۋاپتۇ. ئۇنىڭغا مەكتەپتىن قايتىشىدا ئۇچراپتۇ. قىزىم ھېلىقى سېرىق ئاسلاننىڭ ھەسرىتىنى تېخىچە ئۇنتۇيالمىغاچقا، تاغىل مۈشۈكنى بېقىۋېلىش ئۈچۈن ئۆيگە ئەكېلىپتۇ. ئەمما ئۇ راستىنلا ساراڭ مۈشۈك ئىكەن. چۈشتىن كېيىن پۈتۈن يېرىم كۈن مىياڭلاپ، ماۋلاپ ـ ۋارقىراپ چىقتى. چايناپ بەرگەن ناننىمۇ، چايناپ بەرگەن بەزنىمۇ يېمىدى، سۈتنىمۇ ئىچمىدى. تۇرۇپ-تۇرۇپ ئېچىنىشلىق ئاۋازدا ماۋلاپ-توۋلاپ قوياتتى. مەن ئۇنىڭ ساراڭ مۈشۈك ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم. ساراڭ مۈشۈكنىڭ ساراڭ ئىكىسى بولۇش ھېلىمۇ ئويۇمدا يوق ئىدى. قىزىمغا ساراڭ مۈشۈكنى ئەكەلگەن يېرىگە ئاپىرىۋېتىشنى بۇيرۇدۇم. مۈشۈكنىڭ ساراڭلاردەك ۋارقىرىشى ئۇنىمۇ بىزار قىلغانىدى. ئۇ، ساراڭ مۈشۈكنى سېۋەتكە سېلىپ ئاچىقىپ كەتتى... ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ: بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ساراڭ مۈشۈكنىڭمۇ قىممىتى بولىدىكەن. ساراڭ مۈشۈكنىمۇ سېتىۋالىدىغان ساراڭ باللار تېپىلىدىكەن. كەچتە خەۋەر تاپتىمكى، قىزىم ساراڭ مۈشۈكنى قوشنىمىزنىڭ ئوغلىغا بىر كونا ۋالىبولغا تېگىشىپتۇ... قىزىم ئامېرىكىلىق ھەيمەندەك، كوبالىق لۇئىستەك، جۇڭگولۇق لاڭپىڭدەك مەشھۇر ۋالىبولچى بولۇپ چىقىشى مۇمكىن. قوشنىمىزنىڭ ئوغلى ساراڭ مۈشۈك سودىسى قىلىپ مەشھۇر مىليونېرغا ئايلىنىشى مۇمكىن. يەنە نۇرغۇن-نۇرغۇن ئىشلار يۈزبېرىشى مۇمكىن.

ئەپسۇس، ئەتىسى ئەتىگەن ساراڭ مۈشۈكنىڭمۇ ئۆلۈپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم: تاغىل مۈشۈك ئالا-تاغىل توۋلاپ قوشنىمىزنىمۇ يېرىم كېچىگىچە ئۇخلاتماپتۇ. ئاخىرى قوشنامنىڭ ئوغلى چىدىماي ئۇنى ھويلىدىكى تاشلاندۇق سېمونت نونىڭ ئىچىگە سولاپ قويۇپ، نونىڭ ئىككى تەرىپىنى ئەسكى چاپان، لاتا-پۇتىلار بىلەن ئېتىپ قويۇپتۇ. سەھەردە قارىسا، تاغىل مۈشۈك ئۆلۈپ قاپتۇ... نونىڭ ئىچىگە ھاۋا يېتىشمەي ، دېمىقىپ ئۆلدىمۇ ياكى ئۇمۇ دورىلانغان چاشقان يەپ ساراڭ بوپقالغانمۇ، بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس. ئەمما ھېلىقى پېشقەدەم ، تەجرىبىلىك قوشنام تاغىل مۈشۈك ھەققىدىمۇ دورىلانغان چاشقار يېگەنلىكتىن ئۆلگەن دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىپتۇ...

رەيھانگۈلنىڭ تاۋار مۈشۈكى تۆتنى ئاسلانلاپتۇ. تاۋار مۈشۈكنىڭ كۆزلىرى رەيھانگۈلنىڭ كۆزلىرىدەك خۇمارلىشىپتۇ. بۇنى ئانىلىق پەخرى دېيىمىز. گەپ رەيھانگۈلنىڭ خۇمار كۆزلىرى ياكى تاۋار مۈشۈكنىڭ زەڭگەر كۆزلىرى ھەققىدە ئەمەس، بەلكى ھەددى ـھېسابسىز كۆپەيگەن ۋە دورىلانغان چاشقانلارنىڭ مۈشۈكلەرگە نەسىل قۇرۇتۇش ھۇجۇمى ئۇيۇشتۇرغانلىقى ھەققىدە . بۇ بىر ۋەھشىي ـ غالجىرانە ھەرىكەت. مۈشۈكلەرنىڭ مۈشۈكلۈك ھوقۇقىنى قوغدايدىغان خەلقئارا ئورگان بارمۇ-يوق، ئۇلار مۈشۈكلەرنىڭ مۈشۈكلۈك ھوقۇقى خىتابنامىسىنى ئېلان قىلغانمۇ-يوق، بۇنىسى نامەلۇم. شۇنداقتىمۇ بۇ يەنىلا ۋەھشىي ھەرىكەت. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۈشۈكلەر بىلەن چاشقانلار باشقا-باشقا تۈر ۋە «ئائىلە» گە مەنسۇپ بولسىمۇ، لېكىن ئايرىلاش ياشايدىغان بولغاچقا، بۇ يەردە ئىگىلىك ھوقۇقى مەسىلىسى مەۋجۇد ئەمەس. ئىگىلىك ھوقۇق مۇھىممۇ ياكى مۈشۈكلۈك ھوقۇق مۇھىممۇ، بۇنى مۇنازىرە قىلىشنىڭ تېخىمۇ ئەھمىيىتى يوق. شۇنداقتىمۇ مۈشۈكلەرنىڭ نەسىل قۇرۇتۇش ھۇجۇمىغا دۇچ كەلگەنلىكى پاكىت: چاشقانلارنىڭ دورىلانمىغانلىرىنى تۇتسا قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا

ئۇچراپ ئۆلسە، دورىلانغانلىرىنى تۇتسا زەھەرلىنىپ ئۆلسە. ساقلىرىمۇ، كېسەل-زەھەرلەنگەنلىرىمۇ ئۆلتۈرسە، بىچارە مۇشۇكلەرگە ئامانلىق بارمۇ؟ نەسلى قۇرۇپ كېتىشتىن باشقا يول يوقمۇ؟

مانا مۇشۇنداق شارائىتتا رەيھانگۈلنىڭ تاۋار مۇشۇكى تۆتنى ئاسلانلاپتۇ. ھەيران قالدىغان ئىش مانا شۇ. سېرىق مۇشۇك، تاغىل مۇشۇك، قارا مۇشۇك، ئاق مۇشۇك ئۆلۈپ كېتىۋاتقان شارائىتتا تاۋار مۇشۇك تۆت ھەسسىلەپ كۆپەيسە، ھەيران بولماي بولارمۇ؟ بىرى تۆتكە، تۆتى 16گە، 16سى 64كە كۆپەيسە، بۇ قانداق پروگرىسسىيە؟ بۇنى گېئومېترىيىلىك پروگرىسسىيە دېگىلى بولارمۇ؟ گەپ كۆپىيىشنىڭ ھەسسىلىك كۆرسەتكۈچىدە ئەمەس، بەلكى تاۋار مۇشۇكنىڭ قانداق قىلىپ نەسىل قۇرۇتۇش ھۇجۇمىدىن ئامان قالغانلىقى ۋە تۆتلىك كۆرسەتكۈچ بويىچە كۆپىيىشكە ئىلاج قىلالىغانلىقى ھەققىدە . رەيھانگۈلدىن سورىدۇم:

— بىزنىڭ مۇشۇكلەر ئۆلۈپ تۈگىشىدىيۇ، قانداقچە سىزنىڭ مۇشۇكىڭىز ئامان قالدى؟

— مەن مۇشۇكنىڭ قورسىقىنى ئوبدان تويغۇزىمەن. ھەرقانچە ئالدىراش بولساممۇ ئۇنى ئاچ قويمايمەن. شۇڭا ئۇ ھەرقانداق چاشقانغا ئىشتىھا ساقلىمايدۇ، كۆز قىرىنى سېلىپمۇ قويمايدۇ. تاۋارخاننىڭ ئامان قالغانلىقىنى ئەمدى چۈشەنگەنسىز. . .

مەن چۈشەنگەندىم. رەيھانگۈلنىڭ چاشقان بىلەن قىلچە دۈشمەنلىكى يوق مۇشۇك تۇرىنى يېتىشتۈرۈپ چىققانلىقىنى ، تىنچلىقتا بىللە ياشىيالايدىغان ، قوشنىدارچىلىقنىڭ بەش پرىنسىپىغا رىئايە قىلالايدىغان ، قول تۇتۇشۇپ ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدىغان تاۋار مۇشۇكنى ياراتقانلىقىنى بىلىۋالغاندىم. كۆز ئالدىمغا توم بىلەن جېۋرىي كەلدى. ئۇنىڭدا كۆپ چاغلاردا كۆپ ئېلىشىشلاردىن كېيىن توم بىلەن جېۋرىي قول تۇتۇشۇپ مېڭىۋاتقان قىلىپ تەسۋىرلىنەتتى. كۆپىنچە توم جېۋرىينىڭ ھارامزادىلىكلىرىگە ئامال قىلالمىغاندىن كېيىن شۇنداق بولاتتى. ئەمدى بۇ يەردە بولسا قانداق؟ تاۋارخان يول قويغۇچىمۇ ياكى چاشقانلار شەپقەت كۆرسەتكۈچىمۇ؟ چۈشىنەلمەي قالغىنىم ئەنە شۇ ئىدى. ئويلىسام-ئويلىسام چاشقانلار تاۋارخانغا رەھىم قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. قانداقلا بولمىسۇن، تاۋارخاننىڭ سېرىق ئاسلاننىڭ ۋە تاغىل مۇشۇكنىڭ تەقدىرىگە مۇپتىلا بولمىغانلىقى پاكىت ئىدى. مەن تاۋارخاننىڭ دېڭىزدەك كۆك كۆزلىرىگە تىكىلدىم، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن: «ھايات قېلىش ئۈچۈن ماسلىشىش كېرەك» دېگەن سادا چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولدۇم. بۇ، ئەنگلىيىلىك دارۋىننىڭ سۆزى. قاراڭ، بۇنى تاۋار مۇشۇكمۇ يادلىۋاپتۇ. تاۋار مۇشۇكنىڭ چىغدەك ئۇزۇن بۇرۇتلىرى ساڭگىلاپتۇ، تىرناقلىرى پورلىشىپتۇ. ئۆتكۈر قۇلاقلىرى ئەمدى نېمىگە كېرەك؟

ئۇزاقى يىلى ئىتتەك بويىنىدىن باغلانغان، قويدەك سېتىلماقچى بولغان بىر مۇشۇكنى كۆرگەنىدىم، باھاسى 400سوم ئىكەن، ھەيران قالدىم، باشقىلار چۈشەندۈردى. نەسلى قۇرۇۋاتقان جانىۋارلارنىڭ باھاسى ئاشۇنداق يۇقىرى بولىدىكەن. گۇاڭجۇ، شېنجېن تەرەپلەرگە ئون مۇشۇك يۆتكەپ ئاپارغىلى بولسا، تېخى بىر «سانتانا»غا تېگىشكىلى بولارمىش. . . چۈشەندىم: چاشقانلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىدىغان ، قۇربان بولۇشقا جۈرئەت قىلالايدىغان قەھرىمان مۇشۇك بولسۇن ياكى تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپىغا رىئايە قىلىدىغان ، چاشقانلار بىلەن تىنچ بىللە ئۆتىدىغان ئەدەپلىك مۇشۇك بولسۇن، بازار ئىگىلىكى ئۈچۈن ئوخشاش ئىكەن. ئۇ يەردە «جىڭ» ، «جا» ئارىلىشىپ كېتىدىكەن. بەزىدە «جىڭ» ، «جا» نىڭ قىممىتىگە ئىگە بولسا، يەنە بەزىدە «جا» «جىڭ» دىنمۇ ئەتىۋارراق بوپكېتىدىكەن. «جىڭ» ، «جا» نى ئايرىشقا كىمنىڭ ۋاقتى ۋە ئەقلى يەتسۇن!؟ ئۇ بەرىبىر پۇلغا يارايدىكەن. بازار ئىگىلىكى دېگەن شۇنداق بولىدىكەن. . .

تاۋار مۇشۇكنىڭ تۆت ئاسلىنى شۇنداق چىرايلىق ئىدى. تۈكلىرى ماممۇقتەك يۇمشاق ۋە پاكىزە، بۇرۇتلىرى يىپەكتەك ئىنچىكە، تېنى بۇدرۇق، قۇيرۇقلىرى بەكلا ئەۋرىشىم ئىدى. تېخى كۆزى ئېچىلمىغان بولسىمۇ ، ۋۇجۇدىدىن يەنىلا سەبىيلىك گۈزەللىكى پارلاپ تۇراتتى. ئىنسان بالىسىنىڭمۇ ۋە باشقا جانىۋارلارنىڭمۇ ئەڭ چىرايلىق ئەزاسى كۆز. كۆز چېھرىدىكى قۇياشتۇر. كۆزسىز چېھرە ۋە تەن پىيازلىقتىكى قارانچۇقتەك كۆرۈمسىز ۋە قورقۇنچلۇق. لېكىن تۆت ئاسلاننىڭ كۆزلىرى تېخى ئېچىلمىغان بولسىمۇ، يەنىلا شۇنداق چىرايلىق ئىدى. رەيھانگۈل ئاتايىتەن سېلىپ بەرگەن چايشاپ ئۈستىدە ھەريان تولغۇنۇپ ئەمچەك ئىزدەپ يېتىشاتتى. مەن ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئېچىلغان چاغدا ئاشۇ گۈزەل چېھرىدە دېڭىزدەك كۆپكۆك، مايسىدەك ياپيېشىل ۋە ياكى چوغدەك چاقان بىر قۇياشنىڭ پارلايدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلدىم. ئۇ چاغدا ئاسلانلار قانچىلىك چىرايلىق بوپكېتەر-ھە؟

ھېلىقى دورىلانغان چاشقاننى يەپ قويۇپ قۇربان بولغان سېرىق ئاسلىنىمىز تېخى يادىمدىن چىقمىغانىدى. مۇشۇ ئاسلانلاردىن بىرەرسىنى بېقىۋالسام، ئۇنىڭ ھەسرىتى يېنىكلەيدىغاندەك تۇيۇلدى. رەيھانگۈل بېرەرمۇ؟. . .

يادىمغا بازار ئىگىلىكى كەلدى. بازار ئىگىلىكى دېگەندە قۇرۇق گەپكە مۇشۇكمۇ ئاپتاپقا چىقمايدۇ، ھۆپۈپمۇ كۇشۇلدىمايدۇ. شۇڭا بازار دېگەندە ئاناڭمۇ پۇل، داداڭمۇ پۇل. بۇلار كىمنىڭ گېپى؟ — بازارنىڭ. ئويلاپ قالدىم. بازاردا ئەڭ پۇلغا يارايدىغىنى بالاڭ ئىكەن. قەللاپلارنىڭ بىردىن بېيىپ كېتىشى شۇنىڭدىن. بالا پۇلغا يارىغانىكەن، مۇشۇكنىڭ بالىسى — ئاسلان پۇلغا يارىماسمۇ؟ ئون مۇشۇككە بىر «سانتانا» — بىر مۇشۇك ئۇنىڭ سومىدىن ئارتۇقراق دېگەن گەپ. قۇرۇق گەپكە مۇشۇك

ئاپتاپقا چىقارمۇ؟

رەيھانگۈلنىڭ كۆزلىرىگە قارىدىم. نېمە مۈشۈكنى ئاپتاپقا چىقىرار؟ نېمە ھۆپۈپىنى كۈشۈلدىتار؟ قۇرۇق گەپمۇ ياكى تەڭگە-تىللا؟... خۇمار كۆزلەردىن ھېچنېمىنى بىلگىلى بولمىدى. ئۇنىڭدىكى سىرلار ئاسلانلارنىڭ كۆزلىرىدەك پىنھان ئىدى. ئېغىزىم ئەقلىمدىن ھۇشيار كەلدى. ئەقلىمگە قارىغاندا ، ئېغىزىم بازارئىگىلىكىگە بەكرەك ماسلاشقاندەك قىلاتتى.

— رەيھانگۈل، ئاسلانلاردىن بىرىنى مەن ئالاي...

رەيھانگۈل كۆزلىرىنى باشقا ياققا يۆتكىدى:

— ماۋۇ گەپنى كۆرۈڭ...

ئېغىزىمدىن «ئالاي» دېگەن گەپ چىقتى. بۇنى «سېتىۋالاي» دەپ چۈشەنسىمۇ، «بېقىۋالاي» دەپ چۈشەنسىمۇ بولاتتى. رەيھانگۈل قايسىسى دەپ چۈشەندى؟ بىلمىدىم. ئۇنىڭ سۆزى بولسا: «بېقىۋالاي» دەپ چۈشەنگەندە «مۈشۈك ئاپتاپقا چىقمايدۇ» دېگەن مەنىنى، «سېتىۋالاي» دەپ چۈشەنگەندە بولسا، «خىجىل قىلمىسىلا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. مەنمۇ قانداق چۈشەنسەم بولىۋېرەتتى. ياخشى يېرى شۇ ئىدىكى، ئاسلانلارنىڭ بىرەرسىنى ئېلىشىم رەت قىلىنمىغانىدى...

شۇ كېچە تاڭ ئاتقىچە چۈش كۆرۈپ چىقتىم. مەريەم ئانا نەۋرەمنى كۆتۈرۈپ بېقىپ يۈرەرمىش. «سىلەرنىڭ ئۆيدە بالا باققۇچى بولدۇم، جېنىمنى جان ئەتسەم، مەن شۇنىڭغا رازى» دەرمىش. مۇنالىزاغا ساقال-بۇرۇت چىقىپتۇ. داۋىنچىنىڭ بۇ مەشھۇر رەسىمگە قاراپ تۇرغان ناپاليون: «ئەمدى گۈزەل مۇنالىزانىڭ ئۆزى بوپتۇ» دەۋاتقانمىش. كۇسۇۋۇدا قىرىۋېتىلگەن 43 جەسەتنى كۆمۈپ يۈرگىدەكمىشمەن. نەدىندۇر چىپىپ كەلگەن بىر قوتۇر ئىت قولۇمدىن چىشلەپ زادىلا قويۇۋەتمەسمىش. قولۇمنى تارتقۇدەكمىشمەن، ئاجرىمىغۇدەك ۋە ياكى ئاغرىمىغۇدەك. بىر يولۋاس ئېتىلىپ كېلىپ ئىتقا ھەملە قىلغۇدەك. ئىت قولۇمنى قويۇۋېتىپ يولۋاسقا ئېتىلغۇدەك، يولۋاس قېچىپ چاترىقىمغا كىرىپ مۆكۈۋالغۇدەكمىش. يولۋاستىن سورارمىشمەن: «سەن كىمنىڭ مۈشۈكى؟» «مەن سىزنىڭ مۈشۈكىڭىز، رەيھانگۈلنىڭ ئۆيىدىن ئەكەلگەن مۈشۈكمەن. ئاق كەپتەرگە تېگىشلىگەن مۈشۈك مەن بولىمەن...» دېگۈدەكمىش يولۋاس. يولۋاسنى يېتىلەپ ئۇكرائىنىيە ئورمانلىرىدىن ئۆتەرمىشمەن. چېرنوبىل يادرو ئېلېكتر ئىستانسىسى خارابىسى ئالدىمدا پەيدا بولارمىش. يۈزلىگەن چىشى شىر ۋە يايلىلىق ئەركەك شىر يوپۇرۇلۇپ كېلەرمىش. «سىلەر شىر ئەمەس، چاشقان، گەۋدەڭلار چوڭىيىپ كەتكىنى بىلەنمۇ بەرىبىر چاشقان. سىلەردىن قورقمايمەن، چۈنكى مېنىڭ مۈشۈكۈم بار، دېگۈدەكمىشمەن. يولۋاستەك يوغىناپ كەتكەن مۈشۈكۈمنى ئىزدەپ ئەتراپقا باققۇدەكمىشمەن . ئۇ يەردە پەمىدور چىنارىدەك يوغان دەرەخكە ئايلانغانمىش. يولۋىسىم دەرەخكە يامىشىپ چىقىپ پەمىدور يەپ ئولتۇرارمىش، شىرلار مېنى ئاستا-ئاستا قورشاپ كېلەرمىش...

ئويغىنىپ كەتتىم. ئەس-ھوشۇمنى يىغىسام خوراز چىللاۋېتىپتۇ. رەيھانگۈلنىڭ تاۋار مۈشۈكى تۆتتىنى ئاسلانلاپتۇ. مۈشۈكىنىڭ كۆزلىرى رەيھانگۈلنىڭ كۆزلىرىدەكلا خۇمارلىشىپتۇ...

1999-يىل 23-ئىيۇن، خوتەن

---

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكوم پارتكومى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى(M1)

# مەنسەپدارنىڭ ئۆلۈمى

— بۇ شېئىرىمنى ئۆزۈمگە بېغىشلايمەن

## ئابلىز ئۆمەر


ئۆلۈم —
ھەر كىشىنىڭ بېشىدا بار،
بەندىچىلىكنىڭ ئالامىتى شۇ.
ئۆلۈم —
ياش — قېرى دېمەيدۇ،
تەقدىرنىڭ قۇدرىتى — كارامىتى شۇ.

ئىنسان —
ئۆمرىدە پەقەت بىر قېتىم
بىر قېتىملا ئۆلىدۇ،
ھاياتلىق شامى ئۆچكەندە.
مەنسەپدار (ھەممىسى ئەمەس)
ئۆلىدۇ ئىككى قېتىم:
بىرى — تەختتىن چۈشكەندە،
يەنە بىرى رىسقى تۈگىگەندە.

1999-يىل دېكابىر، قەشقەر

---

ئاپتور: قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ باشلىقى، ئالىي مۇھەررىر(M1)



# خىزىر قاچقان چەش

(ھېكايە)

يۇسۇپجان ساۋۇت

«خامان ئالماق ـ شەھەر ئالماق» دەپ بىكار ئېيتمىغانىكەن. بالداق بوۋاي ئۆزىنىڭ كىچىككىنە خامىنىنى سورۇپ بولغۇچە شەھەر ئالغان ئاتاماندىنمۇ بەكرەك چارچىدى. كارغا يارىغان نەۋرىسى كېلىپقۇ ئىشلىشىپ بەردى. بىراق بوۋاي ئۇنى بىر ئارىمۇ خامان ئاتقىلى قويماي، ئاخىرىغىچە ئۆزىلا سورىدى. دېھقان قائىدىسىنى بىلمەيدىغان تەنتەك نەۋرە شامالغا قارىماي ئارا ئېتىپ، داننى كەتكۈزۈۋېتىشى مۇمكىن-دە. نېمىلا بولمىسۇن خامان سورۇلۇپ بولدى. ئەمدى تاسقاش كېرەك. بالداق بوۋاي نەۋرىسىنىڭ:

ـ چوڭ دادا، سەن بەك ھېرىپ كەتتىڭ، قورسىقىڭغا بىرنېمە يېگەچ ئارام ئال، مەن تاسقىۋېتەي، ـ دېگىنىگە ئۇنىماي، ئۆتكەمنى قولىغا ئېلىپ ئۆزى تاسقاشقا باشلىدى.

زىغىردەك ئۇششاق بۇغداي دانلىرى ئۆتكەمدىن ئوت-چۆپ ئۇرۇقلىرى بىلەن قوشۇلۇپ شارىلداپ چۈشەتتى. سورۇلغان پايخاننىڭ يېرىمى تاسقىلىپ بولغان چاغدىمۇ تاسقالغان دۆۋە گويا يەرگە ئولتۇرۇشۇپ كېتىۋاتقاندەك تۇزۇك ئېگىزلىمىدى. بالداق بوۋاي دىلىدا خۇدانىڭ بەرگىنىگە شۈكرى ئېيتىۋاتقان بولسىمۇ، تېشىغا چىقىرىپ ئۇھ تارتىپ سالدى.

ـ چوڭ دادا، دان سۈيىدىن كەتمىگەن بولسا بۇنداق بولمايتتى-ھە!؟...

بوۋاي ئۆتكەمىگە پايخان ئۇسسۇپ بېرىۋاتقان نەۋرىسىگە ئالىيىپ قويدى.

ـ كۈزدە قارا ئوغۇت چېچىپ تېرىيالىغان بولساق ـ ھەراست...

ـ خامان تۆپىدە تاپىتۇپاڭ سۆزلىمە، خىزىر قاچىدۇ!

ـ راست گەپ قىلدىمغۇ، نەدە تاپىتۇپاڭ سۆزلەي. شۇ چاغدا...

ـ گېپىڭنىڭ ئۆزى تاپىتۇپاڭ بولماي نېمە! خامان دېگەندە بىسمىللا دەپ، دىلىدا خىزىردىن بەرىكەت تىلەپ ئىشلىگۈلۈك.

خامان تاسقىلىپمۇ بولدى. ئەمدى دېنىنى دان، سامىنىنى سامان بويىچە ئەكىرىپ كەتسە بولاتتى. بالداق بوۋاي ئۇنداق قىلمىدى. قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قائىدە بويىچە چەشنى خاماندا بىر كېچە قوندۇرمىسا بولمايتتى. خاماندا قوندۇرمىغان چەشكە خىزىرمۇ قونمايتتى. بالداق بوۋاي تاسقالغان بۇغداينى گۈرجەكتە چاسلاپ چەش قىلدى. چەش ئۈستىگە خەت بىلمىسىمۇ كۆڭلىدىكى

شەكىللەر بويىچە «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم، خىزىر ئەلەيھىسسالام بەرىكەت بەرگەيسەن» دېگەن «خەت» لەرنى يازدى. ئاندىن چەچنى پالازدا يۆگىدى.

چەشنى ئۇسۇش تەرەددۇتى ئەتىسى ئەتىگەندە باشلاندى:

نەۋرە ئىشەك هارۋىنى قوشۇپ، تاغار-قاچىلارنى تەقلەپ، موماي روھ-ئەرۋاھلارغا تېۋىنىپ، خىزىردىن چەشكە بەرىكەت تىلەپ ياغ پۇرىتىپ سالغان قازان نانىنى خەپىمەپكە[1] يۆگەپ ئاچىقتى. ئۇچەيلەن دەرقەمدە ئولتۇرۇپ بۇ چەش خولاق تامىقىنى يېدى. تاماقتىن كېيىن بالداق بوۋاي تاھارەت يېڭىلاپ، ئىككى رەكئەت شۈكرى ناماز ئوقۇدى. ئاندىن پالاستا يۆگەلگەن چەشنى «بىسمىللا» دەپ ئاچتى. چەشتىن بىر غەلۋىر ئۇسۇپ چەشنى ئۇلۇڭ چۆرگىلەپ چەچ باغلاق قىلدى، يەنە بىر غەلۋىر ئۇسۇپ چەچ بۇرنى ئايرىدى. نەۋرىسىگە ئىككى-ئۈچ غەلۋىر كەپسەن بىرىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئەسلىدە بوۋاي قائىدە بويىچە ئۆشرە ئايرىماقچى بولغانىدى، لېكىن چەشنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، چەش بۇرنى بىلەن كەپسەننى ئۆشرە ئورنىدا چۇشىنىشكە مەجبۇر بولدى.

شۇ ئىشلاردىن كېيىن بالداق بوۋاي چەشنىڭ ئايىغىدا ئولتۇرۇپ، چەشنى ئۇسۇشقا باشلىدى. «بىسمىللا» دەپ ئەمدىلا ئىككى غەلۋىر ئۇسۇشىغا ئالدى تەرەپتىن ئاياغ تاۋۇشلىرى ۋە بىرىنىڭ ۋاتىلداپ سۆزلىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئوغۇلبالا بالدىقىم، قىرىغانچە چاققانلىشىپ كېتىۋاتىسىلە جۇما. خەق تېخى ئورمىسىنىڭ ئايىغىنى ئۇزەلمەيۋاتقاندا، سىلە خامان ئۇسقىلى تۇرۇپ كېتىپسىلە ئەمەسما مانا. دېگەنبىلەن باشقىلارغا باشلامچى بولغۇدەك بىگىسىڭلا بار قىرى-دە، سىلە. . . يامان ئوغرى. . .

بالداق بوۋاي ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە پەيلىنى بۇزۇپ قارىدى. پالتەم سېكرېتار باشچىلىقىدىكى كەنت كادىرلىرى بىلەن مەھەللە باشلىقى پېتىراپ كەتكەن توسۇن توڭگۇزلاردەك چەشنىڭ ئالدىنى توغرىسىغا كېسىپ بوۋاي تەرەپكە كېلىۋاتاتتى. «خامانغا مۇسۇلمان رەسمىدە كېلىشسەڭ بولماسمىدى، ھەي ئىسىت. . .» بالداق بوۋاينىڭ قاپىقى تېخىمۇ تۈرۈلدى، مۇھىم بىر نەرسىنى يوقىتىپ قويغاندەك تىت-تىت بولدى. خامانغا كەلگەن ئادەم قائىدە بويىچە چەشنىڭ ئالدىدىن ئۆتمەسلىكى، ياندىن، ئارقىدىن كېلىپ: «خامان تولغاي» دېيىشى كېرەك ئىدى. ئاندىن خامان ئىگىسىمۇ: «دېگەنلىرى بولغاي» دەپ كەلگۈچىنى قارشى ئالاتتى. مۇشۇنداق بولغاندا خامانغا خىزىر بەرىكەت بېرەتتى. پالتەم سېكرېتارلارنىڭ گەپ-سۆزلىرى ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرى خىزىرنى قاچۇرۇدىغان ئىشلار ئىدى. ئەگەر پالتەم سېكرېتاردىن باشقىلار خامانغا مۇنداق كېلىدىغان بولسا، بالداق بوۋاي يامان بولسىمۇ ئۇنى كەلگىنىگە توۋا قىلغۇزۇۋەتكەن بولاتتى.

نەۋرە بىلەن مومايمۇ پالتەم سېكرېتارلارغا بىزارلىق بىلەن قارىدى. كۆزلىرىگە ئۇلار قاچىدىكى ئېشىنى ئىچىۋالغان ئوغرى مۈشۈكلەردەك كۆرۈندى. ئۇ ئىككىسىنىڭ چۈشەنچىسىچە، بولۇپمۇ نەۋرىنىڭ جەزم قىلىشىچە، بۇغداينىڭ مۇشۇنداق دانسىز، ھوسۇلسىز بوپقېلىشىغا پالتەم سېكرېتار سەۋەبچى بولغانىدى. نەۋرىنىڭ ھازىرقىدەك ئېسىدە: بۇلتۇر بۇغداي تېرىيدىغان چاغدا بالداق بوۋاي قارا ئوغۇتتىن ئىككى قاپ سېتىۋالماقچى بولۇپ، نەۋرىسى بىلەن ماڭماقچى بولۇپ تۇرغاندا، پالتەم سېكرېتار مەھەللە باشلىقىنى باشلاپ كىرىپ قالدى. ئۇ: «ئاق يەرنى ئوسا قىلىشقا بەرگەن سۇنى كېپەزگە ساپسىلەر. بۇ، بىزنىڭ باشقۇرۇش ئورۇنلاشتۇرۇشىمىزغا خىلاپ، جەرىمانە تۆلەڭلار!» دەپ بالداق بوۋاي ئوغۇتقا راستلىغان 250يۈەن پۇلنى جەرىمانىگە ئېلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بالداق بوۋاي بەش مو كېۋەز ئورنىنى يەرلىك ئوغۇتمۇ قويالماي، خىمىيىلىك ئوغۇتمۇ چاچالماي، غوزا شادىلىرىنى يىغىۋېتىپلا تېرىغانىدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يىل بۇغداينىڭ دان سۈيىنى قويىدىغان چاغدا پالتەم سېكرېتار باشلىق كادىرلار يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە سۇ ھەققى يىغدى. ئۇلار كەنتنىڭ نۆۋەت سۈيى قايسى مەھەللىگە، قايسى ئائىلىگە بارسا، سۇدىن بۇرۇن شۇ يەرگە بېرىپ بۇ ئىشنى ئەمەلىيلەشتۈردى. پۇلى بارلار سۇ تۇتالىدى. پۇلى يوقلار: «دان سۈيىدىن كەتتى-جان سۈيىدىن كەتتى!» دېيىشىپ لىۋىنى چىشلەپ قېلىشتى. . . بالداق بوۋاينىڭ بارلىق يالۋۇرۇش-ئۆتۈنۈشلىرىگە پەرۋا قىلماي سۇ باشقا دېھقانلارغا، ئۇ، بازار ئېلىپ پۇل راستلىغۇچە باشقا مەھەللىگە يۆتكەپ كېتىلدى. . .

نەۋرىسى بىلەن موماي ئويلىغان بۇ ئىشلار بالداق بوۋاينىڭ خىيالىغا كىرىپمۇ قويمايتتى. ئۇ پەقەت پالتەم سېكرېتارلارنىڭ چەشنىڭ ئالدىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، «مەكرۇھ» گەپلەرنى قىلىپ چەشكە قونغان خىزىرنى قاچۇرغىنىدىن ئىچىدە: «ئاپلوخەشكەمەر» دەپ تال-تال بولۇپ ئولتۇراتتى.

— ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازدەك قاپىقىڭىزنى تۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدىڭىزغۇ، بالدىقىم. خېلى خۇش ئاۋاز ئوغرىتىڭىزلا، بۇگۈن نىمە بولدۇڭىزلا؟ كەلگەن مېھمانغا سالىمىڭىزمۇ يوقا. خامان ئۇسۇۋاتقان ئادەم ئادەم خۇش بولۇپراق ئۇسىمامسىلە. . .

بالداق بوۋاي قاپىقىنى ئاچماستىن: «نىمە گەپ؟» دېگەن مەنىدە قارىدى.

— كېلىڭلا پالتەم، — دېگەن گەپنى ئارانلا دېدى ئورنىدىن قىمىرلىماي.

پالتەم سېكرېتار بالداق بوۋاينى ئەركىلەش ئاھاڭىدا «بالدىقىم» دەپ ئاتايتتى. ئۇنىڭ بۇ سۆزىدە بوۋاينى ئەركىلەتكىنىدىن، ئۇنىڭغا ئەركىلىگىنىنى بىلىنىپ تۇراتتى. بالداق بوۋايمۇ سېكرېتارنى باشقىلاردەك: «شۇجى» — «سېكرېتار» دېمەي، «پالتەم»، گاھىدا «پالتام» دەيتتى. بۇ ئارقىلىق ئۇ سېكرېتارغا يېقىنچىلىق قىلاتتى. گاھىدا ئىككىسى بىر-بىرىنىڭ لەقەملىرىگە، ئىسىملىرىغا يۆلەپ چاقچاقلىشىپمۇ قوياتتى.

— قارىغاندا، بۇغداينىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئۆيگە ئەكىرىپ بولغان ئوخشىمامسىلە، بالدىقىم. قانچىلىك ئەكىردىڭلا؟

— نەدىكىنى، بارى مۇشۇ. . .

— بىز بولاپ كەتمىگەندىكىن راست گەپ قىلىڭلا، بالدىقىم. بولمىسا مەن پالتا سىلە بالداقنى كېسىپ، ناكار قىلىۋەتمەي يەنە.

سېكرېتارنىڭ سۆزىدىن خىزمەتداشلىرى ھېسامىنىڭ چاقچاقلىرىدىن ھوزۇرلانغاندەك قاقاقلاپ كۈلۈشتى.

---

[1] خەپىمەچ — جەنۇب دېھقانلىرى ئۆزلىرى تاماق يېگەندە سالىدىغان ئادىدى — كىچىك داستىخان. — ئا

— بالداقنى كېسىۋەتسەڭلا دەسسەپ يۇقىرى چىقىدىغان نېمە يوق، ئۆزۈڭلا دوم چۈشەرسىلەمىكى. . .

بۇ قېتىم موماي بىلەن نەۋرە كۆزلىرىدىن ياش چىققۇچە كۈلدى. باشقىلار بەدەنلىرىنى سىلكىپ كەلگەن كۈلكىنى سېكرېتارنىڭ ئۆگۈپ كېتىۋاتقان چىرايىغا قاراپ زورىغا بېسىۋالدى.

— گەپتە ئۇتتۇرمايدىغان قىرى ئوغرى - دە، بۇ. مۇنداق ئىش، بالدىقىم: ھوسۇلنى تىزىملاپ يۇقىرىغا يوللايمىز. كەنتىمىزنىڭ بۇ يىللىق بۇغداي مەھسۇلات كۆرسەتكۈچىگە يامان تەسىر يەتكۈزسەڭلا بولمايدۇ. شۇڭا راست گەپ قىلىڭلا: بۇغدايدىن ئۆيگە قانچە تاغار ئەكىردىڭلا؟

— خۇداغا چىنپۇتسەڭلا پالتەم، ئەمدى: «بىسمىللا» دەپ ئۇسۇشقا باشلىدىم. بىر ستەل بۇغدايىنىمۇ ئويان-بۇيان قىلمىدىم. تاھارەت بىلەن چەشنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ يالغان سۆزلىسەم، دەۋزىخى بوپكەتمەمدىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئۆزۈمنىڭ يەيدىغان رىسقى-تەمىناتى تۇرسا، ھارام بولمامدۇ يالغان گەپ قىلسام. . .

سېكرېتار بالداق بوۋاينىڭ گېپىگە زادىلا ئىشەنمىدى. بەش مو يەردىن ئاشۇ كىچىككىنە بۇغداي چىقسا قانداق بولغىنى؟ ئۇنىڭغا تەگدىن تولىراق قومۇش ۋە باشقا ئوت-چۆپ مەڭگەنلىرى ئارىلاشقان سامان دۆۋىسىمۇ ئۆزىدىن نورغۇن بۇغداي چىققانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. سېكرېتار كەنت بوغالتىرى بىلەن مەھەللە باشلىقىنى بالداق بوۋاينىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇپ چىقىشقا بۇيرىدى. ئۇ ئىككىسى موماينى باشلاپ ئۆينى ئاختۇرۇپ چىققاندىن كېيىن ئۆيدە راستىنلا بىر چاڭگالمۇ بۇغداي يوقلۇقىنى دوكلات قىلدى. سېكرېتار بۇنى ئانچە قاپتىلغا ئېلىپ كەتمىدى.

— مەيلى، بۇنىڭ كارى چاغلىق. . . يەنە بىر گەپ، بالدىقىم، سىلە بۇ يىل كەنتىمىز بويىچە ئەڭ دەسلەپ خامان ئالغان دېھقان. مۇشۇ باشلامچىلىق روھىڭلا بويىچە غەللە بىلەن ھەمكارلىق بىرلەشمىسىدىكى قەرزىڭلارنىمۇ باشقىلاردىن بۇرۇن بېرىۋەتمەمسىلە! ؟

— ماقۇل، خاماننى جىممىقتۇرۇۋېلىپ ئەتە-ئۆگۈنگىچە . . .

— ئا - ھاي . . . بالداق بالا، يەنە رىجە ئۇقمىدىڭلا. مەن بۇ ئىشنى بۈگۈنلا، ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا بېجىرىۋەت، دېمەكچى!

— چەشنى ئۆيگە ئەكىرمەي تۇرۇپ ئوياق-بۇياقا بەرەپتات قىلسا بولمايدۇ. سىلەرنىڭ ھېسابات قائىدەڭلاردىمۇ كىرىم قىلماي تۇرۇپ چىقىم قىلىدىغان ئىش يوققۇ.

سېكرېتار چەشنى ئۆيگە ئەكىرىسىمۇ - ئەكىرمىسىمۇ بۇ چىقىمنىڭ ھامان بار ئىكەنلىكىنى، ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر-پەرمانىغا بويسۇنسا، ھۆكۈمەتنىڭمۇ ئۇنى تاشلىۋەتمەيدىغانلىقىنى . . . يەنە نورغۇن ئىشلارنى سىيلىق، قاتتىق چۈشەندۈرۈپ، بالداق بوۋاينى بۇيرۇققا كۆندۈردى. مەھەللە باشلىقى بالداق بوۋاينىڭ بۇ يىللىق غەللە ئۈچۈن 26 چارەك بۇغداي تاپشۇرسا بولىدىغانلىقىنى، قىشتا ھەمكارلىق بىرلەشمىسىدىن ئالغان ئاشلىق قەرزىنىڭ 33 چارەك بۇغداي ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردى.

بالداق بوۋاي ئالدى بىلەن غەللىگە بېرىلىدىغان بۇغدايىنى غەلۋىردە كەملەپ، ئۆزىنىڭ ئۈچ تاغىرىغا قاچىلىدى. ئاندىن قەرزى ئۈچۈن يەنە تۆت تاغارغا بۇغداي ئۇستى. ئەمدى چەشتىن پەقەت تۆت-بەش غەلۋىر بۇغدايلا قالدى. بوۋاينىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، غەلۋىر تۇتقان قولى تىترىدى. شۇ چاغدا مەھەللە باشلىقى بىر گەپنى قىلىۋىدى، ئارقىسىغا ئۇچۇپ كەتكىلى تاس قالدى.

— بالداقكا، ئېسىڭىزدە باردۇ، ئۆتكەندە سىز سۇ ھەققىنى بېرەلمىگەن. خامان تۆپى بولغاندىكىن، ھازىر شۇنى بېرىۋەتمەمسىز! پۇل بولسا پۇل بېرىڭ، پۇل بولمىسا بۇغداي بېرىڭ، بازار نەرقى ھېسابلايمىز. شۇ چاغدا سىزدەك بېرەلمىگەنلەرنىڭكىنى بىز بايلاردىن قەرز ئېلىپ يۇقىرىغا بەرگەن. ھازىر ئۇ خەق بىزنى تۇتۇپ كېتىۋاتىدۇ. . .

بوۋاي بۇنىڭغىمۇ ماقۇل بولدى. چۈنكى ئۇ قەرزدىن قورقاتتى. بولۇپمۇ مۇشۇنداق قەرزلەردىن . . . شۇڭا ئۇ چەشنىڭ ئاخىرىنى مەھەللە باشلىقىنىڭ تاغىرىغا ئۇسۇپ بەردى. بۇ ئاران بەش غەلۋىر چىقتى. ئەلۋەتتە، بۇنچىلىك بۇغداي سۇ ھەققىگە بويلىمايتتى. بوۋاي بىر غەلۋىر چەش بۇرنىنىمۇ مەھەللە باشلىقىنىڭ تاغىرىغا تۆكۈپ بەردى. كەم قىسمىنى ئەتە بازاردا قوي سېتىپ بېرىمەن، دەپ ۋەدە قىلدى.

بوۋاينىڭ نەۋرىسى، پالتەم سېكرېتار بۇيرىغان بىر قوشنىسى ئىككى ئېشەك ھارۋىسىغا بۇغدايلارنى بېسىپ يېزا مەركىزىگە يۇرۇپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن پالتەم سېكرېتار باشلىق كادىرلار بالداق بوۋاي ئائىلىسىنىڭ بۇ يىللىق بۇغداي مەھسۇلاتىنى خاتىرىسىگە: «. . . بەش مو، بىرلىك مەھسۇلاتى 400 كىلوگرام، ئومۇمىي مەھسۇلات 2000 كىلوگرام. . .» دەپ چىرايلىق ئولتۇرغۇزدى. ئۇنداق قىلمايمۇ بولمايتتى. . .

ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك پۈتكەندىن كېيىن كادىرلار بالداق بوۋايغا بۇ ھەقتە بىر ھازا ئېزىپ-ئىچۇرۇپ چۈشەنچە بېرىۋېتىپ قايتىشتى. ئۇلار كېتىپ ھايال ئۆتمەيلا خامانغا ساپايىلىرىنى جالداقشىتىپ ئىككى سائىل كەلدى. بالداق بوۋاي ھەر يىلى خامان ئالغاندا چەش بۇرنىنى مۇشۇنداق سائىللارغا، تۇل خوتۇن، يېتىم بالىلارغا بېرەتتى. بىراق ھازىر ئۇنىمۇ يوق ئىدى. . . سائىللارنىڭ ئالدىدا، ئۆيگە كەلگەن ئەزىز مېھمانغا داستىخان سالالمىغان نامرات ساھىبخانىدەك خىجىل بولغان بالداق بوۋاي ئۇلارغا بىر مۇنچە ئۆزرە ئېيتىپ: «تەقسىرلىرىم، خاپا بولۇشمىسىلا، چارنى سوقۇپ بېرەي» دېگەنىدى، پېشىنى قېقىپ كېتىپ قېلىشتى.

سائىللارنى ئۇزىتىپ قويغان بالداق بوۋاي چەش ئورنىغا قارىغىنىچە خىيالغا پاتتى. چەشتىن خىزىر قاچقانلىقىغا يەنە بىر قېتىم چىن ئىمانى بىلەن ئىشەندى. خىزىر قونمىغان، خىزىر قاچقان چەشلەرلا مۇشۇنداق چىقىشسىز، بىبەرىكەت بولاتتى. . . بالداق بوۋاي بارىنىمۇ، يوقىنىمۇ كۆرگەن، ئۈمىدۋار ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە نېمىدۇر بىر نەرسىگە ئېرىشىدىغاندەك ئىستەك-ئۈمىد پەيدا بولدى-دە، بۇغداي ئۇسۇشقا نېسىپ بولمىغان تاغارلىرىغا سامان قاچىلاشقا باشلىدى.

1998-يىل ئاۋغۇست، ئاتۇش كاتتايلاق

رەسسام: ئابلىمىت ئابلىز

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھىرى كاتتايلاق يېزا قۇدۇق كەنتىدىن، دېھقان

(M1)

# مەدەنىيەت ـ سەنئەت گېزىتى

2001 ـ يىل 3 ـ سان،ئومۇمىي 31 ـ سان



## ـ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئۇچۇرلىرى

(2001 ـ يىل فېۋرالدىن مايغىچە)

●ژۇرنىلىمىز ھۆكۈمەتتىن بېرىلىدىغان راسخوت توختىتىلىپ «ئەمچەكتىن چىقىرىلغان» دىن بۇيان دادىللىق بىلەن بازارغا يۈزلىنىپ، «نادىر ئەسەرلەر ستراتېگىيىسى » دە ۋە ئۆزىنىڭ «خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق» شوئارىدا چىڭ تۇرۇپ، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلىگەنلىكى ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشىپ ئوقۇرمەنلەر ۋە كەسپداشلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا سازاۋەر بولماقتا.

سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ نەشر ئەپكارى «تەقدىرداش» ژۇرنىلى 2000 ـ يىل 4 ـ سانىدا تەھرىرات نامىدىن ئوقۇرمەنلەرگە يېڭى ئەسىر مۇناسىۋىتى بىلەن ژۇرنال يۈزىدە يوللىغان تەبرىك خېتىدە: «〈تەقدىرداش〉 يېڭى يىلدىن باشلاپ 〈شىنجاڭ مەدەنىيىتى〉 ژۇرنىلىنىڭ مەۋقە ۋە ئۇسلۇبىدا باشقۇرۇلۇپ تېخىمۇ ئاممىباپلىققا ۋە چوڭقۇرلۇققا يۈزلىنىدۇ» دەپ يازدى.

●يېقىندا نەشردىن چىققان «بۈگۈن» ژۇرنىلى ئۆزىنىڭ تۇنجى سانىدا ھازىر بازارلىق ژۇرناللارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتتى. ئۇلار: «ئامانلىق»، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «تەڭرىتاغ»، «تەڭرىتاغ ئېكرانى»، «تەرمىلەر»، «كومپيۇتېر دۇنياسى»، «مۇنبەر»، «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى» دىن ئىبارەت.

●تونۇلغان كومپوزىتور، ئەدىب، سەمەرىلىك مۇزىكا تەتقىقاتچىسى ياسىن مۇخپۇل ئەپەندىنىڭ «ھايات مېلودىيىسى» ئىجادىيەت، سەنئەت كېچىلىكى 25 ـ فېۋرال ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

ياسىن مۇخپۇل ئەپەندى يىگىرمە نەچچە يىللىق كۆپ قىرلىق ئىجادىيەت ھاياتىدا مۇزىكا تەتقىقاتىغا ئائىت ئوتتۇز نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە، يىگىرمىدىن ئارتۇق ھېكايە، 400 پارچىدىن ئارتۇق ناخشا ـ ئۇسسۇل مۇزىكىسى يېزىپ ئېلان قىلغان. ئۇ ئىجاد قىلغان مۇزىكىلارنىڭ كۆپچىلىك ناخشا تېكىستلىرىنى ئۆزى يازغان ۋە بىرمىليون خەتلىكتىن ئارتۇق مۇزىكا دەرسلىكىنى مۇستەقىل تۈزگەن.

### ـ رىسالەت مۇھەممەت

●يېقىندا كېرىيە ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىدىكى مۇھەممەتئىيسا قۇربان ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى ۋە ژۇرنىلىمىز تەھرىراتىغا بىر پارچە رەھمەت خېتى يېزىپ، نازارىتىمىزنىڭ بۇ ناھىيىنىڭ مەدەنىيەت خىزمەتلىرىنى ماددىي جەھەتتىن قوللىغانلىقىغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتتى.

رەھمەت خېتىدە يېزىلىشىچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى ئابدۇشۈكۈر سېيىت مەسئۇللۇقىدىكى خىزمەت گۇرۇپپىسى 1999 ـ يىلى كېرىيە ناھىيىسى موغاللا بازىرى گۈزەر كەنتى بىلەن مۇغا كۆلبېشى كەنتىدە مۇقىملىق خىزمىتىنى ئىشلىگەندە، بۇ يەردىكى خەلق بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ، ئۇلارنىڭ دەردى ـ ھالىغا يەتكەن. بۇ كەنتلەردە مەدەنىيەت ئۆيلىرى يوقلىقىنى بىلگەندىن كېيىن مەدەنىيەت نازارىتىغا دوكلات يېزىپ، مەدەنىيەت نازارىتى 50 مىڭ يۈەن قۇرۇلۇش مەبلىغى چۈشۈرۈپ بېرىشى بىلەن بۇ ئىككى كەنتتە زامانغا لايىق ـ كۆركەم مەدەنىيەت ئۆيلىرى قۇرۇلۇپ دېھقانلار بەكمۇ خۇرسەن بولغان.

رەھمەت خېتىدە يەنە بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ كېرىيە ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىغا بىردانە كومپيۇتېر، بىردانە ئۈچ چاقلىق موتسىكلىت، بىردانە گېنېراتورنى ھەقسىز ياردەم قىلغانلىقىنى ئالاھىدە مەمنۇنىيەت بىلەن تىلغا ئالغان.

### ـ ئۆز خەۋىرىمىز

●بۇ يىل 18 ـ يانۋاردا قاراقاش ناھىيە سايباغ يېزىسىنىڭ غەربىدىكى ئەسىرلەر بويى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان تاقىرساي جانلىنىپ، ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. دارۋازلىق بىلەن نام چىقارغان دېھقان ئەزىمەت غوجىئابدۇللا روزىنىياز پولات ئارغامچا ئۈستىدە ماھارەت كۆرسىتىپ ئون مىڭلىغان كىشىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالدى. مۇشۇ يېزىنىڭ توزاقچى كەنتىدىكى غوجىئابدۇللا روزىنىياز ئۆسمۈرلۈك چېغىدىلا دارۋازلىققا ھەۋەس قىلىپ، 12 ياش ۋاقتىدىن باشلاپلا مەشىققە كىرىشكەنىدى. ئۇ، دەرەخلەرگە، تۈۋرۈكلەرگە ئارغامچا تارتىپ ئۈزۈلدۈرمەي مەشىق قىلىش ئارقىلىق خېلى ئوبدان ماھارەت يېتىلدۈردى. ئۇ بۇلتۇر 6 ـ ئۆكتەبىردە «پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇرنىڭ خېڭشەن تېغىدىن پولات ئارقاندا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ، خەلق ئۈچۈن بىرەر ئەھمىيەتلىك ئىش قىلىش نىيىتىگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز كەنتىنىڭ غەربىدىكى جىلغىغا پولات ئارغامچا تارتىپ ئۇ يەردىن ئۆتۈشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ جىددىي تەييارلىققا كىرىشتى. ئۇ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ماددىي جەھەتتىن قوللىشى بىلەن 26 مىڭ يۈەن مەبلەغ

توپلاپ، جىلغىدىكى ئىككى چوققىغا تارتىلغان ئۇزۇنلۇقى 700مېتىر، ئېگىزلىكى 60مېتىر كېلىدىغان پولات ئارغامچا ئۈستىدە جەسۇرلۇق بىلەن تېز-تېز قەدەم ئېلىپ، توققۇز مىنۇت 20سېكۇنتتا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتۈپ، يۇرتىغا شان-شەرەپ كەلتۈردى. كېيىن ئۇ يەنە پولات ئارغامچا ئۈستىدە كۆزىنى تېڭىپ كەينىچە مېڭىش، ئولتۇرۇش، پۇتىنى كۆتۈرۈش قاتارلىق ماھارەتلەرنى كۆرسىتىپ، باتۇرانە ئىرادىسىنى نامايان قىلدى.

قاراقاش ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا تون كىيگۈزۈپ، 2000يۈەن بىلەن مۇكاپاتلىدى. ئامما ئۇنىڭ بوينىغا گۈلچەمبىرەك ئاستى ۋە گۈلدەستىلەرنى تەقدىم قىلىپ قۇتلۇقلىدى. نەق مەيداندا ۋىلايەت، ناھىيە رەھبەرلىرى ۋە ھەرساھە ئاممىسى ئارقا-ئارقىدىن كۆڭۈل ئىزھار قىلىپ، 10مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل ئىئانە قىلدى. ئۇ ئېخمۇ جاپالىق مەشق قىلىپ، جەمئىيەتتىكى ھەرساھەنىڭ ياردىمى، قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ماددىي، مەنىۋى جەھەتتە پۇختا تەييارلىق كۆرۈپ، كېلەر قېتىمدا قاراقاش دەرياسى ئېقىنىدىكى 1300مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۇلۇغئاتا سۇ ئامبىرى ئۈستىدىن پولات ئارغامچىدا ئۆتۈشكە بەل باغلىدى.

- سىدىق قاۋۇز

● ياپونىيە ھۆكۈمىتى يېقىندا شىنجاڭ مۇزېيىغا 32مىليون 100مىڭ ياپونىيە يېنى ھەقسىز ياردەم قىلدى، بۇ پۇل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىلىدىكەن.

دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جاڭ ۋېنشەن مۇنداق دېدى: «ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ مۇزېيىنىڭ ئۈسكۈنە تولۇقلىشىغا بەرگەن ياردىمىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى جۇڭگو-ياپونىيە ئىككى دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىغا پايدىلىق بولۇپ، غەربىي رايوندىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشتا ئىجابىي رول ئوينايدۇ».

ياپونىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى گۈيېزۇ تەيلاڭ مۇنداق دېدى: «شىنجاڭ - تارىخى ئۇزۇن، قەدىمىي شەرق مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتى قوشۇلغان جاي. شىنجاڭنى كېسىپ ئۆتكەن (يىپەك يولى) تارىختا ياپونىيىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن».

شىنجاڭ مۇزېيى 43يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا قەدىمكى «يىپەك يولى» مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان 80مىڭدىن ئارتۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقى ساقلانغان. بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە دۇنياغا مەشھۇر يازما ماتېرىياللار، توقۇلما بۇيۇملار، فارفۇر قاچىلار، لايدىن ياسالغان قورچاقلار، ھەرخىل رەسىم، قەدىمكى جەسەتلەر بار.

- ئۆز خەۋىرىمىز

● چەرچەن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جياڭ خېيبو 23-مارت چۈشتىن ئىلگىرى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسىدا جىننىس دۇنيا رېكورتى شاڭخەي باش شتابىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى نى جىڭچۈەنىڭ قولىدىن بۇ ناھىيىدىكى زاغۇنلۇق قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان قەدىمىي چالغۇ ئەسۋاب غوڭقا بىلەن 14ئادەم دەپنە قىلىنغان چوڭ تىپتىكى ئائىلىۋى شام گۆرگە بېرىلگەن دۇنيا جىننىس رېكورتى گۇۋاھنامىسىنى تاپشۇرۇۋالدى.

چەرچەن ناھىيىلىك ساياھەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئەنۋەر ھاشىم مۇخبىرلارغا تونۇشتۇرغان ئەھۋالغا ئاساسلانغاندا، زاغۇنلۇق قەدىمىي قەبرىستانلىقى چەرچەن ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى ئالتە كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بولۇپ، تەخمىنەن 3000يىللىق تارىخقا ئىگە ئىكەن. بۇ قەبرىستانلىقنىڭ ئىشلىتىلگەن ۋاقتى( يەنى قەبرىستانلىق قىلىنىپ مېيىت دەپنە قىلىش توختىتىلغانغىچە بولغان ۋاقىت) 1500يىلدىن ئاشىدىكەن. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى 1985-يىلدىن بۇيان زاغۇنلۇق قەدىمىي قەبرىستانلىقىنى ئۈچ قېتىم قازغان بولۇپ، ھازىرغىچە 160تىن ئارتۇق قەبرىنى ئاچقان. ھازىر يەنە قېزىلمىغان 200دىن ئارتۇق قەبرە بار ئىكەن. بۇ قەبرىستانلىق شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى قىلىپ بېكىتىلگەن.

بۇ قېتىم زاغۇنلۇق قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ئىككى دانە غوڭقا شۇ جايدىن چىقىدىغان توغراقتىن ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ يۈزلىكىگە ھايۋانات تېرىسى كېرىلگەنىكەن. بىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 61.6سانتىمېتىر، يەنە بىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 87.6سانتىمېتىر كېلىدىغان بۇ ئىككى دانە غوڭقا ئەنئەنىۋى تارىلىق ئىلمە چالغۇ ئىكەن. غوڭقا مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2000-يىللىرىلا بار چالغۇ بولسىمۇ، لېكىن دۇنيا بويىچە تا ھازىرغىچە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قېزىش داۋامىدا زادىلا تېپىلىپ باقمىغانىكەن. چەرچەندىن تېپىلغان بۇ غوڭقىنىڭ شەكلى دۇنخۇاڭ ۋە شەنشىدىكى تام رەسىملىرىدە ئۇچرايدىغان غوڭقىلار بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، بۇ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەلقلەر ئىشلەتكەن غوڭقىنىڭ غەربىي رايونلاردىن كىرگۈزۈلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىكەن. زاغۇنلۇق قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان شام گۆرنىڭ ئاستىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بەش مېتىر، كەڭلىكى 2.7مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 3.4مېتىر بولۇپ، ئەر-ئايال، بالا-چاقا قاتارلىقلاربولۇپ جەمئىي 14ئادەم دەپنە قىلىنغان. بۇ شام گۆر نۆۋەتتە دۇنيا بويىچە ئەڭ مۇكەممەل ساقلانغان، ئادەم سانى ئەڭ كۆپ ئائىلە نەسەب گۆرى ھېسابلىنىدىكەن. بۇ گۆرگە يەنە قاشتېشى، فارفۇر، مىس، تۆمۈر بۇيۇملار ۋە پاختا، يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن كىيىم-كېچەكلەرمۇ كۆمۈلگەنىكەن.

ئەنۋەر ھاشىمنىڭ مۇخبىرغا ئېيتىشىچە، چەرچەن ناھىيىسىدىن تېپىلغان ئېغىرلىقى 1.5توننا كېلىدىغان چوڭ قاشتېشى بۇلتۇر ئىيۇندا جىننىس دۇنيا رېكورتى قامۇسىغا كىرگۈزۈلگەنىكەن. بۇ قېتىمقى ئىككى تۈرنى قوشقاندا جەمئىي ئۈچ تۈرلۈك جىننىس دۇنيا رېكورتىغا ئېرىشكەن بولۇپ، چەرچەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە جىننىس دۇنيا رېكورتىغا ئەڭ كۆپ ئېرىشكەن ناھىيە ھېسابلىنىدىكەن. بۇ، چەرچەن ناھىيىسىنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينايدىكەن.

- ئابدۇشۈكۈر ئابدۇكېرىم

● شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئەدەبىيات-سەنئەت بۆلۈمى ئۇيۇشتۇرغان 2001-يىللىق نەۋرۇز سەنئەت كېچىلىكى 16-مارت شىنجاڭ «خەلق» سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى.

يېڭى ئەسىرنىڭ تۇنجى يىلىدا ئۆتكۈزۈلگەن نەۋرۇز سەنئەت كېچىلىكىنىڭ مەزمۇنى يېڭى ھەم مول، شەكلى ئۆزگىچە ھەم كۆپ خىل بولۇپ، ناخشا-ئۇسسۇل، ئېيتوت-يۇمۇر، شۇنىڭدەك سېرىك نومۇرلىرى

كىشىگە بەدىئىي زوق بەخش ئېتىدۇ.

— سادىق ئۆمەر

● ئىلى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش، قوغداش ئورنى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سۇلتان ئۇۋەيسخان مازىرى، تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى قاتارلىق ئالاھىدە تارىخىي قۇرۇلۇشلارنى رېمونت قىلدى. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىنىڭ تارىخىنى كۆرگەزمە قىلىش مەركىزىنى قايتا رېمونت قىلىپ ئالاھىدە كۆرگەزمە ئورنى قىلىپ ئاچتى. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش سالمىقىنى كۈچەيتىپ، قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنى تەكشۈرۈپ تېپىش، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى توپلاش-رەتلەش قەدىمىنى تېزلەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش، ساقلاش ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى كۈچەيتىپ، ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش، باشقۇرۇش ھەم يەرباشقۇرۇش تارماقلىرىدىن مەخسۇس ئادەم چىقىرىپ، 486 مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنىنىڭ قوغداش كۆلىمىنى بېكىتتى. ۋىلايەت بويىچە مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنىدىن 225 نى يېڭىدىن بايقىدى. ھازىر ۋىلايەت بويىچە بىر ئورۇن مەملىكەت دەرىجىلىك، 25 ئورۇن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك، تۆت ئورۇن ۋىلايەت دەرىجىلىك، 144 ئورۇن ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتىلدى. ئىككى يىلدىن بۇيان بۇ ئورۇنلارنى ئېكىسكۇرسىيە قىلغان ئادەم 20 مىڭدىن ئاشتى.

— مىرزەخمەت مۇھەممەت

● ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى يىرىك نامايەندە — مەرھۇم يازغۇچى زوردۇن سابىر ئەسەرلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 3-ئاپرېل شىنجاڭ ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىدا ئۆتكۈزۈلدى.

يىغىنغا ئۈرۈمچىدىكى بىر قىسىم ئاتاقلىق يازغۇچى، ئوبزورچى، شائىرلاردىن بولۇپ 40 كىشى قاتناشتى. يىغىندا مۇتەخەسسىسلەر مەرھۇم يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى. بولۇپمۇ يېقىندا ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكەن «ئانا يۇرت» رومانىنىڭ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى تەڭداشسىز زور مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئىلمىي يوسۇندا شەرھلەندى. يىغىن ئەھلى بىردەك «ئانا يۇرت» رومانىنى «نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن مەشھۇر يازغۇچى شولوخوفنىڭ «تىنچ دون» رومانى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، «ئانا يۇرت» رومانىمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى «تىنچ دون» دېيىشتى.

بۇ رومانىنى نەشر قىلغان شىنجاڭ ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى بۇ رومانىنىڭ پات ئارىدا خەنزۇ، قازاق تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، نەشر قىلىنىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

— ئىلغارجان سادىق

● 11-ئاپرېل ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك 9-نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ تاللاش مۇسابىقىسى ۋە 2001-يىللىق مەملىكەتلىك چېلىشىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قەدىمچە چېلىشىش ماھىرى ئەلى نۇر 58 كىلوگراملىقلار بويىچە چېمپىيونلۇقنى قولغا كەلتۈردى.

ئەلى نۇر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چېلىشىش ساھەسىدە يېڭىدىن يېتىشىپ چىققان ئەزىمەت. ئۇ، ئىلىدىن بولۇپ، بۇ يىل 23 ياشقا كىرگەن. 1999-يىلى دۇنيا ياشلار چېلىشىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە 5-لىككە ئېرىشىشتەك ياخشى نەتىجىنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۆتكەن يىلى ئۇ، بۇ تۈردىكى مۇسابىقىدە مەملىكەت بويىچە 3-لىككە ئېرىشكەن.

— ئۆز خەۋىرىمىز

● ئاپرېلنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ جۇڭشەن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك 2001-يىللىق يېنىك ئاتلېتىكا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە شىنجاڭ كوماندىسىدىكى نۇرمۇھەممەت مۇسابىقىنىڭ تۈنجى كۈنى دىسكىنى 36.56 مېترغا ئېتىپ بۇ تۈردە چېمپىيون بولدى.

— شىنخۇا ئاگېنتلىقى

● ئاپرېلنىڭ بېشىدا چاۋشيەنىڭ پايتەختى پىخەنگدا ئۆتكۈزۈلگەن «ئاپرېل باھارى» ناملىق دوستلۇق سەنئەت بايرىمىدا شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى ئورۇندىغان نومۇرلار بەش ئالتۇن مېدال، ئىككى كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى.

ئىگىلىنىشىچە، شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى جۇڭگو سەنئەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ بۇ سەنئەت بايرىمىغا قاتناشتى. نەتىجىدە كوللېكتىپ ئورۇندىغان «تەخسە ئۇسسۇلى» ئىجادىيەت ۋە ئورۇنداشتا ئىككى ئالتۇن مېدالغا، «داپ ئىشقى» ناملىق ئۇسسۇل ۋە دىلنار ئابدۇللا ئورۇندىغان «داۋانچىڭ قىزى» ناملىق ئۇسسۇل، ئايتۇرسۇن نىياز ئورۇندىغان «شىنجاڭنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى جىياڭنەندىن قېلىشمايدۇ» ناملىق ناخشا ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئالتۇن مېدالغا، ئىززەت ئېلياس ئورۇندىغان «قىزىل بايراق لەپىلدىمەكتە» ناملىق ناخشا ۋە كوللېكتىپ ئورۇندىغان «پو ئۇسسۇلى» كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى. بۇ قېتىمقى سەنئەت بايرىمى 40 نەچچە دۆلەتتىن 80 نەچچە ئۆمەك قاتناشقان بولۇپ، شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئارتىسلىرى ئورۇندىغان ناخشا-ئۇسسۇللار چاۋشيەنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

مېھرىئاي ياقۇپ

● قەشقەر ۋىلايىتى «10 مىڭ چاقىرىملىق چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشى»، «مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئىلغار ناھىيە بەرپا قىلىش» ۋە «ئۆسمۈرلەر سەنئىتى پىلانى» قاتارلىق ئۈچ چوڭ سىستېما قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەپ مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

بۇ ۋىلايەت ئالدى بىلەن بەش مىليون يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ قەشقەر سەنئەت مەكتىپىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئوقۇتۇش بىناسى ۋە ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشىنى پۈتتۈردى، ۋىلايەتلىك ناخشا-ئۇسسۇل، تىياتىر ئۆمىكىنىڭ رېپىتىس زالى قۇرۇلۇشىغا جىددىي تۇتۇش قىلدى. ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش — باشقۇرۇش ئورنى بىر مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ ئاجرىتىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىق ساياھەت نۇقتىلىرىنىڭ مۇھىتىنى ئۆزگەرتتى. مارالبېشى ناھىيىلىك مەدەنىيەت، تەنتەربىيە ئىدارىسىمۇ ناھىيىنىڭ قوللىشى بىلەن بىر مىليون يۈەنگە يېقىن مەبلەغ ھەل قىلىپ، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە ئىدارىسى بىلەن سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئۇنىۋېرسال خىزمەت بىناسىغا

تۈتۈش قىلدى. مەكىت ناھىيىسى 112 مىڭ يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىپ، يېزا مەدەنىيەت پونكىتلىرىنى قۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مەدەنىيەت پونكىتلىرىنىڭ ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشتى. ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر) لىك مەدەنىيەت تارماقلىرىمۇ تىرىشىپ مەبلەغ توپلاپ مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرىنى تەرەققىي قىلدۇردى. بۇ ۋىلايەت قاتتىق دېتال قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يۇمشاق قۇرۇلۇشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت پونكىتلىرىدىكى خادىملارنىڭ كەسپىي تەربىيىلىنىشىنى كۈچەيتتى. بۇ ۋىلايەت يەنە ئاممىۋى سەنئەت يۇرتىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنىڭ مەزمۇنلىرىنى بېيىتتى. ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى قىشلىق ۋە يازلىق ئەتىل مەزگىلىدىن پايدىلىنىپ گۈزەل سەنئەت، ئۇسسۇل، مىللىي چالغۇلارنى چېلىشنى ئۆگىنىش قاتارلىق تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، 250 ئۇسسۇلچىنى تەربىيىلىدى. «ئانارگۈل» ئۇسسۇل ئەترىتى ۋە بالىلار خور ئۆمىكى ئورۇندىغان سەنئەت نومۇرلىرى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا كۆرسىتىلىپلا قالماستىن، ئۇلار ئورۇندىغان خور 5 - نۆۋەتلىك خەلقئارا خور مۇسابىقىسىدە مىس مېدالغا ئېرىشتى. قاغىلىق ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى گۈزەل سەنئەت، ئۇسسۇل، ھۆسنخەت ۋە قوش تىل ئۆگىنىش كۇرسى تەشكىللەپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن 370 نەپەرنى تەربىيىلىدى. يوپۇرغا، مارالبېشى ناھىيىلىرى دېھقانلار ئاممىسى قاتناشقان چوڭ تىپتىكى مەشرەپ، ... نەم، سەنئەت بايراملىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ئاممىنىڭ ئىشتىن سىرتقى مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتتى.

- ئېزىزجان توختىھاجى

●26 - ئاپرېل ئاقسۇدا ئۆتكۈزۈلگەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئىشلىرىدىكى ئۇقتىملىق قۇرۇلۇش يىغىنىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭ بويىچە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇن، دەپ نام بەرگەن 3 - تۈركۈمدىكى ئىلغار ئورۇنلارنىڭ تىزىملىكى ئېلان قىلىندى.

مۇكاپاتلانغان بۇ 12 ئورۇن: كۈيتۇن شەھىرى، جەرەنبۇلاق رايونى، قاراماي رايونى (قاراماي شەھىرى)، ئالتاي شەھىرى، ئۈچتۇرپان ناھىيىسى، بۇرچىن ناھىيىسى، كۆكتوقاي ناھىيىسى، چەرچەن ناھىيىسى، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى، چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى، ئاتۇش شەھىرىدىن ئىبارەت.

- ئۆز خەۋىرىمىز

●28 - ئاپرېل چۈشتىن كېيىن ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى قاتارلىق بىرقانچە ئورۇننىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن شىنجاڭ بويىچە 3 - قېتىملىق ياشلار مەدەنىيەت - سەنئەت بايرىمى ۋە 4 - قېتىملىق ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت بايرىمىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى - «يېڭى ئەسىردىكى ياشلىق ناخشىسى» چوڭ تىپتىكى ناخشا كېچىلىكى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى كېچىلىككە بىر قىسىم ئالىي مەكتەپ، ھەربىي قىسىم، كارخانا گۇرۇھلىرى ۋە ئىدارە - ئورگانلارنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ 3000 گە يېقىن كىشى قاتناشتى. كېچىلىكتە ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى ئارتىسلىرى ۋە كەسپىي ئارتىسلار مول مەزمۇنلۇق نومۇرلارنى ئورۇنداپ بۈگۈنكى زامان ياشلىرىنىڭ، جۈملىدىن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېڭىنى ئەكس ئەتتۈردى ھەم تەشۋىق قىلدى.

- نىياز قاھار

●4، 5 - ماي كەچتە رۇسىيە مېھمانسارىيىسىنىڭ 2500 كىشىلىك زالى تاماشىبىنلار بىلەن لىق تولدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاشقى ئالاقە ۋەكىللەر ئۆمىكى قويغان ئويۇن جۇڭگوغا ياردەم بېرىشكە قاتناشقان جەڭچىلەر، پېشقەدەم مۇتەخەسسىسلەر، رۇسىيەدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ھەرساھەدىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

رۇسىيە جۇڭخۇا سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، موسكۋا جۇڭگو - رۇسىيە مەدەنىيەت ئالاقە مەركىزى، رۇسىيە جۇڭخۇا ئاياللار بىرلەشمىسى 4 - ماي كەچتە رۇسىيە مۇزىكا زالىدا رۇسىيەدىكى جۇڭگولۇقلار بىرلەشمىسى باش جەمئىيىتى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئىلتىماس قىلىش تەشكىلىي ھەيئىتىنىڭ بېيجىڭنىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىشنى قوللاش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن زېھىن سىناش مۇسابىقىسىنىڭ مۇكاپاتىنى تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. رۇسىيەدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ھەرساھەدىكى جۇڭگولۇقلار شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئويۇنىنى زوق - شوق بىلەن كۆردى. بۇ قېتىمقى سەنئەت كېچىلىكىنى موسكۋا جۇڭگو - رۇسىيە مەدەنىيەت ئالاقە مەركىزىنىڭ رەئىسى، كونا بېيجىڭ مېھمانسارىيىسىنىڭ باش دېرىكتورى لى زۈڭلۇن ئەپەندى ئۇيۇشتۇرغان. ئۇ، ئويۇننى كۆرگەندىن كېيىن ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: ئايتۇرسۇن نىياز ئېيتقان شىنجاڭنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەن ناخشا كىشىنى تولىمۇ ھاياجانغا سالىدۇ. بىز رۇسىيەدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ھەرساھەدىكى جۇڭگولۇقلار ۋەتىنىمىزنىڭ تېخىمۇ باي، قۇدرەتلىك بولۇشىنى، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ كۈنسېرى باياشاد بولۇشىنى چىن دىلىمىزدىن تىلەيمىز. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن، رۇسىيەدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان لى لىن خانىم بەكمۇ ھاياجانلاندى. ئۇ ئىلگىرى شىنجاڭدا ئۇزۇن يىل خىزمەت قىلغانىدى. شۇڭا ئۇ، ئويۇن ئاخىرلاشقاندا، سەھنىگە چىقىپ ئارتىسلار بىلەن بىللە ئۇسسۇلغا چۈشتى.

5 - ماي كەچتە، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش، ئازادلىق ئۇرۇش، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش مەزگىلىدە دۆلىتىمىزنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەرگەن پېشقەدەم جەڭچىلەر، مۇتەخەسسىسلەر تەكلىپكە بىنائەن سەنئەت كېچىلىكىگە قاتناشتى.

رۇسىيە - جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ماخمۇدوف ئەپەندى ئويۇننى كۆرگەندىن كېيىن: جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى شىنجاڭدا مۇشۇنداق يۇقىرى سەۋىيىلىك ئارتىسلارنىڭ بارلىقىنى ئويلىماپتىكەنمەن، دېدى.

ئويۇن ئاياغلاشقاندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ رۇسىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ۋۇتاۋ، رۇسىيە - جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى ئىۋانوف، ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى دۆەن توڭخۇا سەھنىگە چىقىپ ئارتىسلار بىلەن خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشتى.

- جىبن يەن (M2)



# خۇراپاتقا بىر سوئال

## —«زامانىۋى خۇراپاتلىق ۋە ئۇنىڭ ئالامەتلىرى»گە ئىلاۋە


**ئابدۇقادىر جالالىددىن**

(ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان تەقرىزچىسى)


«خۇراپات» دېگەن سۆز زامانىمىز كىشىلىرى تەرىپىدىن كۆپ ئىشلىتىلىسىمۇ، ھازىرغا قەدەر ئىلمىي ياكى پەلسەپىۋى مەنىدە ئىزاھات بېرىلمەي كەلدى. تەپەككۇر قىلىشقا كەلگەندە ئىنتايىن ھۇرۇن ئادەملىرىمىز ئۆزىگە ياقمىغان ياكى ئۆز نەپسىنىڭ بەھوزۇر قانات يېيىشىغا پۇتلاشقان ھەرقانداق يوسۇنلارنى، قەدىمىيلىك تۈسىگە ئىگە بۇيۇملارنى يەڭگىللىك بىلەن «خۇراپاتلىق» دەپ ئاتاشتى، شۇنداقلا ئۇلاردىن ۋاز كېچىشكە شۇنچە ئالدىراشتى. بالىلىق دەۋرىمىزدىكى بەزى خاتىرىلەردىن ئايانكى، كىشىلەر تۇگمەن ئۇنى ئىشلىتىشنى، ئاغچا يۇغۇچتا قازان يۇيۇشنى، «سۇغا تۇكۇرمە»، «يەرنى ئۇرما» دېگەنگە ئوخشاش نەسىھەتلەرنى خۇراپاتلىق، دەپ ئەيىبلەشتى. يىللار ئۆتۈپ ئۇنداق ئالامەتلەرنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى ئورنى يوقاشقا باشلىدى. بىز ئۇلارنى يوقىتىش ئارقىلىق نېمىگە ئېرىشتۇق؟ ئەجدادلار تۇگمەن ئىجاد قىلغانىكەن، بىز ئۇلارنى يوقىتىش بەدىلىگە تەييارتاپلىق ۋە تەقلىدىي ئىستېمالچىلىقنى پەيدا قىلدۇق. چىلەكنى خالىغان چاغدا، خالىغان ۋاقىتتا چۆكۈرۈپ ئېلىپ ئىچسە بولىدىغان ئۇيناق سۇلار شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىلا قالدى.

تۇرمۇشىمىزدىكى ھەر بىر شەيئىي ئۇزاق تارىخنىڭ سىرلىق قاتلاملىرىنى ئاشكارىلايدىغان، ئەجدادلارنىڭ كەشپىيات ئۇستۇنلۇكى، ئىقلىملار ئارا مەردانە يۇرۇشلىرىدىن دېرەك بېرىدىغان نازۇك يىپ ئۇچى. ئۇنى يوقىتىش ياكى ئۈزۈپ تاشلاش تارىخنىڭ مۇستەھكەم ئۇگىلىرىنى يەنجىپ تاشلىغانلىق بىلەن باراۋەر.

ئۇيغۇر تېلېۋىزىيىچىلىكىدە ئېتوت بىر قەدەر تېزراۋاجلاندى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىخچام قۇرۇلمىسى

**تەرەققىيات ۋە بىز**

بىلەن كىشىلەر قەلبىدىكى بۇرۇقتۇرما ئىنكاسىنى يۇمۇر ئىچىگە ئالدى. ئوخشىمىغان كەچۈرمىشلىرىنى مازاق قىلىپ، لەززەت تېپىشقا ئادەتلەنگەن خەلقىمىز ئىبتوت ئارقىلىق مەلھەم تېپىشقاندەك بولدى. ئەمما كۆپلىگەن ئىبتوتلاردا مىللىي خاسلىق ۋە مىللىي كەشپىياتتىن دېرەك بېرىدىغان يالدامىلار مەسخىرە ئوبيېكتى قىلىندى. ئىدىيىسى قاتمال، كوناپەرەست كىشىلەرنى ساقال-بۇرۇتلۇق، تون-يەكتەك كىيىۋالغان قىلىپ كۆرسەتتۇق. ئەقلى كەمتۈك، مەتۇ كىشىلەرنى بولسا دوخاۋا دوپپا، بادام دوپپا ياكى شاپاق بۆك، سۆسەر تۇماق كىيگۈزۈپ سەھنىگە ئاچىقتۇق. رومال چېگىدىغان، كەڭ ، ئۇزۇن كۆڭلەك، تامبال كىيىدىغان ئانىلىرىمىز ئاۋات شەھەر سارايلىرىدا كىيىم مودېلىغا گەپ قىلىپ يۈرىدىغان ھاڭۋاقتى قىلىپ تەسۋىرلەندى. مەدەنىيەت بەلگىلەردىن شەكىل تاپىدۇ. دوپپىلاردىكى ھەر بىر گۈل، تۇماقلاردىكى ھەربىر يىڭنە ئىزى سەگەك ئىلىم ئەھلى ئۈچۈن كاتتا لۇغەتتۇر. ئۇ بىزنى ئۆتمۈشتىكى تالاي سەلتەنەتلىك سۇلالىلەرگە باشلاپ بارىدۇ. ئەجىبا، ئۇلار خۇراپاتلىق ۋە ئاسارەتنىڭ ماھىيەتلىك كۆرۈنۈشىمىدۇ؟ دەل ئاشۇ گۈللەر ۋە نۇسخىلار بىز ھازىر چوقۇنىۋاتقان بېرلىنلىقلار ياكى پارىژلىقلارنىڭ مۇزېيلىرىدا ساقلىنىۋاتامدۇ؟

خۇراپاتلىق ۋە قاتماللىق ئۆتمۈشنىڭ بەخشەندىسى ئەمەس. خۇراپاتلىقنىڭ ماھىيىتى دوپپا ياكى ساقال-بۇرۇتتا ئەمەس. لېكىن دوپپىلىق ياكى ساقال-بۇرۇتلۇق ئادەم ئىدارە-ئورگانلارنىڭ ئىشىكباقارلىرىدا نېمە ئۈچۈن شۈبھىلىك تەسىر پەيدا قىلىدۇ؟ بەزى شەھەرلىكلەرنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا ئۇلار سەل-پەل بىنورمال ئادەملەر ، دەپ قارىلىدۇ.

ھۆسەيىنخان تەجەللىي، ئەھمەد زىيائىيلار دەل ئاشۇ ساقال ۋە دوپپىلار بىلەن زېمىنىمىزدىكى قۇتۇپ يۇلتۇزىغا ئايلانغان. ئۇلارنىڭ تەپەككۇرغا ماھىرلىقى يۈرىكىدە ۋە كاللىسىدا بولۇپ، دوپپا بىلەن ساقال ھېچنېمىگە پۇتلاشمىغان. راسا قاملاشتۇرۇپ ياسالغان غەربچە چاچ پاسونلىرى يىگىت-قىزلىرىمىزنى بەربىر غەربچە ئەقلىي يۈكسەكلىككە ئاچىقالمىسا كېرەك.

قارىماققا، بىز غەربچە ۋە شەرقچە تۇرمۇش ئادەتلىرىنى، ئۇلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەھسۇلاتلىرىنى ئىستېمال قىلىمىز، بۇ ئارقىلىق ئۆز رەڭدارلىقىمىزدىن تەمەننا ھېس قىلىمىز، ھەتتا شۆھرەتپەرەستلىك قوندىقىغا قونۇپ، ئاشۇ تۇرمۇش ئەندىزىلىرىنى بەرپا قىلغۇچىلارنىڭ ئالدىدىمۇ كۆز-كۆز قىلىمىز، ئەھۋال ئەنە شۇنداق داۋاملىشىدۇ. بىر چاغلارغا كەلگەندە ئۆزىمىزنىڭ يات قەۋملەرنىڭ قىممەت قارىشى تەرىپىدىن ئىستېمال قىلىنىپ كەتكەنلىكىمىزنى، ئۇلارغا ھەزىم بوپكەتكەنلىكىمىزنى بايقاشقا ئۈلگۈرەلمەي قالىمىز.

ئەقلىي رىقابەتنى ئەستىن چىقىرىپ، نەقلىي رىقابەت (بىخۇد دورامچىلىق) قاينىمىدا چۆكۈپ، لەيلەپ يۈرۈش، بىرقىسىم تەبىقىلەرنىڭ يالتىراپ تۇرغان ئىشرەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ «نۇرانە» مەنزىرە ماغزاپ بەخت سۈپىتىدە ئاددىي پىكىرلىك كىشىلەرنى كۆرەڭلىتىدۇ. كىشىلەر ئۆزلىرىنى باسالمىغان ھالدا بۇ ئاجايىپ مەنزىرىنى «تەرەققىيات» دەپ ئاتايدۇ.

تۇرمۇشىمىزدىكى بۇنداق يۈزلىنىش مېنى «خۇراپاتلىق زادى نېمىدۇ؟» دېگەن ئويغا مەجبۇرلىدى-دە، ئىلكىمدە بار قامۇسلارنى ۋاراقلاپ باقتىم. چۈنكى خۇراپات ھەققىدە ئۆزۈم بىلگەنچە بىر نېمە دېسەم، كىشىلەر ماڭا قايىل بولماسلىقى مۇمكىن. كىشىلەرنىڭ روھىدىكى خۇراپاتقا مايىللىق نوپۇزغا بولغان خاتىرجەم ئېھتىرامنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

«خۇراپات» دېگەن سۆز بىزگە ئەرەب تىلىدىن كىرگەن بولۇپ، رېئاللىق ھەم ماھىيەتكە زىت سۆز-ھەرىكەتنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئۇ دۇنيا قاراشقا قارىتا ئېيتىلسا، ئىنساننىڭ ئەقلى ۋە تەبىئىتىگە ماس بولمىغان مەسلەك ۋە مەزھەپنى كۆرسىتىدۇ.

بىز يەنە باشقا قامۇسلارغا قاراپ باقايلى:

«ئامېرىكا ئىنگلىزچىسى ۋېبستېر لۇغىتى» (ئىنگلىزچە) (چەت ئەل تىللىرى ئوقۇتۇش - تەتقىقات نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1997-يىل) دېگەن كىتابتا «خۇراپات» (Superstition) دېگەن سۆزنى مۇنداق ئىزاھلىغان: «خۇراپاتلىق مەلۇم نەرسىگە قارىتا غەيرىي ئەقلىي ئىشىنىش». تۇرمۇشتىكى ئەقىل ئاجىزلىق قىلىدىغان سېھرىي تەرەپلەردە كىشىدە ئوڭايلا سىرلىقلىق تۇيغۇسى شەكىللىنىدۇ. يۇقىرىقى ئىزاھاتتا ، خۇراپاتنىڭ ئانتروپولوگىيىلىك ھەم پسىخولوگىيىلىك سەۋەبلىرى ئىشارەتلەنگەن.

زەمزەممۇ بىز ئىچىۋاتقان سۇلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ، ئەمما ئۇ مۇقەددەسلىككە ئىگە. ئۇنىڭدىكى مۇقەددەسلىك ئېتىقاد كۈچى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. زەمزەم غەيرىي ئېتىقادتىكى ئادەم ئۈچۈن پەقەت ئۇسسۇزلۇق، خالاس. ئەمما مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش بىلەن بىرگە روھنى ئىخلاسقا دالالەت قىلىدىغان ئامىل سۈپىتىدە ماددىي سۈپەتتىن ھالقىيدۇ.

رېئاللىق ئاران ماددىيلىق بىلەن چەكلەنمەيدۇ. ماددىيلىقتىنمۇ كەڭ بىر دۇنيا بار، ئۇ بولسىمۇ، روھىيەت. ئۇنىڭ ھەقىقىتىگە يېتىش ئۈچۈن رېئال ئىلىملەردىن تاشقىرى ھال ئىلىملىرىمۇ كېتىدۇ. ۋەھالەنكى، ھال ئىلمى رېئال ئىلىملەردىن زىيادە قىيىندۇر.

پەۋقۇلئاددە ياخشى كۆرۈش ئەقىلدىن تاشقىرى بولىدۇ، ئۇ كۆپ ھاللاردا ياخشى كۆرگۈچىدە پەۋقۇلئاددە رومانتىك تۇيغۇ ھاسىل قىلىپ، ئوبيېكتنىڭ سۇبيېكتىپ مەنىسى ئاساسى سالماقنى

ئىگىلەشكە باشلايدۇ. شەيئىنىڭ ئۆزىدە يوق مەنا ئەنە شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئاپىرىدە بولۇشقا باشلايدۇ.

1990-يىلى سەنبىي نەشرىياتىدىن چىققان «بۈيۈك تىل قامۇسى» دا، خۇراپات (迷信) نىڭ مەنىسىنى كۆپ قاتلامدا يەشكەن:

1. خۇراپاتلىق بىلىمسىزلىك تۈپەيلى نامەلۇم ياكى سىرلىق نەرسىلەرگە قارىتا ئورۇنسىز ھالدا پەيدا بولغان ياتسىراش، بىنورمال مايىللىق؛ سېھىرگەرلىك ۋە تەقدىرگە ئىشىنىش، سەۋەب - نەتىجىلىك مۇناسىۋەتكە قارىتا خاتا ئۇقۇمدىن كېلىپ چىققان ئېتىقاد، نوقتىئىينەزەر، پائالىيەت ۋە ئۆرپ-ئادەت قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

2. تەبىئەت ياكى تەبىئەتتىن ھالقىغان ھادىسىلەرگە ياكى تەڭرىگە ئەقىلگە نامۇناسىپ ھالدىكى كەمسىنما پوزىتسىيە.

3. پەرھىز ۋە قائىدىلەرگە ئىشىنىش.

4. تابۇ-پەرھىزگە ھۆرمەت قىلىش.

يۇقىرىقى ئىزاھاتلاردا، ئىشىنىشتە ئەقىلنىڭ پائالىيەتچانلىق رولى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن.

كىشىلەر ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي «تەرەققىيات» دەۋەردى. ۋەھالەنكى، ھەسەل ھەرىسى باقماي تۇرۇپ «ھەسەل» دەۋەرگەنگە، ئېغىز تاتلىق بوپقالمايدۇ، بەلكى شۇ ئېغىزنىڭ ئۆزى قۇرۇپ ھالىدىن كېتىدۇ.

روشەنكى، غەرب پەن-تېخنىكىسىنىڭ گۈللىنىشى ۋە بۇ گۈللىنىش ياراتقان مەئىشەت بىزدە پەن ياكى غەرب خۇراپاتلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ يەردە ئىنكار خۇراپاتلىقى بىرگە مەۋجۇد بولۇپ، غەربچە ئىستېمالغا مەستۇ-مۇستەغرەق بوپكەتكەن كىشىلىرىمىزنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى بارا-بارا پۈچەكلەشتۈرۈپ قويماقتا.

دەرۋەقە، پەن-تېخنىكىنىڭ پەۋقۇلئاددە گۈللىنىشى 20-ئەسىرنىڭ بىر بەلگىسى. بەزىلەر ئېيتقاندەك ، پەن-تېخنىكا تەرەققىي قىلغانسېرى خۇراپات تۈگىشى كېرەك ئىدى، بىراق خۇراپاتلىق ئەدەپ كەتتى. بۇرۇنقى ئادەملەر بىرەر تۈپ دەرەخنى ياكى بىرەر ئۆلىمانى مۇقەددەسلەشتۈرۈپ، ئەقلىنى لال قىلاتتى. ھازىرقى ئادەملەرمۇ ئوخشاشلا كىنو چولپانلىرى ياكى ناخشا، پۇتبول چولپانلىرىغا چوقۇنۇپ، ھوشىدىن كېتىدىغان بولدى ياكى ئىپپەت-نومۇسىنى دوغا تىكىدىغان بولدى.

ھوقۇق ياكى ھوقۇق ئىگىلىرى دەۋرىمىز كىشىلىرى باش ئۇرۇدىغان يېڭى بۇتساتۋاغا ئايلاندى. بۇتپەرەسلىك نۇرغۇن بۇتلارنى ۋە ھەشەمەتلىك ئىبادەتخانىلارنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى، بۈگۈنكى ھوقۇقپەرەسلىك يېڭى بۇتلارنى ئاپىرىدە قىلدى. بۇرۇنقى بۇتلارغا ئاز-تولا ئىسرىق، ھورنان ياكى مېۋە-چېۋە كېتەتتى، ئەمما ئۇلار بەرىبىر يېمەي قوياتتى. ھازىرقى بۇتلارنىڭ يەيدىغان نەرسىلىرىنى پەرەز قىلماقمۇ تەس بوپكەتتى.

ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ پەننىڭ قۇدرىتىگە بولغان ئىشىنىشى ئەقىلدىن ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار پەن ھەممىنى ھەل قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ پەقەت پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانمايدىغان غەيرىي ئەھلىيلەرنىڭ خۇراپاتلىقىدۇر. پەننى خۇراپاتلاشتۇرغانلار دەل غەيرىي پەن ئەھلى بولۇپ، ئۇلار پەن-تېخنىكىنىڭ مەھسۇلى بولمىش ئىلغار قۇرال-ئەسلىھەلەرنىڭ قولايلىقىدىن سۆيۈنۈشنى بىلىدۇ. ئەمما ئىلمىي بايقاشلار جەريانىدىكى مىسلىسىز ئاچچىق تولغاقلارنى ياكى ئېغىر بەدەللەرنى بىۋاسىتە كۆرمىگەن بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئالىملار پەننى ھەممە نەرسىنى ھەل قىلالايدىغان «خۇدا» دەپ قارىمايدۇ.

«پەن بىر نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى ئېيتىپ بېرەلەيدۇ، قانداق بولۇشىنى ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ» (ئېينىشتېين).

«پەننىي بىلىملەر كىشىلىك ھاياتنى مەقسەت بىلەن تەمىنلىيەلمەيدۇ» (كارل ياسپېرس)

تېخنىكا مەسىلەكنىڭ ئۆزى ئەمەس. ئۇ ماددىي رېئاللىقنى ۋاسىتىلاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇچۇن بىرەر مەسىلەك كەتمەيدۇ، بەلكى ئەقىلنى ئىشقا سېلىشقا توغرا كېلىدۇ. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئاتوم قوراللىرى بىلەن ئامېرىكىدىكى ئاتوم قوراللىرى ئوخشاش ئەقلىي پرىنسىپ ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئەمما ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى بىر-بىرىگە زىت ئىككى مەسلەكنى مەقسەت قىلىدۇ. ھەر ئىككى دۆلەتنىڭ مەسلىكىنى قۇرۇپ چىقىش ئىككى دۆلەت سىياسىيئونلىرىنىڭ ئىشى. جۇڭگو، ھىندىستان پاكىستان ئالىملىرى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغا مەسلەكتە بولسىمۇ، ئاتومغا كەلگەندە ئوخشاش ئەقلى پرىنسىپقا رىئايە قىلىدۇ.

روشەنكى، شەيئىي، ھادىسىلەر بىلەن بولغان نامۇۋاپىق ئەقلىي ئارىلىق چۈشىنىشتىكى خۇراپىيلىق تۇمانلىرىنى پەيدا قىلىدۇ.

ئىلمىي تەتقىقات ھاۋاسى بولمىغان يەردە پەن خۇراپىيلىقى باش كۆتىرىدۇ. كىشىلەر نېمىدىن يىراق بولسا، نېمىدىن مەھرۇم بولسا ئۇنىڭغا ئەقىل قاتناشتۇرۇش ئىمكانىيىتى ئوبيېكتىپ تەرزدە ئىشقا ئاشمايدۇ-دە، سىرلىقلىشىش، خىيالىيلىشىش ئەۋج ئېلىپ، «بىلدۇق» دېيىلگەن نەرسە ئەمەلىيەتتە ئەقلىي بولماي قالىدۇ.

ئابدۇلئەھەد ئابدۇلرەشىد بەرقىي ئوتتۇرىغا قويغان زامانىۋى خۇراپاتلىق ئالامەتلىرى «زامانىۋىلىك» نى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي پائالىيىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى تەشنالىقى بىلەن قۇرۇپ چىققان بېكىنمە خەلقنىڭ تۇرمۇش قىياپەتلىرى دېيىش كېرەك.

بۇلار خۇراپاتنىڭ دەل ئۆزى ئەمەس. خۇراپات ئىدىيىدە بولىدۇ. ئابدۇلئەھەد ئابدۇلرەشىد بەرقىي ساناپ ئۆتكەن ئالامەتلەر مۇئەييەن ئىدىيە خۇراپاتلىقىنىڭ مەھسۇلى. ماددىدا خۇراپات

بولمايدۇ. خۇراپات دەل ماددا ھەققىدىكى چۈشەنچىدە، ماددىنىڭ ۋە رېئاللىقنىڭ ئۆزگىرىشلىرىگە قارىتا پوزىتسىيە ھەم سۆز-ھەرىكەتلەردە بولىدۇ.

بىر كىنو ئېسىمدە تۇرۇپتۇ: ئافرىقىدا ئۆزى ياشاۋاتقان رايوندىن چىقىپ باقمىغان بىر قەبىلە ئاق تەنلىكلەر تىك ئۇچاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغىچە تاشلىۋەتكەن گاز سۈيى بوتۇلكىسىنى تېپىۋېلىپ، ئىلاھ بىزگە ئىلتىپات قىلدى، دەپ خۇشال بولۇشۇپ كېتىدۇ ۋە ئۇنى قەبىلە باشلىقىغا تەقدىم قىلىدۇ. كىشىلەر بۇ «مۆجىزە» ئالدىدا مۇقەددەس تەسىراتلارغا كېلىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان باشقا بىر قەبىلە كىشىلىرى بۇ بوتۇلكىنى تالىشىدۇ-دە، ئۇرۇش باشلىنىدۇ. ئۇرۇش ئۇزۇن مۇددەت داۋاملىشىپ، ئەزەلدىن تىنچ ياشاپ كېلىۋاتقان خەلققە زور زىيانلارنى سالىدۇ. بوتۇلكىنى بالايى-ئاپەتنىڭ سەۋەبى، دەپ چۈشەنگەن كىشىلەر بوتۇلكىنى ئاپىرىپ، چوڭقۇر بىر جىلغىغا تاشلىۋېتىدۇ-دە تىنچلىق يەنە ئەسلىگە كېلىدۇ.

بىز بوتۇلكىنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى ئۈستىدە بىر نېمە دېمەي تۇرايلى. بوتۇلكا ئافرىقا قەبىلىلىرى ئۈچۈن ئادەم ياسىغان نەرسە ئەمەس بەلكى ئىلاھىي مۆجىزىگە ئايلانغان.

بىزنىڭ چەت ئەلنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئادەملىرىمىز ناھايىتى ئاز، بەلكى يوق ھېسابتا. ئۇلار چەت ئەلنى تېلېۋىزوردىن كۆرىدۇ. ۋەھالەنكى تېلېۋىزوردىكى چەت ئەلنىڭ نەق ئۆزى ئەمەس بەلكى رېژىسسورنىڭ دىتى بىلەن ئىشلەنگەن سەنئەت ياكى ئاخبارات. شۇڭا، چەت ئەل ناخشا-ئۇسسۇللىرى، چەت ئەل يوسۇنلىرىغا قارىتا خۇراپىي ئەگىشىش كېلىپ چىققان. بىزدە زامانىۋى دۇنيا تاڭغان ئىستېمال ئادەتلىرى بارلىققا كەلدى، لېكىن زامانىۋى ئوي-پىكىرۋە ئىشلەپچىقىرىش بارلىققا كەلمىدى. شۇڭا كىشىلەر «زامانىۋىلىك» نى خۇراپىيلاشتۇرۇپ، يېڭى بىر خۇراپىيلىقنى ياراتتى.

ئەجدادلىرىمىز ئۆزى ئىجاد قىلغان نەرسىلەرنى تۇرمۇشنىڭ ھەربىر بۆلەكلىرىگە ئېلىپ كىرگەن بولسا، بىز باشقىلار ئىجاد قىلغان نەرسىلەرنى خۇراپىيلاشتۇردۇق.

شائىر ئابدۇلئەھەد ئابدۇلرەشىد بەرقىي «زامانىۋى خۇراپاتلىق ۋە ئۇنىڭ ئالامەتلىرى» دېگەن ماقالىسىدە ئۆزگىچە كۆزىتىش پىسخىكىسىنى نامايان قىلغان بولۇپ، كىشىلەر تەرەققىيات، دەپ قارىغۇلارچە ئاتىۋالغان ئالۋۇنلارنى ئۇ مىللىي ئۆزلۈككە ياتىدىغان سوغۇققان نەزەر بىلەن خۇراپىيلىق، دەپ بېكىتتى ۋە ئۇنى شەرھىيلىدى.

ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەمىگە بىزدىن خېلى مۇقەددەم ئۆتكەن مىرزا ئابدۇلقادىر بېدىل (1644 ـ 1721) نىڭ بىر رۇبائىيسىنى تەقدىم قىلىمەن. بۇ مۇتەپەككۇر شائىر بۈگۈننىڭ ئالامەتلىرىنى كۆرگەنمۇ ـ قانداق؟


بۈگۈن ئۆزگىرىشكە ئۇچرىدى زامان،
ھەتتا ئاياللاردا مەردلىك نامايان.
شۇنداق كېتىۋەرسە بالا ئىمىتمەك
ئەركەك زاتىغىمۇ بولىدۇ ئاسان.

بىر خەلق نېمىنىڭ تەرەققىيات ئىكەنلىكىنى ئۆزىنىڭ رېئال تارىخىي رولى بىلەن ئايرىيالايدىغان بولۇشى كېرەك. بۇنداق ئايرىش ئابستراكت بولغان بىر پۈتۈن كوللېكتىپنىڭ ۋەزىپىسى دېمىگەندىمۇ، چوقۇمكى ئۇ ئابدۇلئەھەد ئابدۇلرەشىد بەرقىي، ئەنۋەر سەمەد غەربىي كەبىي تۈيغۇن ياشلىرىمىزنىڭ تەربىدە كامال تېپىپ، كىشىنى تولۇق خۇرسەن قىلىدىغان ئەقلىي ئابىدىگە ئايلىنىشى مۇمكىن.

---

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات پاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى (M2)

بايانات
ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ قانۇن بويىچە جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ!
«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىرلىكى



# زامانىۋى خۇراپاتلىق ۋە ئۇنىڭ ئالامەتلىرى

ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقى

ئېسىمدە قېلىشىچە، نەچچە ئون يىل ئىلگىرى جەمئىيەتتە ھەربىيگە چوقۇنۇش بىرمەزگىل مودا بولغانىدى. ئەڭ گۈزەل قىزلار سۆيگۈ-مۇھەببەتتە ھەربىيلەرنىڭ نەزىرىگە ئىلىنىشنى ئۆز تاللىشى قىلغان، ھەربىيلەرگە ياتلىق بولالىغانلىقىدىن ئۆزلىرىنى بەختلىك قىلىشقانىدى. ھەربىيچە كىيىنىشمۇ مودا ئىدى. كېيىن شوپۇرلار بىردىنلا جەمئىيەتتىكى ھەممە ئادەم چوڭ بىلىدىغان مەنپەئەتلىك شەخسكە ئايلاندى. جاھان-ئالەمنىڭ ئىشى پۇلغا يۆلەنگەندىن كېيىن، سودىگەر - خوجايىنلار، ئەمەلدار-باشلىقلار مودا بولدى. نەچچە يىل ئىلگىرى كىشىلەر تېلېفون تۇتۇپ سۈرەتكە چۈشكەنلىكى، چاقىرغۇ ئاسقانلىقىدىن پەخىرلەنسە، ھازىر يانفونى بارلىقىدىن پەخىرلىنىدىغان بولۇشتى. رېستوران دەۋرى ئاخىرلىشىپ كەچلىك بەزمىخانا، دىسكوخانا دەۋرى باشلاندى. . . تېلېۋىزور ئومۇملاشماستا كىتابتىن باش كۆتۈرمەيدىغان ياشلار ھازىر كومپيۇتېر ئالدىدىن كېتەلمەيدىغان بوپقالدى. . .

ئاجايىپ بىر دەۋردە ياشىماقتىمىز. ئادەملەر ئۇچۇرنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلانغان. ھەرخىل ئىدىيىلەر زامانىۋى ۋاستىلەر - گېزىت، تېلېۋىزور، كومپيۇتېر ئارقىلىق مېڭىمىزدىن ئورۇن ئېلىش ھەلەكچىلىكىدە. بىزمۇ نېمىلەرنىدۇ ئاقلاش، قانداقتۇر بىر ئىدىيىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش، ئۆزىمىزنى ئىپادىلەش، كىملەرگىدۇ تاقابىل تۇرۇش. . . ئۈچۈن ئالدىراش.

جەمئىيەتمۇ شۇنچىلىك ئالدىراش. تۈنۈگۈنكى نەرسىلەر بۈگۈن يوق. تۈنۈگۈنكى يېڭى ئىدىيە بۈگۈن ۋاقتى ئۆتكەن كونا گەپكە ئايلىنىپ قالغان. . . تۈنۈگۈن خاتا دېيىلگەن نەرسىلەر بۈگۈن تۇيۇقسىز توغرا بولۇپ چىققان. دەۋر ئادەملەردىن ھوشيارلىق، چىدام، جەسۇرلۇق تەلەپ قىلماقتا. . .

تەرەققىيات دەۋرنىڭ ئەڭ زور چۇقانى. جەمئىيەتنىڭ ھەر يىللىق تەرەققىياتىنى پىرسەنتلەشتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ زامانىۋىلىق تەقەززاسىدىن چاك-چاك بوپكەتكەن نەزىرىگە تاشلاش، دۇنيا يۈكسەك دەرىجىدە ماددىي تۈس ئېلىۋاتقان بۈگۈنكى جەمئىيەتتىكى يېڭى ئىجتىمائىي ھادىسە. تەرەققىيات ۋە زامانىۋىلىق ئىنسانلار تۇرمۇشىغا نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى ئەپكەلدى. لېكىن دۇنيادىكى مىللەتلەر تەپەككۇر قۇرۇلمىسى ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، ئىجتىمائىي ئورنى ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن، بۇ يېڭىلىقلارنى ھەرخىل ھەزىم قىلدى. بەزى مىللەتلەردە ئاجىز تەنگە كۈچلۈك دورا، ئاجىز ئاشقازانغا قۇۋۋەتلىك تائام زىيان قىلغاندەك، تەرەققىيات ۋە زامانىۋىلىق ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىنىڭ يېڭى پىشاڭىغا ئايلانماي، بەلكى ئۇلارنىڭ تەپەككۇر قۇرۇلمىسى ۋە روھىنى تۈرلۈك ئىجتىمائىي كېسەللەرگە گىرىپتار قىلدى. ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ ئەڭ ئېسىل ھاسىلاتلىرى - پەن-تېخنىكا مۆجىزىلىرى خۇراپاتلىقنىڭ زامانىۋى شەكىللىرىگە ئايلىنىپ، ئىممۇنىتېت كۈچى ئاجىز، تارىخىي جەھەتتە قېرى،

زامانىۋىيلىق جەھەتتە گۆدەك مىللەت ۋە خەلقلەرنىڭ تەپەككۇر ۋە تەرەققىياتىنى چەكلەيدىغان كىشەن بوپقالدى. ھەتتا500 نەچچە يىل دۇنيانىڭ ئىلغار تەرەققىياتىنىڭ ئوربىتىسىدىن ئايلىنىپ، ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز بېكىنمە ھالەتتىكى ياشاش، نادانلىق شۇنداق مىللەتلەرنىڭ بىرى بولغان ئۇيغۇرلارنى دۇنيانىڭ يېڭى تەرەققىيات مۆجىزىلىرى ئالدىدا خۇدۇكسىرەيدىغان، گاڭگىرايدىغان ھالغا ئەكېلىپ قويدى. ئىلىم-پەن يېڭىلىقلىرى ئۇلارنى خۇراپاتلىقنىڭ پاتقىقىغا پاتۇرۇپ قويدى.

خۇراپات دېگەن ئۇقۇم قاچان، قەيەردە بارلىققا كەلگەن؟ بۇ ھەقتە ئېنىق مەلۇمات يوق. لېكىن خۇراپاتلىقنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىن تەپەككۇرىمىزغا ياندىشقانلىقى مەلۇم. تارىختىن بۇيان خۇراپاتلىق ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ئەگىشىپ، ھەرخىل تۈس ئېلىپ تۇردى. لېكىن ئۇنىڭ شەكلى ئۆزگەرگەن بىلەن ماھىيىتى ئۆزگەرمىدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا ھەرخىل تەبىرلەرنى بەردى. «پەنگە قارشى، ئىلمىي ئاساسى يوق، مەلۇم نەرسىنىڭ رولىنى ھەددىدىن ئارتۇق كۆپتۈرۈش، ارىغۇلارچە ئىشىنىش» خۇراپات ئۇقۇمىغا بېرىلگەن بىرنىڭ جەۋھىرى بولدى.

ئۆتمۈشتە كىشىلەر ئىلىم-پەننىڭ يۈكسەك ،رەققىياتى تۇرمۇشىمىزدىكى نۇرغۇن سىرلارنى ئېچىپ، خۇراپاتلىققا خاتىمە بېرىدۇ، دەپ قاراشقانىدى. لېكىن خۇراپاتلىقنىڭ ئىلىم-پەن يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، دۇنيا بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىگە كىرگەن بۈگۈنكى زاماندىمۇ يېڭىچە شەكىلدە مەۋجۇد بولۇپ، ھاياتىي كۈچىنى يوقاتماسلىقى ،بۇ خىل قاراشنىڭ ئىلمىي ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىدى. ھەقىقەتەن تارىختىكى نۇرغۇن خۇراپات ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدا يوقالغانىدى. لېكىن بىرخىل كونا خۇراپات يوقالسا زىيىنى چوڭراق يېڭى خۇراپات پەيدا بولدى. ئىجتىمائىي تەرەققىيات كونا-يېڭى خۇراپاتنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇش جەريانى بوپقالدى.

خۇراپات سۆزىنىڭ خەنزۇچىسى 迷信 دەپ يېزىلىدۇ. بىز بۇ سۆزنى زاغرا تىل بىلەن تەرجىمە قىلساق، قارىغۇلارچە ئىشىنىش، ئازغۇن ئېتىقاد دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. خۇراپات دېگەن سۆزنىڭ مىللىتىمىزدىكى ئىستېمال مەنىسى بىلەن خەنزۇلاردىكى ئىستېمال مەنىسىنى بىرلەشتۈرۈپ قارىساق، خۇراپاتنىڭ بىرخىل ئازغۇن ئېتىقاد، خاتا ئىشەنچ جەريانى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئادەم تەن ۋە روھتىن ئۈزە بولغان بىر مەۋجۇدلۇق. تەننىڭ ئوزۇقى تاماق، روھمۇ ئۆزىگە خاس« تاماق» قا موھتاج. روھ بىرخىل پسىخىك مەۋجۇدلۇق بولۇپ، ئېتىقاد، غايە، دۇنيا قاراش، ئىشەنچ ئۇنىڭ ئوزۇقىدۇر. خۇراپاتلىقمۇ بىرخىل ئىشەنچ جەريانى بولغاچقا، ئىنسان پسىخىكىسى ياكى روھى ئۇنىڭدىن مەلۇم تەسەللىيگە ئېرىشىدۇ. دېمەك، روھتىكى بۇ خىل ئېھتىياج خۇراپاتلىقنى زېمىن بىلەن تەمىنلەيدۇ. روھىمىز ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ تاراشلىنىشى جەريانىدا تاۋلاشقان جەمئىيەتتىكى ئېلان تۇسىنى ئالغان ھەر خىل ئۇچۇرلارنى قوبۇل قىلىپ، مەلۇم شەيئىنىڭ رولىنى ئۆز مەۋجۇدلۇقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن تۈۋرۈك بولالايدىكەن، دېگەن قاراشقا كېلىدۇ. لېكىن روھتىكى تارىخىي قېرىلىق بىلەن زامانىۋى گۆدەكلىك بەزى قاراشلارنى بىلىپ-بىلمەي مۇبالىغە قىلىپ، خۇراپات دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ تاشلايدۇ. بۇ جەريان خۇددى بەزى نادان كىشىلەرنىڭ كېسەلدىن تېز ساقىيىپ كېتىمەن، دەپ دورىنى دوختۇر بۇيرۇغان مىقداردىن ھەسسىلەپ ئارتۇق يەۋېلىپ، كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەن جەرياندا قىلغان تەپەككۇرىغا ئوخشايدۇ.

زامانىۋى خۇراپاتلىقنىڭ زىيىنى دەل مۇشۇ خىلدىكى زىياندۇر. بۇ خىل زىيان مىللەتنىڭ تەپەككۇرىنى تويۇق يولغا باشلاپ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى بوغۇشلايدۇ. ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان كۆپ قېتىم دىنىي ئېتىقاد يەڭگۈشلىگەن، روھ ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەرگە مايىل خەلق بولغاچقا، خۇراپاتتىن ئىبارەت روھ ھادىسىسىمۇ ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگۈچى بىر مۇھىم ئامىل سۈپىتىدە ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلدى. گەرچە بەزىدە خۇراپات مىللىي مەدەنىيەتكە سىڭىشىپ ئۇنىڭغا جۇلا ۋە سىرلىقلىق بەخش ئەتكەن بولسىمۇ، كۆپ ھاللاردا مىللىي ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا پۇتلىكاشاڭ بولۇش رولىنى ئويناپ كەلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، مىللىتىمىزنىڭ روھىغا سىڭىپ كەتكەن ،ياۋروپاغا ئوخشاش ئوتتۇرا ئەسىر دىنىي مەرپەت ئويغىنىشى ۋە سانائەتلىشىش دەۋرىنى باشتىن كەچۈرمەي ھەم يېقىنقى زاماندىكى ئىلىم-پەننىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىياتىنى ئۆز ۋۇجۇدىدا تەجرىبە ـ سىناق قىلىپ كۆرمەي زامانىۋى ئۇچۇر ـ ئېلېكترون دەۋرىگە سەكرەش تۇيەيلىدىن كېلىپ چىققان مىجەزدىكى تارىخىي قېرىلىق ۋە زامانىۋى گۆدەكلىك ئۇچۇر ـ ئېلېكترون دەۋرىدە يەنە يېڭى زامانىۋى خۇراپاتلىقنىڭ مۇنبەت ئېتىزىغا ئايلىنىپ، يېڭى شەكىل ۋە يېڭى ئۇسۇل بىلەن تەپەككۇرىمىزنى زەنجىرلەشكە كىرىشتى. پەن-تېخنىكا يېڭىلىقلىرىنىڭ تۇرمۇشتىكى رولىنى مۇبالىغە قىلىش، ئۆلۈك ھالدا ئۆز تەقدىرىنى ئۇلارغا تاپشۇرۇش ،چوقۇنۇش خۇراپاتلىقنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى ئەڭ يېڭى شەكلى بوپقالدى. «بىزنىڭچە، خۇراپات بولسا، كىشىلەرنىڭ ئۆز تەقدىرى، ئامەت-تەلىيىگە قارىتا تۇتۇدىغان غەيرىي ئەقلىي ئېتىقاد پوزىتسىيىسى ۋە ھەرىكىتىدۇر. خۇراپات، ماھىيەتتە تەقدىرگە بولغان بىرخىل ئېتىقاد بولۇپ، خۇراپاتلىقنىڭ ئوبيېكتى، مەنىسى، نەتىجىسى ۋە ئادەملەرنىڭ تەقدىرى ئۆزگىرىشچان، ئالدىن تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان نەرسە بولغاچقا، ئەقلىيلىك (خۇسۇسەن پەن) بۇ نۇقتىدا دائىم رول ئوينىيالمايدۇ. ئەكسىچە غەيرىي ئەقلىي خۇراپات ئەقلىيلىكنىڭ كەمچىلىكىنى تولۇقلاپ، كىشىلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى مەلۇم دەرىجىدە ئالدىن بىلىشىگە، ياخشىلىقنى قولغا كەلتۈرۈپ پالاكەتچىلىكتىن ساقلىنىشىغا ياردەم بېرەلەيدۇ.

ئەلۋەتتە، ئەنئەنىۋى فولكلور ئىلمىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى سانالغان خوراپات دەۋرلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ تۈپ مەنىسىدە قىسمەن ئۆزگىرىشلەر بولۇشى، دەۋر تەلىپىگە يارىشا ئوخشىمىغان شەكىللەرگە ئىگە بولۇشى، ھەتتا كونكرېت پائالىيەت شەكىللىرىدە تۈپتىن يېڭىلىنىشلار بولۇشى مۇمكىن» دەيدۇ شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ياش ئوقۇتقۇچىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ 1998-يىللىق دوكتور ئاسپىرانتى، فولكلور پەنلىرى بويىچە ياش ئالىم ئەنۋەر سەمەد غەربىي .

بىز بۇ ماقالىدە ئىجتىمائىي رېئاللىقىمىزدا مەۋجۇد بولۇۋاتقان خوراپاتلىقنىڭ دەۋرىمىزدىكى يېڭىچە ئالامەتلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىمىز.

## 1. كىتاب خوراپاتلىقى

كىتاب خوراپاتلىقى كىتابقا چوقۇنۇش، ھەممە مەسىلىنىڭ جاۋابىنى كىتابتىن ئىزدەش، كىتابىي بىلىملەردىن گۇمانلىنىشقا پېتىنالماسلىق، تەپەككۇرى كىتابتىن ئىبارەت قېلىپقا سولىنىپ قېلىش خاھىشىنى كۆرسىتىدۇ. كىتاب ھەقىقەتەن بىر بىلىم خەزىنىسى. ئۇنىڭ كەشىپ قىلىنىشى يېزىق، قەغەز، مەتبەئەگە ئوخشاش بىر مۆجىزە. ھازىر دۇنيادا بىر دۆلەت ئاھالىسىنىڭ كىتاب ئوقۇش نىسبىتىنىڭ ئاز-كۆپلۈكى شۇ دۆلەت ئاھالىسىنىڭ ساپاسىنى ئۆلچەشتىكى مۇھىم ئۆلچەم. ستاتىستىكىلاردىن قارىغاندا، ھازىرقى دۇنيادىكى تەرەققىيات سەۋىيىسى ئەڭ يۇقىرى دۆلەتلەر كىتاب ئىستېمالى ئەڭ يۇقىرى دۆلەتلەردۇر. دۇنيادىكى تۇنجى كىتابنىڭ قاچان، قەيەردە بارلىققا كەلگەنلىكى مەلۇم ئەمەس. لېكىن نۇرغۇن مىللەت - دۆلەتلەر - مىسىرلىقلار، جۇڭگولۇقلار، يەھۇدىيلار، سۈرىيىلىكلەر تارىختىكى تۇنجى كىتابنى ئەجدادلىرىمىز بارلىققا كەلتۈرگەن ، دەپ پاكىت قويۇپ ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ ئەزەلدىن ئۈستۈن ۋە ئەۋزەل ، يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە مەدەنىيەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولۇشىدۇ. كىتاب بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرى يىللار - ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى ئىنسانىيەتنىڭ خاتىرىسىنى غۇۋالاشتۇرۇپ، تالاي ئەقىل دۇردانىلىرى غايىب بولغانىدى. كىتابنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىنسانىيەتنى ئەقىل - پاراسىتىنى ساقلايدىغان خەزىنىگە ئىگە قىلدى، تارىخ بۇ خەزىنىنى بېيىتىپ باردى. تارىخنىڭ ھەرخىل قاتلاملىرىدا بارلىققا كەلگەن مۇتەپەككۇر - ئالىملارنىڭ ئەقىل -پاراسىتىدىن بۇ خەزىنە تېخىمۇ زورىيىپ، تولۇقلىنىپ نۇرلاندى. كىتاب يەنە ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈننى ئۇلايدىغان، بۈگۈننى ئۆتمۈشكە تۇتاشتۇرىدىغان كۆۋرۈك، ئەجدادلار بىلەن ئەۋلادلارنى پىكىر ئالماشتۇرۇش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىنلەيدىغان سۆھبەت سورۇنىدۇر. تارىختا كىتاب ھەققىدە ئاجايىب بۈيۈك تەرىپلار بولۇنغان. ئارگېنتىنا يازغۇچىسى بورگىس: «كىتاب ئىنسانىيەتنىڭ خاتىرىسى ۋە تەسەۋۋۇرىنىڭ ئۆزۈرىشىدۇر» دېسە، جامالىددىن ئافغانىي: «ئاللا ئىنسانلارنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن ئىككى كىتاب ئەۋەتتى، بىرى《 قۇرئان كەرىم 》، بىرى تەبىئەت. لېكىن بۇ ئىككى كىتابنىڭ مەزمۇنى بىر-بىرىگە زىت ئەمەس، بەلكى بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ» دېگەنىدى. ئادەملەر كىتابنى يەنە خەزىنىگە ئوخشاتقان. قەدىمكى مىسىرنىڭ كىتاب زاپىسى بىقىياس كۆپ بولۇپ، ئىسكەندىرىيە كۇتۇپخانىسىغا ئوت كەتكەندە كىشىلەر ئىنسانىيەتنىڭ خاتىرىسى كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىدىغان بولدى، دېگەندە ئىمپېراتور قەيسەر: «مەيلى، كۆيۈۋەرسۇن، بۇ كىتابلاردىكىنىڭ ھەممىسى جۆيلۈش» دېگەنىدى. بىزدە: «كىتاب - بىلىم بۇلىقى» دەيدىغان ھېكمەتمۇ بار. كىتاب ھەققىدە يەنە تالاي ھېكمەتلىك تەرىپاتلارنى مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن. ئۇنداقتا ئىنسانىيەت تۇرمۇشىدا شۇنداق مۇھىم رول ئويناۋاتقان كىتابقا چوقۇنۇشنى نېمە ئۈچۈن خوراپاتلىق ، دەپ قارايمىز؟

ئىلىم-پەننىڭ يۈكسەك تەرەققىياتى ، مائارىپنىڭ ئۇنىۋېرساللىشىشى ۋە يۈكسەك دەرىجىدە مۇنتىزىملىشىشى، مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ غايەت زور تەرەققىياتى ئىنسانىيەتنى كىتاب بىلەن چەمبەرچەس باغلىدى. كىتاب بىزنىڭ كۆز، قۇلاق، قولىمىزغا ئايلاندى.

ئۇچۇر تېخنىكىسىدىكى بۆسۈش ، ئىقتىسادنىڭ يەرشارىلىشىشى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ۋە جۇغراپىيە چېگرىلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، يەرشارى مەنتىقە جەھەتتىن كىچىكلەپ بىر كىچىك كەنت ھالىتىگە كەپقالدى. كىتابنىڭ ئىنساننىڭ دۇنيانى تونۇش ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش جەريانىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان قوراللىق خاراكتېرى مىسلىسىز كۈچەيدى. كىتابنى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاپ، سەگەك تەپەككۇر بىلەن چىن مەنىسىنى چۈشىنىپ ئوقۇيدىغان مىللەتلەر تەرەققىي قىلىپ، ئۆز تەقدىرىنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى. يۈكسەك قەدىمىي مەدەنىيەتكە، مەرىپەت ئېڭىغا ئىگە ئۇيغۇرلاردىكى كىتابنى ئۇلۇغلاش (كىتابنى ئۇلۇغلاش مەدەنىيەتلىك، مەرىپەتلىك مىللەتلەردىكى بىر يۈكسەك ئاڭ) تۇيغۇسى بىلەن، كىتابنىڭ زامانىۋىيلىقتىكى بارغانسېرى مۇھىملىشىۋاتقان يېڭى رولى بىرلىشىپ، بىزدە كىتاب ھەققىدە يېڭى تونۇش پەيدا قىلدى. لېكىن زامانىۋى تەپەككۇردىكى گۆدەكلىك ۋە بېكىنمە خاراكتېر تۈپەيلىدىن كىتابقا بولغان بۇ خىل پايدىلىق تونۇش ئوڭايلا كىتاب خوراپاتلىقىغا ئورۇن بوشاتتى. مىللەتنىڭ مۇتەپەككۇرلىرى رېئال مەسىلىلەرگە رېئاللىقتىن، ئۆز تەپەككۇرىدىكى جاۋاھىرلارنىڭ يورۇتىشىدىن جاۋاب ئىزدىمەي، كىتابتىن جاۋاب ئىزدەش، كىتابتا جاۋابى يوق مەسىلىلەر بىلەن كارى بولماسلىق، كىتابنى ھەممىگە قادىر ئەڭگۈشتەر ھېسابلاشتەك تۈيۈق يولغا كىرىپ قالدى. كىتابقا بېرىلگەن تەبىرلەردىكى ئىجابىي ئامىللارنىڭ كۆپلۈكى، كىتابقا بولغان تونۇشىمىزدىكى بىر تەرەپلىمىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، كىتابنىڭ يەنە بىر تەرىپى بولغان ، كىتابنىڭ ئىجابىي ئىدىيە،

ئىجابىي بىلىم تارقىتىشتىن باشقا زەھەرلىك ئىدىيە، سەلبىي بىلىم تارقىتىش رولىغا سەل قارالدى. زامانىمىزنىڭ قانداقتۇر بىر ئۇلۇغى «دۇنيادا خاتا ئىدىيە يوق، ئۇخشىمىغان كۆز قاراش مەۋجۇد» دېگەنىكەن. بۇ قاراش كىتابنىڭ خاراكتېرىگە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان بىر سۆپەتتۇر. كۈندۈزنىڭ كېچىسى، تۇغۇمنىڭ ئۆلۈمىكى بولغاندەك، ھەرقانداق بىر كىتابتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ئىدىيە، تۇرمۇش كۆز قاراشلىرى، ھەرخىل بىلىملەر ئىنسانىيەت ئۈچۈن پۈتۈنلەي پايدىلىق ياكى پۈتۈنلەي زىيانلىق بوپكېتىشى ناتايىن. كىتاب ـ يازغۇچىنىڭ مەھسۇلاتى. يازغۇچىمۇ بىر ئادەم. ئۇ ئادەم بولۇش سۈپىتىدە مەلۇم بىر مەدەنىيەت قارىشىغا ، ئۆزىگە خاس قىممەت ئەنئەنىسىگە ئىگە مەلۇم توپنىڭ ياكى مىللەت ـ دۆلەتنىڭ ئادىمى، شۇنداقلا مەلۇم دەۋر، مەلۇم ئىدېئولوگىيىنىڭ ئادىمى. ئۇنىڭ يازغان كىتابى مەيلى قانچىلىك ياخشى بوپكەتسۇن ھامان چەكلىمىلىككە ، بىرتەرەپلىمىلىككە ئىگە. دۇنيادا خاراكتېر جەھەتتىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان ھەرخىل دەۋر، ئىدېئولوگىيىلەرنىڭ مەۋجۇدلۇقى قىل سىغماس پاكىت. كىتاب ئۆلۈك نەرسە. تەپەككۇر كىتاب قۇرىدىن ئۇرۇن ئالغاندىن كېيىن ئۆلۈك نەرسىگە ئايلىنىدۇ، يېڭى بىر تەپەككۇر ئىگىسىنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچراشمىغۇچە تىرىلمەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ، ھەرقانداق كىتاب ئاپتور ۋە ئاپتور ۋەكىللىك قىلغان ئادەملەر توپىنىڭ قارىشى ـ مەقسىتىدىن خالىي ئەمەس. لېكىن كىتابنىڭ بۇخىل ئالاھىدىلىكىدىن چۆچۈپ مەلۇم كىتابلارنى تارقىتىپ، مەلۇم كىتابلارنى چەكلەشنىڭ ھاجىتى يوق. گەرچە بەزى دۆلەتلەردە سىياسىئونلار ھەقىقەتەن شۇنداق ۋاستىلارنى قوللىنىپ، ئۆز ئىدىيىسى ۋە مەنپەئىتىگە زىت كېلىدىغان كىتابلارنى چەكلەپ، تىزگىنلەپ باققان بولسىمۇ، كېيىنكى ئەمەلىيەت ئۇلارنىڭ مەغلۇب بولغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ھازىرقىدەك ئېچىۋېتىلگەن، ئۇچۇرلاشقان، يۈكسەك دەرىجىدىكى دېموكراتىيە ئىنسانلارنىڭ ئورتاق شوئارىغا ئايلانغان چاغدا كىتابلارغا چەك بېكىتىپ بېرىش شىددەتلىك زور كەلكۈننى قۇمتوغان بىلەن توسماقچى بولغاندەك ئەخمىقانىلىقتۇر، خالاس. تەپەككۇردىكى سەكرەش، سىياسىي تەپەككۇردىكى سەكرەشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى مۇقەررەر. سىياسىي رېئاللىقتىكى ئۆزگىرىش مەلۇم ۋاستىلەرنىڭ سىقىپ چىقىرىلغانلىقىنى كۆرسەتكەندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە شۇ ۋاستىلەرنىڭ ماھىيەت جەھەتتە ئۆزگەرمەي شەكىل جەھەتتىن ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، كىتابمۇ بىر ۋاستە. ھەرخىل گۇرۇھلارنىڭ مەقسىتى كىتاب كەينىگە يوشۇرۇنغان. شۇڭا كىمدۇر بىرى: «مەن كىتاب ئوقۇغاندا خەتنىڭ ئۆزىنى ئەمەس، قۇرلار ئارىلىقىنى ئوقۇيمەن» دېگەنىكەن. ئاددىي تەپەككۇر بىلەن ئېيتقاندا، قۇرلار ئارىلىقىدا ھېچنېمە يوق، ئۇنى ئوقۇش مۇمكىن ئەمەس. چوڭقۇرراق ئويلىساق، بۇنداق قىلىش تامامەن مۇمكىن. شۇ چاغدا بۇ كىتاب ئوقۇشتىكى ئىنتايىن جانلىق ئۇسۇل بولۇپ چىقىدۇ. بۇ يەردىكى قۇرلار ئارىلىقىنى ئوقۇش ماھىيەتتە قۇرلارنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان مۇددىئا ـ مەقسەتنى ئوقۇشتۇر. قىسقىسى، ھەرقانداق بىر كىتابتا مۇددىئا بار. بۇ مۇددىئا كىتاب ئاپتورىنىڭ، ئاپتور مەنسۇپ بولغان جەمئىيەت ۋە دەۋرنىڭ، گۇرۇھ، ھۆكۈمەتنىڭ مۇددىئاسى بولۇشى مۇمكىن. دېمەك، كىتاب ئوقۇش بىر بىلىم، كىتابنى تاللاپ، چۈشىنىپ ئوقۇماي قارىغۇلارچە ئوقۇش، ھەممە ھەقىقەتنى كىتابتىن ئىزدەش خۇراپاتلىقتۇر. كىتاب بىر ئەينەك، لېكىن ئەڭگۈشتەر ئەمەس. كىتاب ئوقۇش، ئوقۇغاندىمۇ قەدىرلەپ ئوقۇش كېرەك. لېكىن چۈشىنىپ تۇرۇپ، كىتابنىڭ ئۆزىمىزدەك ئادەم تەرىپىدىن يېزىلغانلىقىنى ئەقىل بىلەن ئويلاپ، سوئال قويۇپ تۇرۇپ ئوقۇش كېرەك. ياپونىيە ئالىمى گاۋچياۋشېنىمۇ «مېڭىنى يۇيۇش» دېگەن كىتابىدا: « مېڭىنى يۇيۇش ـ مېڭىدىكى ئىدىيىنى پاكىز يۇيۇپ تاشلاپ، يېڭى ئىدىيە قاچىلاپ ئىنسانىنى ئۆزگەرتىش، دېمەكتۇر. مېڭىنى يۇيۇشنىڭ مەقسىتى ئادەمنىڭ ئىدىيە، ھېسسىيات، ھەرىكىتىنى كونترول قىلىپ، ئادەمنى مېڭە يۇغۇچىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇندۇرۇشتۇر. ھەممە ئادەمنىڭ مېڭىسى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا باشقىلار تەرىپىدىن يۇيۇلىۋاتقان بولىدۇ. ماھىيەتتە ھاكىمىيەتمۇ، ھەرخىل سىياسىي گۇرۇھلارمۇ، سودا شىركەتلىرىمۇ مېڭە يۇيۇش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلاردۇر» دەپ يازىدۇ ۋە كىتابنى مېڭە يۇيۇشنىڭ ئۈنۈملۈك بىر قورالى سۈپىتىدە تىلغا ئالىدۇ. كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق يېڭى ئىدىيىلەرنى مېڭىگە قاچىلاش مۇمكىن، لېكىن قايسى ئىدىيە يېڭى ۋە ئىلغار، قايسى ئىدىيە كونا ۋە زەھەرلىك، قايسى قاراش بىزنىڭ رېئاللىقىمىزغا ماس كېلىدۇ؟ بۇنى ئايرىش ئۈچۈن تەپەككۇر قىلىش كېرەك. كىتاب ئارقىلىق ئىدىيە قوبۇل قىلىش ـ ماھىيەتتە باشقا ئىدىيە تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇش جەريانىدۇر. كىتابنىڭ بۇ خىل خاراكتېرىنى چۈشىنىپ تۇرۇپ كىتاب ئوقۇغاندا، ئاندىن كىتابقا چوقۇنۇش ـ كىتاب خۇراپاتلىقىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ ۋە كىتابتىكى ئىدىيە بىزنى بويسۇندۇرماي، بىزنىڭ ئىدىيىمىزنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىدۇ.

## 2. مائارىپ ـ بىلىم خۇراپاتلىقى

مائارىپ ۋە ئالىي مەكتەپنى خۇراپاتلىق سۈپىتىدە تىلغا ئېلىش نۇرغۇن ئادەمنى چۆچۈتىشى مۇمكىن. لېكىن بۇ خىل خۇراپاتلىق رېئاللىقىمىزدا مەۋجۇد ۋە بىزنىڭ ئىدىيىمىزگە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. مائارىپنىڭ رولىنى ھەددىدىن زىيادە كۆپتۈرۈۋېتىش ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىنسان تەقدىرىدە ئوينايدىغان رولىنى مۇبالىغە قىلىش، مائارىپ ۋە ئالىي مەكتەپلەرنى ئۆلۈك ھالدا قۇتقۇزغۇچى سۈپىتىدە كۆرۈش دەل مائارىپ ۋە ئالىي مەكتەپ خۇراپاتلىقىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىدۇر.

مائارىپ ھەقىقەتەن بىر ئادەم، بىر مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان ئامىل. مەن ھەرگىز بۇ ماقالىدا مائارىپنىڭ رولىنى سەل چاغلىماقچى ياكى مائارىپنى ئىنكار قىلماقچى ئەمەس بەلكى مائارىپ ۋە بىلىم ھەققىدىكى بىر تەرەپلىمە قاراشلار ھەققىدىكى گۇمانىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچى. ھەرقانداق مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ مىللىيەتلىكى، ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت تەپەككۇر ئادىتى، غايىسى بولىدۇ. مىللەت ئەزالىرىنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان ئىجتىمائىي ئامىل مائارىپمۇ مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى، ئورنى، تەرەققىيات تەلپىگە ئاساسەن ئۆز پروگراممىسى، تەرەققىيات يولى، نىشانىغا ئىگە بولىدۇ. مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئېھتىياجى مائارىپنىڭ قۇرۇلمىسى، مەزمۇنىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. پۈتكۈل دۇنيادىكى مائارىپ دېگەن سۆزنىڭ كۆرسىتىدىغان مەزمۇنى ئوخشاش بولغان بىلەن مائارىپنىڭ شەكلى، تەلپى، غايىسى، پروگراممىسى ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن، جۇڭگونىڭ مائارىپ پروگراممىسىنىڭ مەقسىتى «تەربىيىلەنگۈچىلەرنى ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتلەردىن تەڭ يېتىلگەن سوتسىيالىستىك ئاڭغا ئىگە مەدەنىيەتلىك ئەمگەكچىلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت». دېمەك ھەرقانداق مائارىپنىڭ ئادەم تەربىيىلەشتە ئۆزىگە خاس مەقسىتى بار. لېكىن مائارىپنىڭ ئۆزىگە خاس چەكلىنىدىغان يەرلىرىمۇ بار. مەسىلەن، مائارىپ ئۆز قۇرۇلمىسىدىكى ئەھۋالىغا كۆرە ھەرخىل سەۋەبلەر، ئىلغارلىقى ۋە ياكى قالاقلىقى تۈپەيلىدىن ھەممە ئادەمنى ساپالىق قىلىپ تەربىيىلەپ چىقالمايدۇ، ياكى تەربىيىلىگەن ئەڭ ساپالىق ئادەملىرىمۇ باشقا بىر مىللەت ياكى دۆلەت مائارىپى تەربىيىلىگەن ئوتتۇرا ساپالىق ئادەملەرنىڭ ساپاسى بىلەن تەڭلىشەلمەسلىكى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا، مائارىپمۇ ئۆزلۈكسىز ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش جەريانىدۇر. ئۇ، ئادەمنى تەربىيىلەيدۇ، ئادەملەرمۇ مائارىپنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، تېخىمۇ سۈپەتلىك قۇرۇلما قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا تىرىشىدۇ. مىللىتىمىز تارىختا مائارىپنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى تۈرتكىلىك رولىنى چۈشەنگەن، مەرىپەتپەرلىك ئەنئەنىسىگە ئىگە بىر مىللەت. گېرمانىيىلىك بىر ئاقىل ئېيتقانىدەك: «ئۇرۇشتا مەغلۇپ مىللەت قايتا قەد كۆتۈرۈشى مۇمكىن، مائارىپتا مەغلۇپ بولغان مىللەت مەڭگۈ قەد كۆتۈرەلمەيدۇ» دېگەن ھېكمەتنى ئېتىراپ قىلساقمۇ ۋە بۇ ھەقتە تالاي-تالاي ئاچچىق ساۋاقلىرىمىز تولۇپ ياتسىمۇ، لېكىن بىزدىكى مائارىپ خۇراپاتلىقى يۇقىرىقى ھېكمەتنى بەكمۇ چۈشقۇر تونۇپ يەتكەنلىكىمىزدىن بولماستىن، بەلكى ئۆزۈن بىر مەزگىل ھۆكۈم سۈرگەن پىلانلىق ئىگىلىك سىياسىتى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان، پەرزەنتلىرى ئوقۇۋاتقان مائارىپنىڭ پروگراممىسى، خاراكتېرى، نىشانىنى تولۇق چۈشەنمەي تۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ «تۆمۈر دەپتىرى»گە كىرگۈزۈلۈشىنى ئەڭ ئاخىرقى غايە قىلىپ تۇرۇپ، ئەۋلادلارنىڭ بارلىق تەقدىرىنى مائارىپتىن ئىبارەت دوغا تىكىپ، تەپەككۇر قىلىشتىن پەيدا بولىۋاتىدۇ. بۇنداق كۆز قاراشتا ئەۋلادلار تەربىيىسى پەقەت مائارىپنىڭ ۋەزىپىسى بوپقېلىپ، ئائىلە ۋە جەمئىيەتنىڭ رولىغا سەل قارىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنىڭ تەربىيىلىنىشىدىكى مەغلۇبىيەت ۋە مۇۋەپپەقىيىتىنى مائارىپتىنلا كۆرىدۇ. بالىلىرىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ «تۆمۈر دەپتىرى»گە كىرىش-كىرەلمەسلىكى ئۇلارنىڭ مائارىپ سۈپىتىگە باھا بېرىشتىكى بىردىنبىر دەستىكى. ئالىي مەكتەپ مائارىپ قۇرۇلمىسىدىكى يەنە بىر مۇھىم ھالقا. ئۆتمۈشتە دۆلەتنىڭ مائارىپ قۇرۇلمىسىدىكى «داشقازان» مۇناسىۋىتى تۈپەيلىدىن، كىشىلەر ئالىي مەكتەپنى بىلىم ئېلىش، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ھالقىسى، دەپ ئەمەس، بەلكى «ھۆكۈمەت قوينىغا كىرگۈزۈلۈش - تۆمۈر تاۋاققا ئىگە بولۇش» ۋاستىسى، دەپ پاسسىپ چۈشەنگەن. ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن كېيىن، بۇ خىل تەقسىمات پرىنسىپى ئۆزگەردى. لېكىن ئىسلاھات كېيىن تەسىر قىلغان يۇرتىمىزدا مىللىتىمىزنىڭ ئالىي مەكتەپكە بولغان تونۇشى تاھازىرغا قەدەر «تۆمۈر تاۋاق» كۆز قارىشىدا. ئۇلار ئالىي مەكتەپنى ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىكى مائارىپنىڭ ئەڭ ئالىي ھالقىسى دەپ ئەمەس، «تۆمۈر تاۋاق»قا ئېرىشىشتىكى ئەڭ ياخشى شوتا، دەپ قارايدۇ.

مائارىپىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئوقۇش يېشىغا توشقانلىكى ئادەمنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنداقلا يۇرتىمىزنىڭ ئىگىلىك قۇرۇلمىسى ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، جەمئىيەتنىڭ ھازىر بار بولغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى خىزمەتلىك قىلالمىقىمۇ ئوڭاي ئەمەس. بۇ ھەرگىز ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشنىڭ ئەمدى ئەھمىيىتى قالمىدى، دېگەنلىك ئەمەس. ئالىي مەكتەپ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەڭگۈلۈك غايىسى. ئەمدىكى مەسىلە ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئەمەس، ئالىي مەكتەپتە نېمىلەرنى ئوقۇش، قانداق ئوقۇش مەسىلىسىدۇر. دۆلەتنىڭ تەقسىماتىغا يۆلىنىۋېلىش ئەمەس، ئۆزى ئاكتىپلىق بىلەن ئىختىساسلىقلار بازىرىغا يۈزلىنىش مەسىلىسىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، يۇرتىمىزنىڭ مائارىپ قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ئەڭ ئاجىز ھالقا. ئەمما باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىدىكى ئوقۇتقۇچىغا بولغان ئېھتىياج، جەمئىيەتنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۇقىرى ئوقۇش دىپلومىغا ئىگە، جەمئىيەتنىڭ باشقا تارماقلىرى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولالمىغان ھەرخىل كەسىپتىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرى ئارقىلىق تولۇقلىنىشقا مەجبۇر بولدى. دېمەك، ئەۋلادلىرىمىز مائارىپتىن ئىبارەت ئىنسان روھىنى لايىھىلەيدىغان ئېتىزلىقتا ھەقىقىي دېھقان - مائارىپ ئەھلىنىڭ قولىغا ئەمەس، ئىش ئەھلى بولمىغانلارنىڭ قولىغا تاشلاپ بېرىلدى. مىللىي ئاڭدىكى بىخۇدلۇق، قىيداش پىسخىكىسى تۈپەيلىدىن

كەلگۈسى جانجان مەنپەئەتىمىزگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بۇ سورۇندا يۈز بېرىۋاتقان زامانىۋى تراگېدىيە ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى قوزغىمىدى. مانا بۇ، مائارىپقا چوقۇنىۋاتقان بىر مىللەتنىڭ روھىدىكى سەمىمىيەت ۋە ۋىجدان!

ئالىي مەكتەپ ئوقىتىشىدىن ئېيتساق، ئالىي مەكتەپلىرىمىزنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسى20-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدىكى جەمئىيەت ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ قۇرۇلغان بولۇپ، بازار، تەرەققىيات ئېھتىياجى كۆزدە تۇتۇلمىغان. مەۋجۇد كەسىپلەرنىڭ دەرسلىك قۇرۇلمىسىمۇ كونىچە، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ جەمئىيەتكە يۈك بوپقېلىشى، مەكتەپ پۈتتۈرۈپ خىزمەت تاپالماسلىقى دەل مۇشۇ سەۋەبتىن. بىربالا توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئادا قىلغان تۇرۇقلۇق جەمئىيەتتە جان باققۇدەك بىر كەسىپلىك ئورۇن تاپالمىسا، يا مىللىي ئەخلاق، مىللىي مەدەنىيەتتىن تۈزۈكرەك خەۋىرى بولمىسا، ئالىي مەكتەپنى تۈگىتىپ خىزمەت تاپالمىسا، خەقنىڭ قولىغا قاراپ قالسا، بىرەر ۋاستىگە تايانماي ئىززىتى بىلەن ياشاش ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىسا، بىز بۇ ھادىسىنىڭ سەۋەبىنى كىمدىن كۆرىمىز؟

ئالىي مەكتەپ ياش ئەۋلادلارنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى بولۇشى ناتايىن. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىختىساسلىق بوپكېتىشىمۇ ناتايىن. مەسىلەن، دۇنيادىكى 1-نومۇرلۇق كاتتا باي، كومپيۇتېر پادىشاھى بىل گېيتىس ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرمەيلا جەمئىيەتكە چىقىپ، ھازىرقى سەۋىيىگە يەتكەن. لېكىن بۇنداق دېيىش ئالىي مەكتەپنىڭ مىللىتىمىزدىكى رولىنى تۆۋەنلەتكەنلىك ئەمەس. ئالىي مەكتەپ مىللىتىمىز تەرەققىياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ھالقا. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇماي بولمايدۇ. مىللىتىمىز زىيالىيلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىنى ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا يەتكۈزۈشنى بىر ئىجتىمائىي غايە سۈپىتىدە تونۇشنىڭ بىزنىڭ تەقدىرىمىزگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى مۆلچەرلىگۈسىز. لېكىن ئالىي مەكتەپ ھەممىنى ھەل قىلىدۇ، دەپ بارلىق يۈكنى ئالىي مەكتەپكە يۈكلەپ قويۇشمۇ بىر خۇراپاتلىقتۇر. نۇرغۇن غايىلىك ئوقۇغۇچىلار ئالىي مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكى ئالىي مەكتەپ بىلەن ئۆزى كۆرگەن ئالىي مەكتەپنى سېلىشتۇرۇپ ئۈمىدسىزلىنىدۇ. دېمەك، بۇ ئۈمىدسىزلىنىشنىڭ مەنبەسى ئالىي مەكتەپ ھەممىنى ھەل قىلىدۇ، دېگەن خۇراپاتلىقتىن كېلىپ چىققان. ئەمەلىيەتتە ھەممىنى ھەل قىلىدىغىنى ئالىي مەكتەپ ئەمەس، ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزى ۋە تىرىشچانلىقى، شۇنداقلا جەمئىيەت ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ تۈزۈلگەن جانلىق ئالىي مەكتەپ مېخانىزمى ۋە كەسىپ قۇرۇلمىسىدۇر. توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى بىزدە ئاساسەن ئەمەلگە ئاشتى. ئالىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇۋاتقانلارنىڭ سانىمۇ ئاز ئەمەس. جەمئىيەتكە چىققاندا ئالىي مەكتەپتە ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى ئىشلىتىدىغان يەر تاپالماسلىق ياكى بولمىسا ئۇ بىلىملەرنىڭ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆزىنىڭ بىر زامانىۋى ساۋاتسىز بوپقالغانلىقىنى تونۇپ، كۆڭلى ئاچچىق بولۇش، كۆز ئالدىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان بىر مائارىپ تراگېدىيىسى. راست، سان ئۆزگىرىشى سۈپەت ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. لېكىن مۇشۇ سانلارغا مۇناسىپ ھالدا مىللىي ساپادا سەكرەش ھاسىل بولدىمۇ؟ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغانلارنىڭ ھەممىسى ئىستىقباللىق بولدىمۇ؟ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدىكى زامانىۋى ساۋاتسىزلىق زادى قانداق مەسىلە؟ بىز بۇ سوئالغا جاۋاب ئىزدىسەكلا مائارىپ ۋە ئالىي مائارىپ ھەققىدىكى تونۇشىمىز تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، بىزدىكى مائارىپ خۇراپاتلىقى چىن مەنىسىدىن ئۆز قانۇنىيىتىنى تاپقان مائارىپقا بولغان چوقۇنۇشتىن كېلىپ چىققان خۇراپاتلىق بالماستىن، گۇمان بىلەن تولغان، ھۆكۈمەتنىڭ «تۆمۈر دەپتىرى»گە چوشۇۋېلىش تۇيغۇسىدىن پەيدا بولغان چوقۇنۇشتۇر. ھازىر «داشقازان» پاچاقلاندى، تۆمۈر دەپتەر داتلاشتى. مائارىپقا بولغان ساختا چوقۇنۇشتىن قۇتۇلۇپ، مائارىپقا ۋىجدانىي سوئاللارنى قويۇدىغان، جەمئىيەتنىڭ ھەممە كىشىسى مائارىپقا كۆڭۈل بۆلىدىغان بىر دەۋر بىزگە ئالدىنى قىلدى. قېنى، ئاقىللار بۇنىڭغا نېمە دەيدىكىن؟

## 3. تەرەققىيات خۇراپاتلىقى

بۇ خىل خۇراپاتلىقنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى ئىجتىمائىي تەرەققىيات ھەممىنى ھەل قىلىدۇ، دەپ قاراپ تەقدىرنى ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا دوغا تىكىش، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئىگىسىگە ئايلىنىش كويىدا بولماي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ھالقىلىرىدىن كەپقېلىشى مۇمكىن بولغان تاسادىپىي تەلەيىنى كۈتۈش خاھىشىدۇر. ئېنىقراق ئېيتقاندا، بۇ خىل خۇراپاتلىق پەن-تېخنىكىنىڭ زامانىۋى مۆجىزىلىرى بولغان يېڭى تېخنىكا، يېڭى قوراللاردىن مەدەت كۈتۈش، تەرەققىياتنىڭ شەكلەن مەنزىرىسىگە مەپتۇن بولۇش كۆز قارىشىدۇر. بىزدە بۇ خىل خۇراپاتلىقنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە خىل شەكلى بار:

**1. ئېگىز بىنا خۇراپاتلىقى.** ئېگىز بىنا شەھەرنىڭ كۆركى - ھۆسنى. لېكىن ئېگىز بىنالارنىڭ كۆپ بولغانلىقى بىر رايوننىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ بەلگىسىمۇ؟ ئىچكى ئۆلكىلەرنى ئايلىنىپ كەلگەنلەرنىڭ سېلىشتۇرۇشىچە، ئۈرۈمچى ھازىر غەربىي شىمالدىكى ئېگىز بىنالىرى ئەڭ كۆپ شەھەر ئىكەن. ئەمما ئۈرۈمچى غەربىي شىمالدىكى باشقا شەھەرلەرگە قارىغاندا، سانائەت ئاساسى ئىنتايىن ئاجىز، پۈتكۈل مەملىكەتكە داڭلىق كارخانا، تاۋارلىرى يوقنىڭ ئورنىدىكى بىر شەھەر ئىكەن. دېمەك، ئۈرۈمچى سانائەت شەھىرى ئەمەس، ئىستېمال شەھىرى - پۇل خەجلەيدىغان شەھەردۇر.

سېلىنىۋاتقان ئېگىز بىنالارنىڭ زور كۆپچىلىكى مېھمانخانا، بانكا، سودا سارىيى، لېكىن مېھمانخانىلار-نىڭ 70% ياتىقى بوش... ئۇنداقتا، بىز شۇنچە زور ئىستېمالغا تۇشلۇق بېيىپ كەتتۇقمۇ؟ ياق. يۇرتىمىز غەربىي شىمال بويىچە ئەڭ نامرات، ئارقىدا قالغان رايون. بىزدىكى ئىستېمالچىلىق خاراكتېر نامراتلىقىمىزدىن كېلىپ چىققان ئىقتىساد نادانلىقىدۇر.

ئىقتىساد نادانلىقى دېگەن نېمە؟

ئىقتىسادىي قانۇنىيەت بويىچە مەبلەغ سالماسلىق، ئىنتايىن قىس مەبلەغنى ئورۇنسىز ئىشلىتىش ياكى ھېچقانداق پايدىسى يوق ئىشلارغا سەرپ قىلىش توگىتىشتۇر. ھوشيار بولۇش كېرەككى، بۇ خىل نادانلىق بىلەن توزۇپ كېتىۋاتقان پۇل ھەرگىز باشقىلارنىڭ پۇلى ئەمەس، ئۆزىمىزنىڭ پۇلىدۇر ئۇل - مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى دېگىنىمىزيول، ئۆچۈر، زاۋۇت-كارخانا قۇرۇلۇشىدۇر. شىنجاڭدەك ئاھالە تارقاق، زېمىنى بىپايان يەردە تېخىمۇ شۇنداق...

2. كومپيۇتېر خوراپاتلىقى. بىزدە كومپيۇتېر ھەققىدىكى تەشۋىقات ھەقىقەتەن يېتەرلىك ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. 90% دېھقان، ئايرىم ساۋاتسىز خەلقىمىزنىڭ ئېڭىدا كومپيۇتېر رىۋايەتلەردىكى «ئېچىل داستىخان»، «سولايمان قالپاق» تىن، قىسقىسى ھەممە خاسىيەتلىك نەرسىدىن ئۈستۈن بىر ئەڭگۈشتەرگە ئايلاندى. ھەقىقەتەن كومپيۇتېر زامانىۋى دۇنيادىكى بىر مۆجىزە ياكى سۈنئىي ئەقىل. لېكىن ئۇنىڭغا بارلىق ئەقىل قاچىلانغان ئەمەس. ئۇ بىر ئۆلۈك نەرسە، شۇنداقلا پەن تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى. لېكىن ئۇ يېگانە مەۋجۇد بولىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ھەر خىل پەن تۈرلىرى تەرەققىي قىلىپ مەلۇم پەللىگە يەتكەندە، بۇ خىل پەنلەردىكى ئورتاق ئېھتىياج تۈپەيلىدىن بارلىققا كەلگەن. يۇرتىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن ئېيتقاندا، كومپيۇتېر خوراپاتلىقىنىڭ ھەم پايدىسى، ھەم زىيىنى بار. پايدىسى، كومپيۇتېر ئائىلىلەرگە كىرىدۇ ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى مۇھىم بىر قورالغا ئايلىنىدۇ. زىيىنى، يۇرتىمىزدىكى ئىگىلىك ۋە تەبىئىي پەن تەرەققىياتىدىكى قالاقلىق تۈپەيلىدىن «ۋەتەنپەرۋەر» ماركىلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا بىلەن قوغچاق ئاتقاندەك ئىش بولىدۇ. كومپيۇتېر ئالىي فىزىكا، ئالىي خىمىيە، بىئولوگىيە تېخنىكىلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلمەي، خەت بېسىش، سالام خەت يېزىش، قارت ئويناش، گېزىت كۆرۈش قورالىغا ئايلىنىدۇ.

مەن بىر ئالىي مەكتەپ ئىشخانىسىغا قويۇلغان ئەڭ زامانىۋى كومپيۇتېرنىڭ خەت بېسىشتىن باشقا ئىشقا ئىشلىتىلمىگەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ھەتتا بۇ كومپيۇتېردا ماجاڭ ئويناپ قويىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. مەن يەنە خەلقئارا ئۇچۇر يۇقىرى سۈرئەتلىك تاش يولى (ئىنتېرنېت) دا قۇرۇلغان «تەكلىماكان چايخانىسى» دا ئىنتېرنېت ھەۋەسكارلىرىنىڭ قىممەتلىك ۋاقىت، ئىقتىساد ۋە زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلىپ، ئەڭ ئەرزىمەس مەسىلىلەر ھەققىدە پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. قىسقىسى، قەدىمكىلەر ئېيتقان: تاش ئاقىلنىڭ قولىغا چۈشسە گۆھەرگە ئايلىنىدۇ، گۆھەر نادانىڭ قولىغا چۈشسە تاش بولۇپ قالىدۇ، دېگەندەك ئىش رېئاللىقىمىزدا يۈز بەردى: كومپيۇتېر ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىر سىرلىق ئەڭگۈشتەرمۇ؟ شۇنداق بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بۇ خىل رېئاللىق كومپيۇتېر بىزنى باشقۇرغاندا ئەمەس، بىزنىڭ كومپيۇتېرنى باشقۇرۇپ ئۇنىڭ ھېكمىتىنى تونۇغاندا يۈز بېرىدۇ. ناۋادا كومپيۇتېر خوراپاتلىقى ئىلمىي كومپيۇتېر قىزغىنلىقىغا ئايلانمايدىكەن، زامانىۋى پەننىڭ بۇ مۆجىزىسى بىزنىڭ دۈشمىنىمىزگە، تەپەككۇرىمىزنى بوغىدىغان سىرتماققا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. تەرەققىي قىلغان ئەللەردىكى پسىخولوگىيە ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، ئۇلار ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتۇشىدا كومپيۇتېرنىڭ رولىغا ھەددىدىن ئارتۇق يۆلىنىپ قېلىش بالىلارنىڭ تەپەككۇر قابىلىيىتىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدىغانلىقىنى بايقىغان. بىزدە گەرچە كومپيۇتېر مەكتەپلىرىمىزدە ئومۇملىشىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، بەزى ھاللىق ئائىلىلەردە ئومۇملاشتى. ھاللىق ئائىلىلەرنىڭ بەگزادىلىرى شەخسىي كومپيۇتېرغا ئېرىشتى. بۇ ھال بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن سېلىنغان كومپيۇتېر مەبلىغىنىڭ بالىلارنىڭ تەپەككۇر قابىلىيىتىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدىغان زىيانلىق ئايلىنىشىنىڭ بىزدىمۇ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يۇرتىمىزغا كومپيۇتېر تېخنىكىسىدىكى يېڭىلىقلارنىڭ يېتىپ كېلىش سۈرئىتىنىڭ ئاستىلىقى بىر مەۋجۇد ئەھۋال. ھازىر بالىلار كومپيۇتېردا چەت ئەلنىڭ تالانتلىق ئۆسمۈرلىرىگە ئوخشاش يۇمشاق دېتال لايىھەلەپ شىركەت قۇرۇش كويىدا ئەمەس، ئويۇن ئويناش بىلەن ئاۋارە... كومپيۇتېر ئارقىلىق ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق ئويناش ئۆسمۈرلىرىمىزدىكى گەۋدىلىك ئەھۋال.

3. تىل خوراپاتلىقى. بۇ خىل خوراپاتلىق تىل ئۆگىنىش - زامانىۋى تىللار ھەممىنى ھەل قىلىدۇ، دەپ قاراپ ئانا تىلىمىزنى چەتكە قېقىش ياكى ئېتىبارسىز قالدۇرۇشتا كۆرۈلىدۇ.

دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ يەرشارىلىشىشى ئەنئەنىۋى دۆلەت چېگرىلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، مەدەنىيەت، تىل چېگرىلىرىنى بۇزۇپ تاشلاش دەۋرىگە يۈزلەندى. بەزى رايون تىللىرى خەلقئارا تىللارغا ئايلاندى ۋە زامانىۋى خەلقئارا تىللارنى ئۆگىنىش بۈگۈنكى دۇنيانىڭ، زامانىۋىلىقنىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلىنىشنىڭ بىر زۆرۈر شەرتىگە ئايلاندى. ئاتا-بوۋىلىرىمىز يۇرتىمىزنىڭ يىپەك يولىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقانلىقىدەك جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكى ھەمدە باردى-كەلدى ۋە سەپەرخورلىقتەك ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىكى بىلەن ئەزەلدىن تىل ئۆگىنىشنى ئۆز مۇكەممەللىكىدىكى مۇھىم بىر جەريان، دەپ قاراپ

كەلگەن. ئەزەلدىن ئالىم-ئۆلىمالىرىمىز بىرنەچچە چەت ئەل تىلىنى ئانا تىلىدەك ئۆگىنىشنى ئۆزىگە پەرھىز قىلغان. ھەتتا بەزى سورۇنلاردا ئۇلار بىرنەچچە خىل تىلدا ئىلمىي مۇتالىيىلەرنى ئېلىپ بېرىشقان؛ باشقا تىللاردا ئىلمىي ئەسەرلەرنى يېزىپ، دۇنيادا مەشھۇر بولغان. ئەمما بۇ جەرياندا ئۇلار چەت ئەل تىللىرىنى ئانا تىلىنى ئۇنتۇپ كېتىش ھېسابىغا ئەمەس، بەلكى ئانا تىلىنى تېخىمۇ بېيىتىش ھېسابىغا ئۆگەنگەن. ئانا تىلىنىڭ ئەڭ كامىل ئۇستازلىرىغا ئايلىنىپ، ئاندىن باشقا تىل ئۆگىنىشنى قۇۋۋەتلىگەن. ھازىر بىزدە يەنە يېڭىباشتىن چەت ئەل تىللىرىنى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى كۆتىرىلدى. ئەمما بۇ ياخشى يۈزلىنىشنىڭ ئەكسىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ تەرەققىياتتا ئارقىدا قالغانلىقىنى تۈرلۈك تارىخىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي ئامىللاردىن كۆرمەي (مۇھەررىر. — دىن)، ئۇيغۇر تىلىغا، ئۇيغۇر تىللىق مائارىپقا دۆڭگەيدىغان، باشقا تىللاردا مائارىپ تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئەۋزەللىكى تەشەببۇس قىلىنىدىغان يامان سۈپەتلىك خاھىشمۇ باش كۆتۈردى.

تىلىمىز ھەقىقەتەن شۇنداق قالاقمۇ؟ تىلىمىز ئامانىۋى مائارىپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالامدۇ؟ ياق! ئۇيغۇر تىلى تاۋۇش جەھەتتە دۇنيادىكى ئەڭ يېپىشقاق تىللارنىڭ بىرى. ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلار ئارقىلىق دۇنيادىكى ھەرقانداق مىللەتنىڭ سۆزىنى ئەينەن تەلەپپۇز قىلىش مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر تىلى ھازىر دۇنيا تىلى بوپقالغان ئىنگلىز تىلىغا ئوخشاش باشقا تىللاردىن، بولۇپمۇ خۇسۇسىيىتى ئوخشاش تىللاردىن كەم سۆزلەرنى قوبۇل قىلىشتەك ئېسىل ئەنئەنىگە ئىگە. بەزىلەر بۇ ئەنئەنىنى تەنقىد قىلدى، لېكىن بۇ خىل ئەنئەنە ئەمەلىيەتتە بىرخىل ئىلغارلىقتۇر. ئېسىمىزدە بولسۇنكى، دۇنيادا بىرمۇ ساپ تىل يوق. ھەتتا ئىنگلىز تىلىنىڭ لۇغەت فوندىنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن بىرى چەت ئەل تىللىرىدىن كەلگەن سۆزلەردۇر. ھازىرقى مەسىلە — بىزنىڭ قالاقلىقىمىز تىل مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى تەرەققىيات، سىياسەت، تۈزۈلمە، مەبلەغ سېلىش مەسىلىسىدۇر. «تىل — ۋەتەن دېمەكتۇر». ئۆز تىلىنى ياخشى ئۆگىنىپ ئاندىن باشقا تىللارنى ئۆگىنىش قانۇنلۇق، ئىززەتلىك پاسپورت بىلەن چەت ئەلگە چىقىشقا ئوخشىسا، ئۆز تىلىنى قۇربان قىلىش ھېسابىغا چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىش قانۇنسىز، پاسپورتسىز، خار-زار ھالدا چەت ئەلگە چىقىپ لاماكان — ئاققۇن بولۇشقا ئوخشايدۇ. تىل ئۆگىنەيلى، بىرلا خىل چەت ئەل تىلى ئەمەس، نەچچە خىل چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنەيلى. «بىر تىل ئۆگىنىش ياشاۋاتقان دۇنيادىن سىرتقا قارىتا يەنە بىر دېرىزە ئاچقان بىلەن باراۋەر». تىل ئۆگىنەيلى، ئانا تىلىمىزنى ئۇنتۇش ھېسابىغا ئەمەس، ئۇنى بېيىتىش، كۈچەيتىش ھېسابىغا تىل ئۆگىنەيلى، چۈنكى تىل — ۋەتەن دېمەكتۇر.

قىسقىسى، تەرەققىيات ھەممىنى ھەل قىلىدۇ، دەپ بار ئۈمىدىنى تەرەققىياتقا باغلاش بىرخىل خۇراپاتلىقتۇر. چۈنكى تەرەققىياتنىڭ ھەممىسى ئىجابىي بولىۋەرمەيدۇ، بەلكى بەزى تەرەققىيات بىزگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىپ، مىللىي ئىجتىمائىي ئېكولوگىيىمىزنى بۇزۇشى، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى ۋەيران قىلىشى، مۇھىتىمىز بۇلغانغان كەلگۈسى ئاپەتنىڭ خېمىرتۇرۇچى بوپقېلىشى مۇمكىن. پەقەت بىز ئىگىسى بولالىغان، بىز ئىلمىي ھالدا رول تۇتۇش نىشانىمىزغا قاراپ سىلجىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن تەرەققىياتلا بىزگە پايدىلىق تەرەققىياتتۇر.

## 4. تېلېۋىزور ۋە مەتبۇئات خۇراپاتلىقى

تېلېۋىزور بىر دېرىزە. لېكىن بۇ دېرىزە بىز نېمىنى خالىساق، تالادا نېمە بولسا شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان دېرىزە ئەمەس، بەلكى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئۆز مۇددىئا — ئېھتىياجى بويىچە تاللاش ۋە شاللىشى، پىششىقلاپ ئىشلىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، بىزگە مەلۇم كۆرۈنۈش ۋە ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان دېرىزە. بىز پاسسىپ ئورۇندىكى دېرىزىدىن سىرتقا قارىغۇچى. بىزدە قانال تاللاش ھوقۇقى بار، لېكىن ھەممە قانال يەنىلا تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا.

دېمەك، رادىئو- تېلېۋىزىيە ۋە گېزىتلەردىن كېلىدىغان ئۇچۇرلارنىڭ ھەممىسى مەخسەتچانلىققا ئىگە، ياكى بۇ ئۇچۇرلارنىڭ كەينىگە مەلۇم مۇددىئالار يوشۇرۇنغان. ھازىر بىر قىسىم چەت ئەل رادىئولىرىنىڭ تەشۋىقاتىدىكى ئۇچۇرلارمۇ دەل مۇشۇ پرىنسىپ ئاساسىدا، مەلۇم مۇددىئاغا يېتىشنىڭ قورالى سۈپىتىدە تارقىتىلىۋاتىدۇ.

دۇنيا ھازىر مەتبۇئات ئىلكىدىكى دۇنياغا ئايلاندى. كىشىلەر بىلىپ-بىلمەي مەتبۇئاتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قېلىپ، مەتبۇئات مۇددىئاچىلىقىنىڭ قۇربانىغا ئايلاندى. كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتى، پىكرى، ئىستېمالى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مەتبۇئاتنىڭ يېتەكلىشىگە ئۇچرىدى. جۇڭگوغا ئوخشاش ھوقۇق مەركەزلەشكەن، مەتبۇئات پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى — يېتەكلىشىدىكى دۆلەتتە مەتبۇئاتنىڭ خەلقنى يېتەكلىشى ناھايىتى پىلانلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. جۇڭگودا غەرب دۆلەتلىرىگە ئوخشاش ھەممە مەتبۇئات ئۆز مۇقامىغا توۋلايدىغان، ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەيدىغان ئەھۋال يوق. جۇڭگودىكى مەتبۇئات مۇددىئاچىلىقىنى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىرادە مۇددىئاچىلىقى دېيىش مۇمكىن. ئەسلى گەپكە كەلسەك، جەمئىيەتتە يۈز بەرگەن مەلۇم ۋەقە مەتبۇئاتتا شۇ ۋەقە ئاساسىدا نەچچە خىل خەۋەر قىلىنىشى مۇمكىن. ياخشى نىيەتتىكى كىشىلەر يەنە باشقا بىر نۇقتىدا خەۋەر قىلىشى مۇمكىن. بىز كۆزدە تۇتۇۋاتقان مەتبۇئات خۇراپاتلىقى دەل مەتبۇئاتنىڭ ئۇچۇرلىرىغا گۇمانسىز ئىشىنىپ قېلىشتۇر. مەتبۇئاتلارنىڭ پايدىلىنىپ كېلىۋاتقىنى دەل ئاشۇ خەلقىمىزدىكى مەتبۇئاتقا چوقۇنۇش خاھىشىدىن كېلىپ چىققان ساددىلىقتۇر.

ئېلان خۇراپاتلىقى مەتبۇئات خۇراپاتلىقىدىكى

يەنە بىر گەۋدىلىك مەسىلىدۇر. گەرچە خەلقىمىزنىڭ ئېلان ئېتىش ئەمدىلەتتىن شەكىللىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئېلاننىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىدىن تېخى كۆپ يىراقتا. ئېلان سودىگەرلىرى خەلقىمىز ئېڭىدىكى ساددىلىق، مەردلىك، زامانىۋىيلىقنىڭ ھېلىگەرلىككە ئادەتلىنەلمەسلىك، شۇنداقلا نامراتلىقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئەڭ ئېسىل ۋە ئەڭ ئەرزان تاۋار (بۇ ئىككى ئۇقۇم ئەمەلىيەتتە بىر-بىرىگە زىت، خەلقىمىز بۇ ئىككى ئۇقۇمنى بىر تاۋارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئىزدەشتەك گۆدەك خاھىشقا ئىگە) غا ئېرىشىش خاھىشىدىن پايدىلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. رادىئو-تېلېۋىزىيە، گېزىت-ژۇرناللاردىكى ئاتالمىش «ئاجايىپ خاسىيەتلىك، يېگەن ھامان تۈرلۈك-تۈمەن كېسەلگە شىپا قىلىدىغان، ئەرزان، قولايلىق» دورا ئېلانلىرى ۋە باشقا تاۋار ئېلانلىرى بۇ خىل رېئاللىقنىڭ ئىسپاتىدۇر.

مەتبۇئات خۇراپاتلىقىدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئۇسۇلى يەنىلا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا مەتبۇئات ئۇچۇرلىرىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن مۇددىئاسىنى باغلاپ تەھلىل قىلىش، مۇستەقىل پىكىر قىلىشقا ئادەتلىنىشتۇر.

## 5. چەت ئەلگە چوقۇنۇش — چەت ئەل خۇراپاتلىقى

چەت ئەللەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشتىن مەقسەت — ئۇلارنىڭ ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش يولىدىكى ئۈلگىلىك قىممىتىگە ئىگە ئېسىل تەجرىبىلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىش، پۇرسەت بولسا، چەت ئەللەرگە چىقىپ ئۆزى بىلەن باشقىلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق نەزەر دائىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ بىلىش، بۈگۈنكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۇنياغا يۈزلىنىشتىن ئىبارەت.

لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بېرى بىزدە چەت ئەل مەدەنىيىتى، پەلسەپىسى، ئەدەبىياتىغا چوقۇنۇپ، ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيىتى، پەلسەپىسى، ئەدەبىيات-سەنئىتىمىزنى پەس كۆرۈش، ئۇنىڭدىن نومۇس قىلىش خاھىشى ئەۋج ئالدى. بۇ خاھىش ئالدى بىلەن يۈرۈش-تۇرۇش، كىيىم-كېچەك، ياسىنىش-تارىنىشتا كۆرۈلدى. مەسىلەن، كىيىم-كېچەكلىرىمىزنىڭ شەكلى پۈتۈنلەي يېڭىلىنىپ، دوپپىدىن باشقا مىللىي كىيىم-كېچەكلىرىمىز ئاساسەن كىيىلمەيدىغان بولدى. ئەسلىدىكى ئۇيغۇر كىيىم-كېچەكلىرى ئەمدىلىكتە فولكلور مۇزېيى ۋە سەھنىگىلا خاس كىيىملەرگە ئايلاندى. غەربلىكلەرنى دوراپ چاچ بوياش، بۇدرە قىلىش ئەۋج ئالدى. ماھىيەتتە بۇ قىلىقلار ئۆز-ئۆزىمىزنى ئەجنەبىيلەرگە تەقلىد قىلىدىغان دورامچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس، خالاس. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ ئۆزگىچە مىللىي گۈزەللىك پەيدا قىلغان ئۇزۇن — بوستان چاچلار يوقالدى. شەرق شائىرلىرىنىڭ نەزىرىدىكى كېچىدىكى دەرياغا، يىلانغا، مەجنۇنتال شاخلىرىغا ئوخشىتىلغان بۇ گۈزەللىك ئابىدىسى كىشىلەرنىڭ خىيالىدىكى ئارمانغا ئايلىنىپ قالدى. پەلسەپە ۋە ئەدەبىياتتىكى چەت ئەللەرگە چوقۇنۇش خاھىشى شۇنداق ئەۋج ئالدىكى، ئىنسانغا چوقۇنۇشنى كۇپۇرلۇق، دەپ قارايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئەۋلادلىرى چەت ئەل پەيلاسوپلىرىنى ئىلاھ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشكە ئاز قالدى. مەسىلەن، ئارىستوتېل ئۇلۇغلاندى، لېكىن ئارىستوتېلنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆز ئەمگىكى ۋە ئۆزگىچە شەرھلىرى بىلەن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان 2-ئارىستوتېل فارابىي ئۇنتۇلدى. نېتزىينىڭ «خاسىيەتلىك ئادەم»، «دەرىجىدىن تاشقىرى ئادەم»ى ئۇلۇغلاندى، لېكىن بۇ خىل پەلسەپىنىڭ ئەسلى زېمىنى ياكى ئىگىسى — شەرق پەلسەپىسىدىكى «كامىل ئىنسان»، «ئارىفلىق» قاتارلىق پەلسەپىۋى قاراشلار ئۇنتۇلدى. گيۇتې ئۇلۇغلاندى، بورگىس ئۇلۇغلاندى، ئۇلار چوقۇنغان شەرق شائىرلىرىدىن شەيخ سەئدىي، ھافىز شىرازىي، ئەھمەد يەسەۋىي، ئەلىشىر نەۋائىيلار ئۇنتۇلۇشقا يۈز تۇتتى. چەت ئەل شۇنداق خاسىيەتلىك، ئۇلۇغمۇ؟ بەلكىم شۇنداقتۇ؟ لېكىن بىزمۇ چەت ئەللىكلەرنىڭ نەزىرىدە يەنە بىر چەت ئەل. ئۇلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى، ئۆزىگە خاس يول، تەپەككۇر ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنلىكىدە، ھەرگىز باشقىلارغا چوقۇنۇپ ئۆزىنى يەرگە ئۇرغانلىقىدا ئەمەس. دېمەك بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، چەت ئەللەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت يولى بىز ئۈچۈنمۇ ئۆگىنىشكە ئەرزىيدۇ. مەن يېقىندا ئىنتېرنېتتىكى ئۇيغۇرچە «تەكلىماكان چايخانىسى»دا بولۇپ ئۆتكەن بىر سۆھبەت (يېزىق سۆھبىتى)نى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. سۆھبەتتە دېيىلىشىچە، سۆھبەتلەشكۈچى بىر ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر بوپقالغانلىقىدىن نومۇس قىلىدىكەن. بۇ بىر توقۇۋېلىنغان ھېكايە ئەمەس، بەلكى بىر ئۇيغۇر بولۇشنى نومۇس بىلگەن ئۇيغۇرنىڭ ئۆز ئاۋازى.

بىز چەت ئەلگە ھەرقانچە چوقۇنساقمۇ، ئۇلار ھەرگىز ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكىنى بىزگە قوش قوللاپ ئۆتۈنۈپ بەرمەيدۇ، ياكى ئۆز يۇرتىنى بىزگە بوشىتىپ بېرىپ، باشقا يەرگە كۆچۈپ كەتمەيدۇ. بىز ئۇلارنىڭ ئالدىدا غېرىب مۇساپىر ياكى ۋەتىنىدىن كەچكەن لاماكان — زەئىپ تىلەمچى، خالاس. بىزنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىمىز پەقەت مۇشۇ زېمىندىلا يىلتىزلاپ كۆكلەيدۇ؛ پەقەت ۋە پەقەت (مۇھەرررىردىن) مۇشۇ زېمىندا بارلىققا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەت ۋە يۈكسىلىشلا چىن مەنىسىدىن بىزگە مەنسۇپ بولغان ھەقىقىي مۇۋەپپەقىيەت ۋە يۈكسىلىشتۇر.

## 6. نوپۇز خۇراپاتلىقى

نوپۇز خۇراپاتلىقىنىڭ ئاساسىي ئىپادىسى نوپۇزغا چوقۇنۇش، نوپۇزلۇقلارنىڭ ھەرىكەت ۋە سۆزىنى قىبلىنامە قىلىپ تېۋىنىش، گۇمان قىلماسلىق. بۇ خىل خۇراپاتلىق گېزىت-ژۇرناللىرىمىزدا ھەممىدىن كۆپ ئۇچرايدۇ. نۇرغۇن ماقالىلاردا ئاپتورلار ئۇلۇغلارنىڭ پىكرى ئارقىلىق

ئۆزىنىڭ پىكرىنى تەستىقلايدۇ. توغرا، باشقىلار ئىسپاتلاپ بولغان بىر ھەقىقەت ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پىكرىنى دەلىللەشنىڭ ھېچ خاتاسى يوق. لېكىن بۇ خىل خاھىشقا ئىلھام بېرىلىسە ياكى بۇ خىل خاھىش تۈزىتىلمىسە، بىزنىڭ بارلىق پىكرىمىز ئۇلۇغلار پىكرىنىڭ سايىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بىز ئۇلۇغلار پىكرىنىڭ مەھكۇملۇقىدىن قۇتۇلالماي يېڭىلىق ۋە ئىجادىيەتنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن نەپەسلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەيمىز. ئۇلۇغلارنىڭ پىكرى مۇتلەق توغرا بوپكېتىشى ناتايىن. بەزى ئۇلۇغلار زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلۇغلۇق تەختىدىن چۈشۈشى، ھەتتا لەنەتگەردىگە ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن (مۇھەررىردىن). بۇرگىس بۇ ھەقتە: «ئەمدى مەن ئەقىل ئالمايمەن. ماڭا ئوخشاش 70 ياشقا كىرىپ قالغان بىر ئادەم ئىشىنىپ ئۆزىنىڭ گېپىنى دېيەلمىسە قانداق بولىدۇ» دېگەن مەنىدە بىر گەپ قىلغانىدى. نوپۇز خۇراپاتلىقى ئىلىمنىڭ دۈشمىنىدۇر. نوپۇزنىڭ سايىسى ئاستىدا نۇرغۇن سەپسەتىلەر يوشۇرۇنۇپ قېلىشى مۇمكىن. ساختا نوپۇز ئىگىلىرىنىڭ سەپسەتىلىرى نوپۇزغا چوقۇنۇش خاھىشىنىڭ تۈرتكىسىدە نۇرغۇن يىل ئاشكارا قىلىنماي ئىلىمنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولۇشى زامانىمىزدا كۆپ ئۇچراپ تۇرۇدىغان بىر سەلبىي ھادىسە.

ئۇلۇغلارنىڭ نوپۇزى ئاسماندىن چۈشكەن، يەردىن ئۈنگەن ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش جەريانى تەدرىجىي ھالدا ئۇلارغا نوپۇز ئاتا قىلغان. پەندە مەلۇم نوپۇزنىڭ تىكلىنىشى باشقا نوپۇز ئىگىلىرىنىڭ يولىنى توسقانلىق ئەمەس. نوپۇزغا چوقۇنۇش مەۋجۇد نوپۇزنىڭ ھەيۋىتى ئالدىدا گاڭگىراپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ نوپۇزغا ئېرىشىش كويىدىن ۋاز كېچىش، خالاس. ساختا نوپۇز ئىگىلىرى جەمئىيەتتىكى تەپرىقىچىلىق، مەزھەب - گۇرۇھۋازلىقنىڭ مەنبەسىدۇر.

كاللىمىزنى سىلكىۋېتىپ نوپۇز ھەققىدە ئويدانراق ئويلىنىپ باقايلى: نوپۇز ئىگىسىنىڭ ئۇسۇرۇق سۆزلىرى ئىپار، ئادەتتىكى ئادەمنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى ئۇسۇرۇق بولۇپ تۇيۇلىدىغان دۇنيا كۆز ئالدىمىزدا تېخىمۇ روشەنلەشسە ... بەلكىم ئىشىنىپ قىلغان ئۆز پىكرىمىز يېڭى بىر نوپۇزنىڭ بىشارىتى بوپقالسا ئەجەب ئەمەس.

## 7. ھوقۇق ۋە پۇل خۇراپاتلىقى

جۇڭگونىڭ مائارىپ تارىخىغا قاراپ باقساق، ئەمەلدارلىق ئىمتىھان تۈزۈمى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ ۋە جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مائارىپ ئەندىزىسىنىڭ مۇددىئاسىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. قىسقىسى، جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مائارىپى ئەمەلدار تەربىيىلەشنى ئاساس قىلغان مائارىپ بوپكەلدى. دېمەك مائارىپتىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىكتىن شۇنى يەكۈنلەش مۇمكىنكى، ھوقۇق جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئىجتىمائىي غايىسىدۇر. ھوقۇققا چوقۇنۇش بۇ خەلقنىڭ ئېغىر-بېسىق، ئەستايىدىل، ئاسان ئاچچىقلانمايدىغان نازاكەتلىك مىجەزى بىلەن بىرلىشىپ، ئۇلارنىڭ ھوقۇق كۆزقارىشىنى شەكىللەندۈرگەن ۋە ھوقۇق غايىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا كۈچ بەرگەن. ھوقۇققا چوقۇنۇش بىزدىكى تارىخىي مەسىلە. ھوقۇق خۇراپاتلىقى بولسا، بۇ تارىخىي مەسىلىنىڭ ھازىرقى زاماندىكى يېڭى ئىپادىسى. ھوقۇقشۇناسلارنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، دۇنيادا ھوقۇق ھەققىدە نۇرغۇن تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان. بىزنىڭ بۇ يەردە مۇلاھىزە قىلماقچى بولغىنىمىز، ھوقۇق ئىلمىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان ئەمەلدارلىق ياكى ئەمەلگە چوقۇنۇش.

ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا ئەمەل-ھوقۇقنى پەلسەپە تەتقىقاتىنىڭ جەۋھىرى قىسمى قاتارىغا قويغان ۋە بىرئەلنى باشلاپ ماڭغۇچى ھوقۇقدارنىڭ ماھىيەتتە ئەلنىڭ تەقدىرىنى ياخشىلىق ياكى يامانلىق تەرەپكە باشلاپ ماڭىدىغان تەقدىر ئىگىسى ئىكەنلىكىنى شەرھلەشكەن. زامانىمىزغا كەلگەندە بۇ خىل تونۇش ھوقۇق - ئەمەلگە بولغان چوقۇنۇشقا ئورۇن بەردى. ھوقۇق بولسا ھەممە بولىدۇ، دېگەن قاراش ھۆكۈمران قاراشقا ئايلاندى. ھوقۇق - مەنسەپتە ئەكس ئەتكەن سۇيئىستېمال روھى كىشىلەرنىڭ ھوقۇق-ئەمەل ھەققىدىكى توغرا كۆز قارىشىنى چاكىنىلاشتۇرۇپ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھوقۇققا قارىتا ساغلام بولمىغان ئىنتىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتە ھوقۇق ئۈچۈن ھوقۇق، بايلىق ئۈچۈن ھوقۇق كۆز قارىشىنى پەيدا قىلدى.

ھوقۇق خۇراپاتلىقى بىلەن تەڭ مەۋجۇد بولۇۋاتقان يەنە بىر خۇراپاتلىق پۇلغا چوقۇنۇشتۇر. پۇلنىڭ رولىنى ھەددىدىن زىيادە مۇبالىغە قىلىش - دۇنيا ھەربىي كۈچ دەۋرىدىن ئىقتىسادىي كۈچ دەۋرىگە قەدەم قويغان بۈگۈنكى زاماندا تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. خەلقئارادىكى بۇ خىل مۇھىت بىلەن جۇڭگودىكى بازار ئىگىلىكى دولقۇنى بىزدىكى پۇلغا چوقۇنۇش ھاۋاسىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇردى. بىر مىللەتنىڭ پۇل كۆزقارىشى ئىلمىيلىك ئۈستىگە قۇرۇلۇشى كېرەك. كۆز قاراشتىكى نادانلىق تەقدىردىكى بەختسىزلىك - تەلەيسىزلىكنىڭ ئاساسى بوپقېلىشى مۇمكىن. ئەزەلدىن ناتۇرال ئىگىلىك ئاساسىدىكى پۇل قارىشىغا ئىگە بىز ئۇيغۇرلارنىڭ پۇل قارىشى يېقىنقى يىللاردىن بېرى خىرىسقا دۇچ كەلدى. پۇل بىلەن ھاياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلالمىغان نۇرغۇن كىشىلەر پۇلغا چوقۇنۇش دولقۇنىغا غەرق بولدى. بەزى كىشىلەر تاسادىپىي ئامەت تۈپەيلىدىن باي بولۇپ، نادانلىق پاتقىقىغا تېخىمۇ پاتسا، يەنە بەزى كىشىلەر پۇلنىڭ ئېزىقتۇرۇشى ئالدىدا ئازىنىپ ۋەيران بولدى. دۇنيادا پۇل ھەققىدە ئىقتىسادشۇناسلىق دەپ بىر ئىلىم بار. بىر مىللەتنىڭ پۇل تېپىش - تاپالماسلىقى، بىر كىشىنىڭ بېيىش - بېيىيالماسلىقى ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلەردىن ئايرىلمايدۇ. ئاددىي تىل بىلەن چۈشەندۈرگەندە، ھەرقانداق بىر رايون ياكى يەر مەلۇم ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ

سىياسىتىدىكى قاراتمىلىق ياكى پۇرسەتلەر بەزىدە بەزىدە بۇ ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىككە كۆڭۈل بۆلۈنمەي، بەزىدە خارابلىق ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ خىل قانۇنىيەتنىڭ تەسىرىدە شۇ يەردىكى شۇ خىل سىياسەتنىڭ تەسىرىگە مەنسۇپ كىشىلەر بۇ ئۆزگىرىش جەريانىدا بېيىدۇ ياكى ۋەيران بولىدۇ. مەسىلەن، مەلۇم بىر جاي ئۆزىدىكى بايلىق ئەۋزەللىكى (نېفىت، ئالتۇن ۋە باشقا يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار)، مۇھىت ئەۋزەللىكى (سىياسىي مۇھىت، تەبىئىي مۇھىت)، ئەقىل ئەۋزەللىكى تۈپەيلىدىن دۆلەت سىياسىتىنىڭ بىر ئۆزگىرىشى بىلەن بېيىشى ياكى ۋەيران بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا، بىز چوقۇنۇۋاتقان پۇل ياكى بىز تېپىۋاتقان پۇل ماھىيەتتە زېمىنىمىزنىڭ ئەۋزەللىكى ياكى ئەقلىمىزنىڭ ئەۋزەللىكى (زېمىن ئەۋزەللىكى بايلىقنى، ئەقىل ئەۋزەللىكى مائارىپ، پەن-تېخنىكا كۈچىنى كۆرسىتىدۇ) تۈپەيلىدىن رايونىمىزدا ئايلىنىپ يۈرگەن پۇلدۇر. بىر رايوندا ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈكنى پۇلغا ئايلاندۇرالايدىغان ئەقىل كەم بولسا ياكى پۇل مەنبەسى ئاز بولسا، بىزنىڭ تاپىدىغان پۇلىمىزمۇ ئاز بولىدۇ. لېكىن بۇ پۇل سىياسەتنىڭ خاھىشچانلىقى بويىچە مەلۇم ئادەملەرنىڭ تېپىشىغا قولاي، مەلۇم ئادەملەرنىڭ تېپىشىغا ناقولاي بولغان بولىدۇ. يۇقىرىقىلار ئىقتىسادشۇناسلىقتىكى ئەڭ ئاددىي قاراشلار. بىزنىڭ يۇقىرىقى ئەڭ ئاددىي مەسىلىلەرنى تىلغا ئېلىشىمىزدىكى مەقسەت، بىزنىڭ پۇلغا قانچە چوقۇنۇشىمىزدىن قەتئىينەزەر، بىزنىڭ يانچۇقىمىزغا كىرىدىغان پۇل سىياسەت، پۇرسەت، ئامەت، مۇھىتقا ئاساسەن ھەرخىل بولىدۇ. تاسادىپىي ئېرىشكەن پۇل سىياسەتنىڭ قاراتمىلىق ئۆزگىرىشى تەسىرىدە بەرىكىتىنى يوقىتىدۇ.

1978-يىلىدىن بۇيانقى شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى كۆزەتسەك، بىر قىسىم ئادەملەر ئىسلاھات، ئېشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شامىلى شىنجاڭغا تەسىر قىلغاندا بازارنىڭ يېڭى ئېچىلغانلىقى، نۇرغۇن كىشىلەردە سودا ئېڭىنىڭ يېتىلمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن باي بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا، خەلق كوممۇنىسىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى ئىلگىرىكى بايلىقنىڭ شەخسلەر قولىغا قاراپ ئېقىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. لېكىن بۇ جەرياندىكى پۇل تېپىش پەقەت ئەسلىدە بار پۇلنىڭ مەلۇم يانچۇقتىن يەنە مەلۇم يانچۇققا قاچىلىنىش جەريانى بولدى. ئىككىنچى قېتىملىق پۇل تېپىش دولقۇنى 1990-يىللارنىڭ بېشىدىكى چېگرا سودىسىدىن بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇن كىشىلەر پۇل تېپىشنىڭ يىلسىرى تەس بولىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشتى. 2000-يىلغا كەلگەندە بۇ ۋەزىيەت تېخىمۇ كەسكىنلەشتى. لېكىن بۇ كەسكىنلىشىش ۋەزىيىتىنىڭ كەينىدە يېڭى بىر پۇل تېپىش دولقۇنى يېتىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ بولسىمۇ بىلىمنىڭ پۇلغا ئايلىنىش دولقۇنى ئىدى. تەلەي تۈپەيلىدىن بېيىغان نۇرغۇن كىشىلەر بۇ دولقۇننى قانداق كۈتۈۋالىدۇ؟ ياكى بۇ جەرياندا ئۇلارنىڭ يانچۇقىدىكى پۇل بىلىم سودىسىنىڭ دەسمىسىگە ئايلىنامدۇ؟ بۇ كېيىنكى مەسىلە.

پۇل بولمىسا زادى بولمايدۇ. ھەممە نەرسىگە پۇل كېرەك. ئۇنداقتا ئۇ پۇل نەدە؟ پۇلغا بولغان چوقۇنۇشىمىز بايلىق ئىلاھىنىڭ رەھىمىنى كەلتۈرەرمۇ يا؟ ياق. زېمىنىمىزدىكى ئاجايىپ مول بايلىقمۇ ئىلىم - تېخنىكىمىزنىڭ ئاجىزلىقىدىن يانچۇقىمىزدىكى پۇلغا ئايلىنالمىدى. بىز ئالتۇن تاۋاق كۆتۈرۈپ يۈرگەن تىلەمچىلەرگە ئايلىنىپ قالدۇق. پۇل قارىشىمىزنىڭ ئىلمىيلىك ئۈستىگە قۇرۇلمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، خام ئەشيا بازىرىغا ئايلاندۇق. رايونىمىز جۇڭگودىكى ئىقتىدارسىزلار ئەڭ ئاسان پۇل تاپىدىغان يەرگە ئايلىنىپ قالدى. دېمەك، يانچۇقىمىزدىكى پۇلنى تۈزۈك تەربىيە كۆرمىگەن ئىشلەمچىلەرگە بېلىپ-بىلمەي تاپشۇرۇپ بېرىۋاتقانلىقىمىز بىزنىڭ ئۇلاردىنمۇ ئىقتىدارسىز ئىكەنلىكىمىزنىڭ ئىسپاتى ئەمەسمۇ؟ بىز پۇل تاپالامدۇق-يوق؟ بۇ، ھەربىر ئادەم ئويلىنىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك مەسىلە.

پۇلغا چوقۇنۇشنىڭ بىزگە ئەكېلىپ بېرىدىغىنى تېخىمۇ زور پۇلسىزلىق، ياكى خانىۋەيرانلىق. پۇلنى ئىلمىي تونۇشلا بىزنى پۇلنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندۇرىدۇ. بىز پۇلنى خەجلەمدۇق ياكى پۇل بىزنى خەجلەمدۇ؟ بۇ كۆز ئالدىمىزدىكى تاللاش مەسىلىسى، خالاس.

## تۈگەنچە

دۇنيا شۇنداق قىزىقارلىق ۋە رەھىمسىزكى غالىبلار ئالدىدا ئۇ بىرپارچە چىمەنلىك، مەغلۇبلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، باش-ئۇچى يوق بىر قورقۇنچلۇق جاڭگال. ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى ئاجايىپ سۈرئەت بىزنى تەدبىر ۋە تېخىمۇ زور ئەقىل تۈيغۇسى بىلەن ياشاشقا مەجبۇرلىماقتا. ھەتتا بىر قەدەمنىڭ خاتا ئېلىنىشى بىرئەسىر كەينىدە قېلىشتىن دېرەك بېرىشى، بىرقەدەمنىڭ باشقىلارغا قارىغاندا ئالدىدا ۋە توغرا ئېلىنىشى بىزنى تەرەققىياتنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن. لېكىن ئىجتىمائىي جەمئىيەت خاراكتېر جەھەتتە قىمار سورۇنىغا ئوخشىغان بىلەن قىمار سورۇنى ئەمەس. بۇ سورۇندا كاززاپلار ئەمەس، ھەقىقىي ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ئامىتى ھەر قاچان ئۇڭدىن كېلىدۇ. زامانىۋى خۇراپاتلىق بىزدە ئەمدىلا شەكىللەندى. ۋۇجۇدىمىزدا ئۇ دەرىجىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتالمىغىنى يوق. بىز بۇ خىل خۇراپاتلىققا جەڭ ئېلان قىلساق، تامامەن غەلىبە قىلالايدىغانلىقىمىز شۈبھىسىز. لېكىن بىزدە ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلغۇدەك ماغدۇر، جاسارەت ۋە تەدبىر بارمۇ - يوق؟ ئويلىنىپ باقايلى، ئاقىللار.

---

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى (M1)



# چىڭغىز ئايتماتوۋغا ئوچۇق خەت

-«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2000-يىل 6-سانىغا بېسىلغان «مەركىزىي ئاسىيالىقلار 21-ئەسىردە ياشىيالامدۇق؟» ناملىق سۆھبەت خاتىرىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن

## ئوقۇرمەنلەردىن خەت

يولداش چىڭغىز تۆرەقۇلوۋىچ:

ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى بۇ ئانا ماكانىدا ياشاۋاتقاندىن بۇيان «ماناس»، «ئوغۇزخان»، «ئالپامىش»، «گۆر ئوغلى»، «دەدە قورقۇت»، (قورقۇت ئاتا) تەك ئېپوس - داستانلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ تۇنۇگۇنى، بۈگۈنى ھەم كەلگۈسىنى باغلاپ كەلدى. پايانسىز قىپچاق داللىرى، ئارال ۋە كاسپى دېڭىز قىرغاقلىرى، سىر ۋە ئامۇ دەريا ۋادىلىرى، جۇڭغار ۋە پەرغانە ئويمانلىقلىرى، تەكلىماكان قىرغاقلىرى، ئالتاي ۋە تەڭرىتېغى ئېتەكلىرىدە ئوغۇزخان، چىنتۆمۈر باتۇر، گۆر ئوغلىنىڭ قەيسەر، باتۇر، ھەققانىي ئوبرازلىرى بىلەن، ئەركىنلىك، ھۆرلۈك، ئېتىقاد يولىدا شېھىت بولۇپ ئۆز مازارلىرى بىلەن ئانا تۇپراقنى قۇچاقلاپ ياتقان شىرىيۈرەك ئوغلانلارنىڭ مۇقەددەس، سىرلىق روھلىرى مۇشۇ زېمىندىكى خەلقلەرنىڭ كونىرى خوراۋاتقان روھىي ئېنېرگىيىسىنى تولۇقلاپ، ھاياتقا، كەلگۈسىگە سوۋۇۋاتقان قەلبىنى ئۆزلىرىگە بولغان سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن ئىللىتىپ كەلدى. ئۇلار قان-ياشلىق تارىختا ئادالەتسىز تەقدىرىدىن، ئېغىر كۈنلىرىدىن قۇتۇلۇشنى، يورۇق تاڭلارنىڭ ئېتىشىنى ئەنە شۇنداق باھادىرلارنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە باغلاپ، بەخت-سائادەتنىڭ ئەۋلىيا-ئەنبىيالارنىڭ دۇئاسىنىڭ بەرىكاتىدىن ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى مەزمۇن قىلغان روھىي مۇستەقىلسىزلىكنى ۋە چوقۇنۇش ئوبيېكتى بوپقالغان شەخسلەرنى ئۆز تەقدىرىگە ھامىي قىلىۋالغان ئېتىقاد مۇشرىكلىكىنى ئۆز دەردلىرىگە داۋا، سۇنغان روھىغا تەسەللىي قىلىپ كەلدى.

ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئۆز تارىخىدا ئۆزىنىڭ مىللىي قەھرىمانلىرى بىلەن باتۇرلۇشۇپ، ئۇلارنىڭ «ئەۋلىيالىق خىسلەت» - سۈپەتلىرى بىلەن ئۇلارغا ئەگىشىپ، ئۆز تەقدىرىنى ئۇل كۆرەش ساھىبلىرى

بىلەن شۇ دەرىجىدە چەمبەرچەس باغلىنىدىكى، ئۇلارنىڭ ئەقلى ئاۋامنىڭ ئەقلى، خاتالىقى ئاۋامنىڭ خاتالىقى، ھالاكىتى بولسا پۈتكۈل مىللەتنىڭ ھالاكىتى بولدى. ئۇلارنىڭ كاللىسى مۇيتوگىزىدا چېپىلغان كۈنى، پۈتكۈل خەلقنىڭ ئۈمىد-ئارمانلىرى، روھىي تۈۋرۈكلىرى غۇلىغان كۈن بولدى. ئېنىقكى، روھىغا قۇل مىجەزلىك سىڭىپ كەتكەن بۇ خەلق، باتۇرلۇق، ھەقىقەت، ئۇلۇغلۇقنىڭ سىمۋولى بولغان قەھرىمانلارغا چوقۇنۇشنى بىلدىيۇ، باتۇرلۇق، ھەققانىيەتنىڭ ئۆزىگە ئىخلاس قىلىشنى بىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن «بىرنى چاناش ئارقىلىق مىڭىغا ئىبرەت» قىلىدىغان تراگېدىيىلىك ئاقىۋەت ئۇلارنىڭ ھەر قېتىملىق كۆرىشىگە رېژىسسورلۇق قىلىپ كەلدى. دېمەك، ھەقىقەتنىڭ مۇستەقىللىق، ئۇلۇغلۇقتىن ئىبارەت ئەقىدىلىرى ئەسلى ئادەملەرنىڭ ئۆزىدە، كۆرەشلىرىدە، ياشاۋاتقان زېمىنىدا بولسىمۇ، ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارغا نىسبەتەن ئاسماندىن ياكى بىرەر مۆجىزىكار شەخسنىڭ دۇنياغا كېلىشىدىن ۋەياكى ئۆزگىلەرنىڭ مەرھەمىتىدىن كېلىدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. ۋىكتور ھيوگو شەخسكە چوقۇنۇش بىلەن ئۆز-ئۆزىگە ئىشىنىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى «بىرسى يەنە بىرسىنى ھالاك قىلىدۇ» دېگىنىدەك، خەلقلەرنىڭ مەلۇم شەخسكە، غايىۋى ئوبرازلارغا چوقۇنۇشى (ماھىيەتتە شۇلاردىكى سۈپەتلەرنى ئۇلۇغلاپ، ئۆزلىرىدىن يەتكىلى بولمايدىغان نەرسىدەك يىراقلىتىۋېتىشى) ئاخىرقى ھېسابتا مىللەتتە، كونكرېتلاشتۇرغاندا مىللەت تەركىبىدىكى ھەر بىر شەخستە ئۆز-ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ تۇيغۇسىنى، رېئاللىقتىكى ئۇچرىغان مەسىلىلەرگە بولغان مەسئۇلىيەت ئېڭىنى ئۆلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئۆزىگە كەلگەن بالايى-ئاپەت، دىشۋارچىلىقلارنى بىر بولسا كەلگىنىدى «سەئىدزادە» — سوپى-ئىشان «پىر» لار ۋە «سەللە يوغان ئىمان يوق» ساختا ئۆلىمالارنىڭ ئەقىدەتۇل ئىسلامدا قەتئىي دەلىلى بولمىغان «قازايۇ قەدىر تەقدىردىن» دېگەندەك دۇنيا قاراش جەھەتتىكى پاسسىپ چۈشەندۈرۈشلىرىگە يۈكلەپ قويىدىغان ، سەل كۆزى ئېچىلغانلار بولسا ئومۇمەن تاشقى سەۋەبلەردىن ئىزدەيدىغان تەپەككۇر نامراتلىقىدىن ئۆتۈپ كېتەلمىدى.

«8-ئەسىر ئاسىيا تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ ئىمپېرىيە» لەرنىڭ بىرى بولغان ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھالاك بولۇش سەۋەبىنى تەبىئىي ئاپەتلەر، تاشقى دۈشمەنىنىڭ ھۇجۇمى دېگەندەك بىر قاتار سەۋەبلەردىن دەپ قاراپ، خانلىقتىكى ئەنئەنىدىن — ئەسلى ئېتىقادتىن ياتلاشقان «روھىي — پسىخىكىلىق جەھەتتىكى زور ئۆزگىرىشلەر سەۋەبىدىن» لىكىدىن كۆرمىدۇق.

ئۆتكەن ئەسىرلەردىكى خەلقىمىز بېشىدىن كەچۈرگەن جاھالەتلىك يىللارنى جۇڭغارلارنىڭ تاجاۋۇزى، مانجۇلارنىڭ زۇلۇم — زومبۇلۇقلىرى ۋە خوجا-ئىشانلارنىڭ ساتقىن — مۇناپىقلىقىدىن ئىزدەشتۇقكى، شۇ دەۋر خەلقلىرىمىزدىكى ئۆز ئېتىقاد-ئەقىدىسىگە بولغان ساۋاتسىزلىقىدىن-ئۆزلىرىنىڭ دىنىنى، ئىخلاسىنى دەپسەندە قىلغان جاھالەت پىرلىرى — سوپىزم ھامىيلىرىنىڭ تەركىدۇنيالىق تەشەببۇسلىرىغا نادانلارچە ئەسىر بولۇپ، ئۇلارنىڭ زىكرى-سامالىرى بىلەن ئۆز ئىبادەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تۈپلۈك زىتلىقنى بايقىۋالالمىغان ئەقلىي كورلۇقىدىن، ئۆزىدىكى مىللىي غورۇر ۋە مىللىي ئۇيۇشۇش كۈچىنى يوقىتىپ قويغانلىقىدىن ئىزدەشمىدۇق.

20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تەقدىرىمىزدە يۈز بەرگەن تراگېدىك كومېدىيىلەرنى ھىيلىگەر ياڭ زېڭشىن، جاللات شېڭ شىسەي ۋە ستالىنىنىڭ «تەقدىرىمىزنىڭ ئارغامچىسىنى قولىغا ئېلىۋالغانلىقىدىن» دەپ قۇتۇلدۇقكى، ئەنە شۇ جاللاتلارنىڭ كەتمىنىنى بىلىپ-بىلمەي چاپقانلىقىمىزدىن، ئەرك ئۈچۈن تۆكۈلگەن دەريا-دەريا قانلارنى مەنسەپ ئۈچۈن ساتقانلىقىمىزدىن كۆرمىدۇق.

يولداش ئايتماتوف، يۇقىرىقىدەك بىر قاتار تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىزدە ياشاش جەريانىدىكى كۆرەشلىرىمىزدە بىر مەغلۇبىيەتچى ئاتىلىپ قېلىشتىن، تەۋەككۇلچىلىك ھېسابىغا بىر بەختسىز بوپقېلىشتىن تەلۋىلەرچە قورقۇش پسىخىكىسى شەكىللەندى. ئۆزىمىزنىڭ ئىنسانىي قىممىتى، ياشاش مەقسىتى ئۇنتۇلدى، ماھىيەتتە ئۆزىمىز تەرىپىدىن بۇرمىلاندى.

بۇ خىل روھىي زەئىپلىكنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئۆز كەلگۈسى ۋە مۇستەھكەم ئېتىقادى ئۈچۈن يا ئۆلۈم، ياكۆرۈمدىن بىرىنى تاللىيالايدىغان كىشى قەلبىنى تىترەتكۈدەك غالىبلارچە كەسكىنلىكنى، مۇرەسسەچى قەلبلەرنى قەتئىيلىككە ئۈندەيدىغان ئاچچىق ئازابلارغا خۇشتارلىقنى ئارزۇ قىلىش تۈگۈل، چۈشىنىش غەرىزىمۇ بولمىدى.

يولداش چىڭغىز تۆرەقۇلۇۋىچ، ئەينى يىللاردا دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە بىباھا دۇردانىلەرنى قوشقان، ئات تۇياقلىرى بىلەن «تەڭرىنىڭ قامچىسى» سۈپىتىدە غەرب، شەرقنى تىترەتكەن قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ بۈگۈنكى ھالى — شان-شەرەپ، غالىبلىقنى بۈگۈنىدىن، بارىدىغان مەنزىلىدىن، كەلگۈسىدىن ئىزدەشنىڭ ۋە ئۇرۇنۇشنىڭ ئورنىغا ياشاپ ئۆتكەن تارىخىدىن، بىرچاغلاردىكى بوۋىسىدىن، ئۇزۇن ئەسىرلەرنىڭ قېلىن چاڭ-توزانلىرىغا كۆمۈلۈپ قالغان ئەجدادىنىڭ (ئۇلارغا زەررىچىمۇ نېسىپ بولمىغان) شانلىق ھاياتىدىن ئىزدەش بولدى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ جەڭگىۋار، نۇرلۇق سىمالىرىنى، ئۆلۈم ئالدىدىكى ئوتلۇق مىسرالىرىنى مۇراسىم زاللىرى، مېھمانخانا ئۆيلەرنىڭ تۆرىگە ئېسىپ قويۇپ، تاڭلىيىنى چاكىلدىتىپ ئولتۇرىدىغان بىچارىلىك بولدى، خالاس.

ئەپسۇس، يولداش ئايتماتوف، ئوتتۇرا ئاسىيالىقلىرىمىز دۇنيادا غەرەزسىز ئېھسانىنىڭ بولمايدىغانلىقى، «بىر بالاسى بولمىسا قۇيرۇق

ياغىنىڭ تاش ئۈستىدە تۇرمايدىغانلىقى» دەك تارىخىي پاكىتلارغا «غىق» كېكەرگەن ئەجدادلارنىڭ ئۇنتۇغاق ئەۋلادى بولۇپ تۇرۇۋلۇق بۇگۈنكى كۈندىمۇ ب د ت نىڭ غەمگۇزارلىقىغا، توختام، شەرتنامە، ئىتتىپاقلارنىڭ ئەمەلىي كۈچىگە ئىشىنىدىغان، تەقدىرنى بىر ـ ئىككى پرېزىدېنتنىڭ ئالدىن كۆرەرلىكىگە تاپشۇرۇدىغان «ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق» لۇق قىسمەتنى ئەجداد تەپەككۇرىدىكى يېڭى تەكرارلىق سۈپىتىدە قايتىلاۋاتىدۇ.

ئۆز تەقدىرىنى سىرتقى مۇھىت ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك نۇقتىسىدىن قىلىنغان ياردەملەر بىلەن باغلىۋېلىش شۈبھىسىزكى، ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنى ئۆزىگە بولغان ئىشەنچتىن، ئوخشىمىغان شارائىتتىكى روھىي ئۈستۈنلۈكلەردىن يىراقلاشتۇرىدۇ. قانداقلىكى شەكىلدىكى خەيرىخاھلىق بولسۇن قاششاق-نامرات كىشىنىڭ ئىقتىسادىي ئېھتىياجىنى ئۇيغىتىش تۇگۇل، غەپلەت ئۇيقۇسىنى سوزۇۋېتىدۇ. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز، دۇنيادا ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمى بېرىۋاتقان دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەر داۋاملىق بېرىۋاتىدۇ، ئېلىۋاتقان دۆلەتلەر ۋە بىچارە مىللەتلەر بولسا توختىماي ئېلىۋاتىدۇ.

نېتزىي مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر كورلارنىڭ ھاسا تايىقىنى تارتىۋېلىڭلار، شۇندىلا ئۇلارغا ساغلام پۇت كۆكلەپ چىقىدۇ». مانا بۇ ـ ئۇزۇن يىللار نامراتلىق، قاششاقلىق، قۇللۇقنىڭ دەردىنى يەتكىچە تارتقانلىقتىن روھىي قۇللۇققا گىرىپتار بولۇپ، ھايات سەپىرىدىن ئۈمىد ۋە پۇرسەتنى ئەمەس، جەبر-جاپانىلا كۆرۈۋاتقان مەھكۇم ـ تەمەخور ئەللەرنىڭ تۇتقۇسى ھاياتلىق پروگراممىسى.

دېمەك، ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارغا نىسبەتەن ئەڭ ئىشەنچلىك قۇتقۇزغۇچى ـ باشقا بىراۋ ئەمەس، دەل ئۆزى. دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇندىن ئاز كەم14 ئەسىر مۇقەددەم: «ئۆز-ئۆزىنى تونۇغان رەببىنى تونۇيدۇ» دېگەن. شۇنداقلا ئۇنىڭدىن تۆت ئەسىر كېيىن ياشىغان ئىبنى سىنامۇ ئۇنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ: «بارلىق بىلىشنىڭ مەركىزى ئۆز-ئۆزىنى ئىدارە قىلىش يەنى ئۆزىنى كامىل ئىنسان قىلىشتا» دەيدۇ. 15-ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن نەۋائىي ھەزرەتمۇ: «ئۆز ۋۇجۇدىڭنى تەپەككۇر ئەيلەگىل، ھەرنە ئىستەرسەن ئۆزۈڭدىن ئىستەگىل» دەپ ئۆز-ئۆزىنى چۈشىنىش، ئۆز قىممىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى تەكىتلەيدۇ.

بىزدە دۇنيا قاراشلىرىمىزنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىتنىڭ ھالقىلىق رول ئوينايدىغانلىقى ئېنىق. شۇڭلاشقىمىكىن بىزدە ئىجتىمائىي توپتىكى ھەر بىر شەخسنىڭ قىممىتى ۋە رولى مۇئەييەنلەشتۈرۈلمىدى. ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان بىر شەخسنىڭ ئەتراپقا، مۇھىتقا بولغان ئىجابىي تەسىرىنىڭ تەلىم-تەربىيىدىن كۆپ يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىش بىزگە نېسىپ بولمىدى. غەربلىكلەردەك «شەخسنىڭ قەدىر-قىممىتى، ئەقلىي يۈكسەكلىكى، كەسكىن ئەمەلىيەتچانلىقىنى ئۆز ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ مىزانى» ۋە ھايات پائالىيەتلىرىنىڭ يادروسى قىلىدىغان، ھەقىقىي رىقابەت ئېڭىغا ئىگە «مەن دېگەن مەن» دېيەلەيدىغان ئۈستۈن خاراكتېر خاسلىقى بىزنىڭ پسىخىكىمىزغا ئۆزلەشمىدى.

«مەركىزىي ئاسىيالىقلار21-ئەسىردە ياشىيالامدۇق؟»

بىز بۇ سوئالنى دۇنياۋى تەشكىلاتلاردىن، ھاكىمىيەت بېشىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك گېرازدانلاردىن، مەۋجۇد قانۇن-تۈزۈمدىن سوراشنىڭ ئورنىغا، يوتىسىدىن كېسىۋېلىنغان بىر پارچە گۆشنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئاسماندىكى «ھۇما قۇش» نى «گەھ-گەھ» دەپ چاقىرىۋاتقان ئومۇمىي ئوتتۇرا ئاسىيالىقلاردىن ـ مۇتەخەسسىس ـ ئالىمدىن، دېھقان ـ پادىچىغىچە، مەسچىت مۇنبەرلىرىدە تەبلىغ قىلىۋاتقان خاتىپلاردىن ئىشچى، ناۋايغىچە، پەيلاسوپلاردىن مىليونېرلارغىچە، قىسقىسى، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان ھەربىر ئوتتۇرا ئاسىيالىقتىن سورىشىمىز، ھەتتاكى خۇداغا قانداق ئۇسۇل بىلەن جان تەسلىم قىلىشنى بىلەلمەيۋاتقان سەكراتتىكى قېرى چالدىن تارتىپ ئانىنىڭ قۇچىقىدىن ئايرىلىپ ئەمدىلا تەمتىلەشنى ئۆگىنىۋاتقان گۆدەككىچە سورىشىمىز كېرەك. چۈنكى بىز سۆھبەتدىشىڭىز ئوسمانئاخۇن ئىبراھىموف ئېيتقاندەك، ئەجداد، ئېتىقاد، مەدەنىيەت، زېمىن ئورتاقلىقىغا ئىگە كىشىلەرمىز. يۇقىرىقى سوئالغا ئۇلارنىڭ ھەربىرىدىن: «ھەي... قانداق بوپكېتەركىن» دېگەندەك زەئىپ، قۇللارچە جاۋابنىڭ ئورنىغا: «بىز چوقۇم ياشىشىمىز كېرەك!» دەيدىغان مەردانە ـ مۇرەسسەسىز خىتابنى ئېلىشىمىز لازىم. مانا بۇ بىزنىڭ كەلگۈسى ئەسىرلەردىكى تەرەققىياتىمىز، ھاياتىمىزنىڭ ھەقىقىي كاپالىتى.

يولداش چىڭغىزتۆرە قۇلۇۋېچ، مەلۇم بىر ئېتىقاد، ئىدىيە ئورتاقلىقى بولمىسا، بىر رايوندىكى بىر خەلقنى ھايات ۋاستىلىرى بولغان ماددىي شەرتلەر ھېسابىغا تەقدىرداشلىق تۇيغۇسىغا كەلتۈرۈشنىڭ بەسىي مۈشكۈللۈكى ماڭا قارىغاندا سىزدەك دۇنياۋى شۆھرەتلىك يازغۇچىغا خۇددى كۈندەك روشەن ھەقىقەت. يەنە شۇنداقلا ئېتىقادنىڭ «زورلاپ ئېلىپ بېرىدىغان خوتۇن ئەمەس» لىكىمۇ سىزنىڭ بىلىش دائىرىڭىزدىن مۇستەسنا ئەمەس. ماركسىزمدىن ئىبارەت ئېتىقاد نەزەرىيىسى ئۆز زامانىسىدا ئەڭ چوڭ ئىمپېرىيە ـ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن بولسا، بىزنىڭ ۋەتەندىمۇ 56 مىللەتنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ بۈيۈك جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى رويابقا چىقاردى.

ئەپسۇسكى، يولداش ئايتماتوف، «دۇنيادىكى تۇنجى پرولېتارلار دۆلىتى» 74 ياشقا كىرگەندە پارچىلاندى. موسكۋادىن تاكى بېرلىن تېمىغىچە بولغان ماركسىزم لېنىنىزمى بەربات بولدى. پۈتكۈل دۇنيادىكى 1 مىليارد300 مىليون كوممۇنىزم جەڭچىسىنىڭ مۇقەددەس جايى ـ لوندون ھايگىت قەبرىستانلىقىدا پرولېتارىيات ئۆلىمىنىڭ ئاساسچىسى

يولداش «ماركسنىڭ قەبرىسىگە گۈل قويۇپ زىيارەت قىلىدىغانلاردىن پەقەت ماركسنىڭ ئەۋرىسى ئانتونىي ماركسلا قالدى». ماركسىزم پەقەت ۋە پەقەتلا بىزنىڭ ۋەتەندىلا ئۆزىنىڭ ساپلىقى، پاك-غۇبارسىزلىقى بىلەن ئىشچى-دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىپ، پۈتكۈل دۇنياغا ماركسىزمدا ئىزچىل ھالدا چىڭ تۇرالايدىغان دۆلەت ھەم مىللەتلەرنىڭمۇ بارلىقىنى نامايىش قىلىپ، ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ.

يولداش ئايتماتوف، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۇنىۋېرسال بىرلىكى ئۈچۈن تۈزىلىۋاتقان توختام، شەرتنامە، ئىتتىپاقلارنىڭ ئەمەلىي كۈچىنىڭ بولماسلىقى، رايونلار ئارا ھەمكارلىقنى تار مەنىدىكى خۇسۇسىي مەنپەئەتپەرەس ھاكىمىيەتنىڭ چەكلەپ قويۇۋاتقانلىقى، كۆز ئالدىمىزدىكى ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ شىددەت بىلەن بۇزۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقى — بۇ رايون خەلقلىرىنىڭ ماركسىزمدىن كېيىنكى ئېتىقاد، ئىدىيىسىدىكى تەۋرىنىشنىڭ يەنى ئېتىقاد كرىزىسىنىڭ ئېغىرلىقىنىڭ روشەن ئىنكاسى.

خوش، بۇ رايون كىشىلىرىنى قېنى قايسى مۇقەددەس ئىدىيە شەرتسىز ئورتاقلاشتۇرالايدۇ؟ ھەر خىل مەنپەئەت توقۇنۇشلىرىدىن ھالقىغان ھەقىقىي ئىتتىپاقلىق ۋە قېرىنداشلىق تۇيغۇسىنى كىم يەتكۈزەلەيدۇ؟

يولداش ئايتماتوف، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدا سىز «قىيامەت» رومانىڭىزنى ئېلان قىلىپ، «ئالىمىي تەپەككۇر» ىڭىز بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرىنى يېشىپ، ئەدەبىيات سېپىدە غۇلغۇلا قوزغاپ دۇنيانى تەۋرەتتىڭىز. بولۇپمۇ رومانىڭىزدىكى «خرىستىئان مۇخلىسى ئابدىيىنىڭ باغرى تاش كىشىلەرگە دەھشەتلىك قىرغىننى توختىتىش تەلىپىنى قويغانلىقى ۋە شۇ كىشىلەر تەرىپىدىن كرېست شەكلىدىكى دەرەخكە ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى »نى تەسۋىرلەپ، ئاز كەم ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرى ئىنسانلارنىڭ ۋەھشىيلىكىدىن كرېستقا مىخلاپ ئۆلتۈرۈلگەن ئېيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن تەقدىرداش «ھازىرقى زاماندىكى ئېيسا ئوبرازىنى يارىتىپ، مېھرىبانلىقنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇشىدىكى بىردىنبىر چىقىش يولى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى» ڭىز ۋە «ئادەملەرنىڭ ئەزەلدىن قېلىپلاشتۇرغان دۇنيا ھەققىدىكى ئوي-پىكرىگە قارشى تۇرۇپ، دۆلەت، مىللەت، سىنىپ، سىياسەت، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتتىن ھالقىپ، ھەممە ئالىمىي كەڭلىكتىن دۇنياغا يېڭىۋاشتىن باھا بېرىش» نى تەشەببۇس قىلدىڭىز.

يولداش ئايتماتوف، ئېسىڭىزدىمىكىن، 16-ئەسىردىن تارتىپ 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر رۇسلار قازان، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا «رۇسلاشتۇرۇش» ، «خرىستىئانلاشتۇرۇش» تەك ئاسسىمىلاتسىيە سىياسىتى يۈرگۈزدى ۋە بۇ جەرياندا «مۇسۇلمانلارنى ئۆزجەمئىيىتىگە قوشۇۋېلىش» ئۈچۈن «مەسچىت ۋە مەدرىسلەرنى تاقاپ، ۋەخپىلەرنى بىكار قىلىپ، چېركاۋلارنى كۆپلەپ بىنا قىلدى». ئۇلار بۇ زېمىندىكى خەلقلەرنى «يا خرىستىئان دىنىغا بەيئەت قىلىشقا ياكى ئۆز ئىمتىيازلىرىدىن ۋاز كېچىشكە زورلىدى. خرىستىئان دىنىغا كىرمىگەن خەلقنى ئۆز يۇرتلىرىدىن مەجبۇرىي ھەيدەپ چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ مۇنبەت تېرىلغۇ يەرلىرىنى رۇس كۆچمەنلىرىگە بۆلۈپ بەردى»[1] يەرلىك خەلق رۇسلارنىڭ بۇ خىل ئاسسىمىلاتسىيە سىياسەتلىرىگە قارشى ئەسىرلەر بويى قانلىق كۆرەشلەرنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. نەچچە يۈز مىڭ خەلق ئۆز ئېتىقادىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قان-ياشلىق كەچۈرمىشلەرنى باشتىن كەچۈردى.

يولداش ئايتماتوف، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر داۋاملاشقان بۇ ئېچىنىشلىق تارىخ بۈگۈنىنىڭ ئەينىكى بولالارمۇ؟ ياكى ئۆز راۋاجىنى ئىزدەرمۇ؟ سىزنىڭ «ئالىمىي تەپەككۇر» ىڭىزغا ئىلھام بەخش ئەتكەن ھادىسىلەردە ھەزرىتى ئېيسانىڭ «ئىنجىل» دىكى : «دۈشمەنلىرىڭلارنى سۆيۈڭلار، بەختسىزلەرگە بەخت تىلەڭلار6 : 28» ، «سىلەرگە دۈشمەنلىك قىلغانلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار6 : 29» ، «بىرسى سىلەرنىڭ ئوڭ مەڭزىڭلارغا ئۇرغان بولسا، سول مەڭزىڭلارنىمۇ ئۇر، دەپ تۇتۇپ بېرىڭلار. بىرسى سىلەرنىڭ چاپىنىڭلارنى ئەپكەتسە، كۆڭلىكىڭلارنىمۇ يېشىپ بېرىڭلار6 : 30» دېگەندەك ئالىي ئىنسانپەرۋەرلىك ئالغا سۈرۈلگەن. بۇ تەلىماتلارغا نىسبەتەن بۈگۈنكى خرىستىئانلار : «بۇ پرىنسىپلار ئۆلچەملىك پرىنسىپلار بولسىمۇ، بىراق بۇ بىز ياشاۋاتقان يەرشارىدىكى ئاھالىلەرنى يېتەكلەشكە ماس كەلمەيدۇ. بىز بۇ پرىنسىپلارنى ئىجرا قىلالمايمىز، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئىجرا قىلىشىنىمۇ ئۈمىد قىلمايمىز، ئەۋلادلىرىمىزنىمۇ ئۇنى ئىجرا قىلىشقا ئۈندىمەيمىز» دەپ قارايدۇ. مانا بۇ «ئىنجىل» تۇتۇپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالىدىغان پرېزىدېنتتىن تارتىپ ئۆز گۇناھسىزلىقىنى «ئىنجىل» تۇتۇپ ئىسپاتلايدىغان جىنايەتچىگە قەدەر بولغان خرىستىئان دۇنياسىنىڭ مۇھەببەت - نەپرەت قىممىتىنى يوقاتقان بەزى «ئىنجىل» سۈرىلىرىگە بەرگەن رېئال باھاسى.

يولداش ئايتماتوف، سوتسىئولوگىيە (جەمئىيەتشۇناسلىق) ۋە سېلىشتۇرما مەزمۇن قىلىنغان ئىلىملەر، شۇنداقلا دۇنيا ئىدېئولوگىيە تارىخىدىكى سەھىپىلەردىن بىر مىللەت ئۆز تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا ئىدېئولوگىيىدىن ئىبارەت بۇ ئۇستىقۇرۇلمىنىڭ تەسىرىدىن مۇستەسنا بولالمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. بولۇپمۇ سەنئەت ۋە باشقا يېڭىلىق ۋە قانداقتۇر بىر ئىزنىلار ھېسابىغا بىر مىللەت ئىدېئولوگىيىسىگە يېڭىلىك قىلىشنىڭ ھەقىقەتەن خەتەرلىك ئەھۋاللىقنى ھەربىر ئەقلى روشەن، تەپەككۇرى تازا يازغۇچىلىرىمىزنىڭ سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

[1] گاۋىن ھامبلى: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنىڭ ئوچېركى» شاڭۋۇ (سودا) نەشرىياتى1994-يىل بېيجىڭ نەشرى.

يولداش ئايتماتوف، نېمە ئۈچۈن بۇددا دىنى ياپونىيە، جۇڭگو ۋە چاۋشيەندە ئوخشاش بىردىن بولسىمۇ، ھالبۇكى، ئۈچ دۆلەتتىكى نەتىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئەينى دەۋرلەردە دۇنيا بويىچە ئەڭ تەرەققىي قىلغان ئەرەب ـ ئىسلام مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىپ، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئىمپېرىيىنى شەكىللەندۈرگەن ئىسلام دىنى يېقىنقى ئەسىرلەرگە كەلگەندە قۇمدەك چېچىلغان، ئىلىم ۋە مەدەنىيەتتە ھېسابسىز چېكىنگەن مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەبچى بوپقالىدۇ؟ مانى دىنى 8 ـ ئەسىر ئاسىيا تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ ئىمپېرىيىلەردىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇدرەت تېپىشىدا ھالقىلىق رول ئوينىغان بولسا، نېمە ئۈچۈن ياتلاشقان ئىدېئولوگىيە بۇ ئىمپېرىيىنىڭ ھالاكىتىدە مەركەزلىك رول ئويناپ قالىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن خرىستىئان دىنى مىلادى 2 ـ ئەسىردە رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا شەرت ـ شارائىت ھازىرلىغان بولسا، ئوتتۇرا ئەسىردە ياۋروپانى كېيىنكى بالاسىغا مۇپتىلا قىلىدۇ؟ ۋە يەنە 14 ـ، 15 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە پاكلاشتۇرۇلغان خرىستىئان دىنى ياۋروپا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويغىنىش دەۋرىگە ئاساس سالىدۇ؟ مانا بۇ بىر قاتار سوئاللار ۋە بۇ ھەقتىكى جاۋاب بايانلار بىر مىللەت، بىر رايون خەلقلىرىنىڭ تەلىم ـ تەربىيە ساھەسىدىكى مەشھۇر ئەربابلىرىنىڭ خەۋەردار بولۇشىغا تېگىشلىك بىلىملەردۇر.

يولداش ئايتماتوف، ئېنگېلس: «ئىقتىسادتىكى قالاق دۆلەت پەلسەپە جەھەتتە بىرىنچى ئىسكىرىپكىنى چېلىشى مۇمكىن» دېگەن. ھالبۇكى، بىزگە تارىختىن جۇغلانغان ئەقىللىي تەپەككۇرنىڭ غىجىكىنى تارتىشمۇ مۇمكىن بولماپتۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئىدېئولوگىيە تارىخىدا ئەڭ كۆپ يېڭىلاشلارنى باشتىن كەچۈرگەن مىللەتلەردۇر. يەھۇدىيلار بۇگۈنگە قەدەر 3200 يىل ئىلگىرىكى مۇسا پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ «تەۋرات» ىنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. خرىستىئان دۇنياسىمۇ ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرىكى مەنىۋى داھىيسى ئەيسانى ۋە مۇقەددەس كالامى «ئىنجىل» نى بازارغا سېلىۋاتىدۇ. بىز مىلادىدىن تارتىپ ھېسابلىغاندىمۇ شامان دىنى، زوروئاستىر (ئاتەشپەرەسلىك) دىنى، مانى ۋە بۇددا دىنى، خرىستىئان دىنى، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئۈزلۈكسىز ئېتىقاد يېڭىلاپ بۈگۈنگە يېتىپ كەلدۇق.

يۇقىرىقى سېلىشتۇرمىلاردىن بىز خرىستىئان ئەللىرىنىڭ ئېتىقادتىكى ئىزچىللىقى بىلەن بىزنىڭ ئېتىقادتىكى كۆپ تەرەپلىمىلىكىمىزنىڭ غەرب ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۈگۈنكى دۇنياۋى ئىمتىيازىنىڭ شەكىللىنىشىدە مەلۇم تەرەپلەردىن رول ئوينىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي ئامالىمىز يوق.

ئۇنداقتا «مەركىزىي ئاسىيانىڭ بىرلىكى ھەققىدىكى ئىدىيە» قەيەردە؟ بىز ئۇنى نەدىن تاپىمىز؟

ئەلۋەتتە، بۇ ئىدىيىنى ياۋروپادىن، ئامېرىكا قىتئەسىدىن ياكى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدە كۇنسېرى كۆپىيىۋاتقان چېركاۋ مۇنارلىرىدىن ئىزدەش مەنتىقىسىزلىق. چوقۇمكى، ئۇ ئىدىيە مۇشۇ زېمىندا. بىزنىڭ يېزا ـ قىشلاقلىرىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق يىللار داۋامىدا شەكىللەندۈرگەن تەپەككۇر قۇرۇلمىسىدا. ئۇ قانداق شەكىل، قانداق پاسىپ ئورۇندا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىزدىكى ساقلىنىپ قالغان بىردىنبىر ئەڭ ئاخىرقى ئورتاقلىق. گەپ بىزنىڭ شۇنى تېپىشىمىزدا.

كامالىي ئېھتىرام بىلەن:

قۇمۇل شەھەرئىچى يېزاجىگدە قۇدۇق كەنتىدىكى دېھقان **ئابدۇرېھىم ئابلەت**(M1)

## «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى مۇھەررىرلىرىنىڭ تەھرىرلىك مەسئۇلىيەت نومۇرى



**باش مۇھەررىر قۇربان‌ماموت**(M1)



**مۇئاۋىن باش مۇھەررىر رىسالەت مۇھەممەت**(M2)



# ئېلان ۋە ساغلاملىق

ئابدۇغوپۇر مۇھەممەدى

ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە يۇقىرى ئورۇن تۇتىدىغان ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ سەلتەنىتى ھازىرغىچە دەۋران سۈرۈپ داۋاملاشماقتا. . .

بىز ئۇيغۇرلار تاماقلىرىمىزنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتىگە، تەنگە بولغان مەنپەئىتىگە كۆڭۈل بۆلىمىز. كىچىكىمىزدىن ئاتا-ئانىمىزنىڭ «ئۇ سوغۇق كېلىدۇ، ئاچ قورساق ئاپتاپتا ئوينىما، ئىسسىق ئۆتۈپ قالىدۇ» دېيىشلىرى، سوغ ئۆتمەسلىك ئۈچۈن ھايۋان يېغىدا ياغلاپ قويۇشلىرى، بىرەر يېرىمىزنى قايرىۋالساق تۇخۇمدا شاقىداپ قويۇشلىرى. . . دىن ھەربىر ئائىلىدىن ئاز بولسىمۇ تېۋىپلىق ھىدىنى پۇرىغىلى بولاتتى.

بىزنىڭ يېتۈك مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئىزلىرى تۇرمۇشىمىزدا ھېلىھەم ئاز-تولا بولسىمۇ چېلىقىپ تۇرۇپتۇ. قايسى كۆكتاتنىڭ نېمىگە شىپا بولىدىغانلىقى، قايسى مېۋىگە، ئوزۇقلۇققا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىمىزنى ئوبدان دەڭسىيەلمىگۇدەك ئەھۋالدا ئەمەسمىز. چۈنكى پاكىزلىق - پاكلىق ئەنئەنىسىنىڭ بىزگە بەخش

## ساغلام تەندە ساپ ئەقىل

ئەتكەن بۈيۈك سوۋغىلىرى ئاز ئەمەس. ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ھەر ئىبادەتتىن بۇرۇن تولۇق، پاكىز تاھارەت ئېلىشى، ئىبادەت ۋاقتىدىكى پىكىرنىڭ مەركەزلىشىشى، بەدەننىڭ، بوغۇملارنىڭ دەۋرىيلىك ھەرىكىتىنىڭ تەنگە بولغان مەنپەئىتى پەندىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، يىلدا بىرەر ئاي ئاچ قويۇپ داۋالاش ئۇسۇللىرى رۇسىيە قاتارلىق تەرەققىي قىلغان ئەللەردە «بەدەننى تازىلاش، ئاشقازاننى ئارام ئالدۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسى» دەپ تەرغىپلىنىۋاتماقتا. قېنى، شۇ چاغلاردا گىمروي، راك ھەتتا ئەيدىز كېسەللىرى قانچىلىك بار بولغىيتتى!؟ زاماننىڭ تەرەققىياتى بىزگە زور ئۆزگىرىشلەرنى ئەپكەلدى، شۇنىڭغا ئەگىشىپ بەزى يارقىن مىللىي ئەنئەنىلىرىمىزمۇ يىگىلەشكە باشلىدى. . . ئىلگىرى قىشلاقلاردا كەڭرى داللارغا باغرىنى يېقىپ، كەڭرى تەبىئەتنىڭ يۈرىكىدە تۇرۇپ ساپ ھاۋادىن قېنىپ نەپەسلىنىدىغان كىشىلەر، كۈندە يوقلۇشۇپ ھال-مۇڭ بولىشىدىغان قوشنىلار ھازىر تېلېۋىزوردىكى تۈرلۈك فىلىم، ئېلان-تەشۋىقاتلارغا تاڭ قالماقتا. . . ئۇنىڭدا «ساپ ئاشلىقتىن ئىشلەنگەن» مېڭىنى تورمۇزلاش دورىسى - ھاراق، ئىشەك تېرىسى، سۆڭىكى. . . ئەيتاۋۇر يەنە ئاللىقانداق نېمىلەردىن ياسالغان «بىر چالمىدا ئىككى، ھەتتا ئۈچ، تۆت

پاختەك سوقىدىغان» ، نوبېل مۇكاپاتى باھالاش ھەيئىتى بىلەلمەي قالغان «كاتتا دورىلار» ، ساق ئادەملەرنىمۇ ۋەھىمىگە سېلىپ، ئۆزىنى «قۇتقۇزغۇچى» كۆرسىتىۋاتقان دوختۇرخانىلار، بەدىئىيلىكى چېكىنىپ بەدۆيىلىكى چېكىدىن ئاشقان فىلىملەر. . . بىزنىڭ پاكلىق - پاكىزلىق ئەنئەنىلىرىمىزنى ئاللىقانداق قورقۇنچلۇق قايناملارغا سۆرىمەكتە. ئۆزى ساغلام بولمىغان بۇنداق ئېلانلار باشقىلارنى قانداقمۇ ساغلام قىلالىسۇن! ؟

تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەن بىر دوستۇمدىن ئاڭلىشىمچە، «دورا» سۆزىنىڭ گرېكچە مەنىسى «زەھەر» ئىكەن، بۇنىڭغۇ قەدىمكى گەپ دەپ تۇرايلى، ئەقەللىيسى غەرب تېبابەت دورىلىرىنىڭ بەدىنىمىزدىكى مەلۇم ئورگانىزمنى تېز ساقايتقان تەقدىردىمۇ باشقا بىر ئورگانىزمغا ئەكس تەسىرى بارلىقىنى ھەممىمىز ئوبدان بىلىمىز. نۇرغۇن ئىشلار سودا شەكلىنى ئېلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە دوختۇرلارنىڭ بەزى دورىلارنى يېزىشى شۇ دورىنى ئىشلىگەن شىركەتنىڭ پارچە سېتىش مۇكاپات سوممىسىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقىدىن ئايرىلالمىسا كېرەك! بۇ ھالدا ئۇ دورىلار يەنە قانچىلىك مەنپەئەت قىلار؟ !

ئۇيغۇر تېبابىتىمىز دورىلىرى ئاستا تەسىر قىلىسىمۇ، ئەكس تەسىرى بولمايدۇ. ئالدى بىلەن پۈتۈن بەدەننىڭ مۇۋازىنىتىنى تەڭشەشنى، داۋانى ئىلاجى بار ئوزۇقلۇقتىن - كۆكتات، مېۋە-چېۋە، پاكىز - ھالال ھايۋانلاردىن ئىزدەشنى تەۋسىيە قىلىدۇ، بۇ، نېمىدېگەن ئاقىلانە، ئەرزان، بىخەتەر، تەبىئىي ئىشەنچلىك يول! ئەجەبا ھېلىقى دورىلارنىڭ يېرىم پۇلىغا كېلىدىغان سۈت، تۇخۇم، ھەسسىلەر ئۇلار تولۇقلىغان كالتىسىي بىلەن قانىنى تولۇقلىيالامسىمۇ؟ !

تېلېۋىزور خەۋەرلىرىدىن ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى بەزى كىشىلەرنىڭ سانائەتكە ئىشلىتىلىدىغان زەھەرلىك مىنېرال مايدا پىچىنە - پىرەنىكلەرنى ياساپ ساتقانلىقىنى ۋە يەنە بەزى ساختا تاۋارلارنىڭ ئېنىقلانغانلىقىنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمىز، ھۆكۈمەتمۇ ئۇلارغا زەربە بېرىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بىزمۇ ھەم ئوزۇقلۇققا دىققەت قىلىشىمىز زۆرۈر. چۈنكى سالامەتلىكىمىزنىڭ ياخشى بولۇشى مۇھىت ئامىلىغا 30% مۇناسىۋەتلىك بولسا، ئوزۇقلۇققا 50% مۇناسىۋەتلىك، يەنى ئوزۇقلۇق بىزنىڭ سالامەتلىكىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل.

ساغلاملىق ئۇقۇمى نوقۇل ھالدىكى تەن ساغلاملىقىنىلا ئەمەس روھىي ساغلاملىق (ئەقىل، ئىرادە، ماسلىشىش ئىقتىدارى، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا بولغان ئىشەنچ) قاتارلىقلارنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

ئاتىلىرىمىز ئېيتقاندەك «ساغلام تەندە ساپ ئەقىل» .

دېمەك، مېڭىمىزنىڭ ساز بولۇشى ياخشى ئوزۇقلۇق ھەم ياخشى ئوزۇقلىنىش ئادىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك . شۇڭا مېۋە-چېۋە، كۆكتات، يەل-يېمىش ۋە باشقا تەبىئىي يېمەكلىكلىرىمىزگە يېپىشايلى، ساپ، ھالال، تەبىئىي نەرسىلەرنى چۈشىنەيلى، ئىستېمال قىلايلى.

---

ئاپتور: قەشقەر شەھىرى 4. ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى (M2)


بۇ سان 2001 - يىل 10 - مارتتا تىزىشقا يوللاندى،

30 - مايدا باسمىدىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت (M1)،

رىسالەت مۇھەممەت (M2)، بېكىتكۈچى: قۇربان مامۇت

كۇچادا ئۆتكەن مەشھۇر نەققاش، رەسسام،
مەدەنىيەت ئەربابى پازىل سالى (1914 - 1987)

رەسسام: تۇرسۇن پازىل




《新疆文化》 (维吾尔文)
综合性文学双月刊

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2001 - يىل 3 - سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

主办：新疆维吾尔自治区文化厅
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008－6498
国内统一刊号：CN65－1073/G2
发行范围：国内外发行
地址：乌鲁木齐市团结路 72 号
邮编：830001　电话：2856942
印刷：《新疆日报》印刷厂
发行：乌鲁木齐市邮局
订阅：全国各地邮局

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن چىقىرىلدى
«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى
خەلقئارالىق نومۇرى:ISSN1008－6498
مەملىكەتلىك نومۇرى:CN65－1073/G2
مەملىكەت ئىچى ۋە چەتئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 72 - قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون:2856942
«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

邮发代号：58－22　定价：5元

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 - 58　باھاسى: 5 يۈەن



تارىم ناخشىسى (ماي بوياق رەسىم) رەسسام: تاشپولات قاسىم